رىسالەئى نۇر كۇللىياتىدىن

# مۇئجىزاتى ئەھمەدىيە (ئە . س . ۋ)




مۇئەللىفى:

بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى


مۇئجىزاتى ئەھمەدىيە (ئە . س . ۋ)

سەئىد نۇرسى

## تەپەككۇرىڭىزغا بىر قانچە سوئال:

مۆجىزە دېگەن نېمە؟

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام)نىڭ مىڭلارچە مۆجىزىلىرى بار ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ (ئە . س . ۋ) بىر بارمىقىنىڭ ئىشارىتى بىلەن، ئاينىڭ يېرىلغانلىقىنى ئەقلىمىزگە قانداق سىغدۇرىمىز؟

نېمە ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنى (ئە . س . ۋ) ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۈستۈن زات دەيمىز؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ (ئە . س . ۋ) پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىدىن نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرېسى
www.uyghurkitap.com

# رسالەئى نۇر توپلىمىدىن

## ئون توققۇزىنچى مەكتۇب
## مۆجىزاتى ئەھمەدىيە (ئە.س.ۋ) رسالىسى

## مۇھەممەد(سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم) ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

مۇئەللىفى :

بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى

هێکمەت تەرجمە گۆرۆپپسی

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون توققۇزىنچى مەكتۇپ

## مۇھەممەد(سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم) ئەلەيھىسسالامنىڭ

## مۆجىزىلىرى

بۇ رىسالە ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مۆجىزىنى بايان قىلىدۇ. **مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ** مۆجىزىلىرىنى بايان قىلغىنىدەك، ئۆزىمۇ ئۇ مۆجىزىنىڭ بىر كارامىتىدۇر . ئۈچ- تۆت جەھەتتىن ھەيران قالارلىقتۇر.

**بىرىنچىسى:** نەقىل ۋە رىۋايەت بولۇشى بىلەن بىرگە، يۈز بەتتىن ئوشۇق بولسىمۇ، كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىنماستىن، يادقا ھالدا تاغ ۋە باغلارنىڭ خىلۋەتلىرىدە ھەر كۈندە ئىككى- ئۈچ سائەت مەشغۇل بولۇپ، ئۈچ- تۆت كۈن ئىچىدە ھەممىسىنىڭ ئون ئىككى سائەتتە يېزىلىپ تاماملىنىشى ھەيران قالارلىق ئەھۋالدۇر.

**ئىككىنچىسى:** بۇ رىسالە ئۇزۇن بولۇشى بىلەن بىرگە نە يېزىلىشى زېرىكتۈرمەيدۇ ۋە نە ئوقۇلۇشى زوقنى يوقاتمايدۇ. ھۇرۇن بولغان قەلەم ئىگىلىرىنى شۇنداق شەۋق (قىزغىنلىق) ۋە غەيرەتكە كەلتۈردىكى، بۇ سىقىلىش ۋە زىرىكىشلىك ھېس قىلدۇرىدىغان زاماندا، بۇ يەرلەردە بىر يىلدا يەتمىش پارچىگە يېقىن نۇسخىلارنىڭ يېزىلىشى، خەۋەردار بولغانلارغا پەيغەمبەرلىك مۆجىزىسىنىڭ بىر كارامىتى ئىكەنلىكى بويىچە قەتئىي قانائەت بەردى.

**ئۈچىنچىسى:** يېگىياچى ۋە تەۋافۇق(دەل كېلىش) تىن ھېچ خەۋىرى بولمىغان بىرىنىڭ، ھەمدە بىزگىمۇ تەۋافۇق كۆرۈنۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن باشقا سەككىز نەپەر كۆچۈرۈپ كۆپەيتكۈچىنىڭ بىر- بىرىنىڭكىنى كۆرمەستىن يازغان نۇسخىلىرىدا **«رەسۇلى ئەكرەم (ئە. س. ۋ)»** كەلىمىسىنىڭ رىسالىنىڭ ھەممە يېرىدە ۋە «قۇرئان» كەلىمىسىنىڭ بولسا بەشىنچى پارچىسىدا شۇنداق بىر تەۋافۇق كەلگەنلىكى كۆرۈندىكى، زەررە قەدەر ئىنسابى بولغانلار بۇنى تاسادىبىيلىقتىن كۆرەلمەيدۇ. كىم كۆرسە بۇنىڭ بىر غەيبىي سىر ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىر كارامىتى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۇ رىسالىنىڭ بېشىدىكى ئاساسلار ناھايىتى مۇھىمدۇر. ھەمدە رىسالىدىكى ھەدىسلەر ئاساسەن پۈتۈن ھەدىسشۇناس ئىماملارنىڭ قارىشى بويىچە مەقبۇل ۋە سەھىھ بولۇش بىلەن بىللە،ئەڭ قەتئىي بولغان پەيغەمبەرلىك ھادىسىلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ رىسالىنىڭ تەرىپىنى سۆزلەش توغرا كەلسە، يەنە بۇ رىسالىچىلىك بىر ئەسەر يېزىش لازىم كېلىدىغانلىقتىن، ئارزۇ قىلغانلارغا بۇ رىسالىنى بىر ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

سەئىد نۇرسى

www.uyghurkitap.com

## مۇئجىزاتى ئەھمەدىيە*(ئە. س. ۋ)

بِاسْمِهِ سُبْحَانَهُ ﴿وَاِنْ مِنْ شَيْءٍ اِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ﴾

﴿هُوَ الَّذِى اَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَ هُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَ كَفَى بِاللّهِ شَهِيدًا ❀ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّهِ ... ئاخىرىغىچە﴾ (فەتىھ: 28- 29)

(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئائىت بولغان «ئون توققۇزىنچى سۆز»، « ئوتتۇز بىرىنچى سۆز »لەر ئۇ زاتنىڭ (ئە.س.ۋ) پەيغەمبەرلىكىنى قەتئىي دەلىللەر بىلەن ئىسپات قىلغانلىقتىن، ئىسپات جەھەتتىنى ئۇ رىسالىلەرگە ھاۋالە قىلىپ، پەقەت ئىلاۋە قىلغان ئاساستا« **ئون توققۇز نۇكتەلىك ** ئىشارەت** » بىلەن ئۇ بۈيۈك ھەقىقەتلەرنىڭ بەزى نۇرلىرىنى كۆرسىتىمىز:)

**بىرىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت:**

**شۇ كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە ياراتقۇچىسى ئەلۋەتتە بىلىپ ئىش قىلىدۇ، ھىكمەت بىلەن تەسەررۇپ يۈرگۈزىدۇ، ھەر تەرەپنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىدارە قىلىدۇ، ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ تەربىيە قىلىدۇ، ھەر نەرسىدە كۆرۈلۈۋاتقان ھىكمەتلەرنى، غايىلەرنى، پايدىلارنى ئىرادە قىلغان ئاساستا باشقۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ.** قىلغان (قىلغۇچى) بىلگەنىكەن، ئەلۋەتتە بىلگەن سۆزلىشىدۇ. سۆزلەشكەنىكەن، ئەلۋەتتە ئەقىل ۋە پىكىر ئىگىسى بولغان، شۇنداقلا سۆزلىگىنىنى بىلگەنلەر بىلەن سۆزلىشىدۇ. پىكىر ئىگىلىرى بىلەن سۆزلەشكەنىكەن، ئەلۋەتتە ئەقىل ئىگىلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇجەسسەم ۋە شۇئۇرى (ئىدراكى) ئومۇمىي بولغان ئىنسانلار تائىپىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئىنسانلار تائىپىسى بىلەن سۆزلەشكەنىكەن، ئەلۋەتتە ئىنسان تائىپىسى ئىچىدىكى خىتاپ قىلىشقا ئەرزىيدىغان ۋە مۇكەممەل ئىنسان بولغانلار بىلەن سۆزلىشىدۇ. مادەم ئەڭ مۇكەممەل، ئىستىدادى (قابىلىيىتى) ئەڭ يۈكسەك، ئەخلاقى ئەڭ كامىل، ئىنسانىيەتكە رەھبەر بولالايدىغانلار بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئەلۋەتتە دوست ۋە

---

* مۇئجىزاتى ئەھمەدىيە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى؛ «ئەھمەد»، «رەسۇلى ئەكرەم» پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقا ئىسىملىرىدۇر. «ئە. س. ۋ» بولسا، «ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام» نىڭ قىسقارتما شەكلى.- ت

** نۇكتە: دىققەت بىلەن چۈشىنىلىدىغان ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنە.- ت

دۈشمەنننڭ ئورتاق ئىتىراپى بىلەن ئەڭ يۈكسەك ئىستىداد، ئەڭ ئالىي ئەخلاق ئىگىسى بولغان، ئىنسانىيەتنىڭ بەشتىن بىرى ئەگەشكەن،يەر شارىنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ مەنئۇى ھۆكۈمى ئاستىغا كىرگەن، كېلەچەك ئۇ كەلتۈرگەن نۇرنىڭ زىياسى بىلەن بىر مىڭ ئۈچيۈز يىل نۇرلانغان، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ نۇرانىي قىسمى ۋە ئەھلى ئىمان بولغانلار كۈندە بەش قېتىم داۋاملىق ئۇنىڭغا بەيئەتنى يېڭىلاپ، ئۇنىڭغا رەھمەت دۇئاسى بىلەن سائادەت تىلەپ، مەدھىيە ئوقۇپ مۇھەببەتلىرىنى بەرگەن زات بولغان **مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام** بىلەن سۆزلىشىدۇ ۋە سۆزلەشكەندۇر، رەسۇل قىلىدۇ ۋە قىلغاندۇر، **باشقا پۈتۈن ئىنسانلارغا رەھبەر قىلىدۇ ۋە قىلغاندۇر.**

**ئىككىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت:**

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام نۇبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) دەۋا قىلغان ۋە قۇرئانى ئەزىمۇششاندەك بىر پەرمانىنى كۆرسەتكەندۇر، ھەمدە تەھقىق ئەھلىنىڭ ئېتىراپى بىلەن مىڭدەك ئېنىق مۆجىزە كۆرسەتكەندۇر. ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ كۆرستىلگەنلىكى ئومۇمەن نۇبۇۋۋەت دەۋاسىنىڭ بولغانلىقىنىڭ ئېنىقلىقى دەرىجىسىدە قەتئىيدۇر . قۇرئانى ھەكىمنىڭ كۆپ يەرلىرىدە دېيىلگىنىدەك، بەكمۇ كىبىرلىك كاپىرلارنىڭ ئۇ مۆجىزىلەرنى «سېھىر» دەپ قاراشلىرى كۆرستىدۇكى، ئۇ ھاكاۋۇر كاپىرلارمۇ ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىشالمىغان . پەقەتلا ئۆزلىرىنى ئالداش ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن – ھاشا[*]!- سېھىر دېيىشكەندۇر.

شۇنداق، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ يۈز تەۋاتۇر** قۇۋۋىتىدە بىر قەتئىيلىكى باردۇر. **مۆجىزە دېگەنلىك بولسا،** كائىناتنىڭ خالىقى(ياراتقۇچىسى) تەرىپىدىن ئۇنىڭ دەۋاسىغا قىلىنغان بىر تەستىقتۇر، «سەدەقتە» (دېگىنىڭ توغرا) مەنىسىگە ئۆتىدۇ. مەسىلەن، سەن بىر پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە ۋە نەزەر دائىرىسىدە تۇرۇپ : «پادىشاھ مېنى مۇنداق ئىشقا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى» دېسەڭ، ئاندىن سەندىن ئۇ دەۋايىڭغا بىر دەلىل خالانغىنىدا، پادىشاھ « شۇنداق» دېسە سېنى تەستىق قىلغان بولغاندەك، ئادەت ۋە ۋەزىيىتىنى سېنىڭ ئىلتىماسىڭ بىلەن ئۆزگەرتسە، ئۇ ھالدا «شۇنداق» دېگەن سۆزدىن تېخىمۇ قەتئىي ۋە تېخىمۇ ساغلام ھالدا سېنىڭ ئۇ دەۋايىڭنى تەستىق قىلغان بولىدۇ . دەل شۇنىڭغا

- **ھاشا: ياق، قەتئىي ئۇنداق ئەمەس.**- ت

** تەۋاتۇر: مۇتەۋاتىر، يەنى يالغان بولىشى ھېچ مۇمكىن بولمىغان قۇۋۋەتلىك خەۋەر، - ت

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام دەۋا قىلغانكى: ***« مەن بۇ كائىناتنىڭ خالىقىنىڭ ئەلچىسىمەن. دەلىلىم شۇدۇركى، دائىملىق ئادىتىنى (قانۇنىيەتلىرىنى) مىنىڭ دۇئا ۋە ئىلتىماسىم بىلەن ئۆزگەرتىدۇ . مانا، بارماقلىرىمغا قاراڭلار، بەش جۈمەكلىك بىر بۇلاقتەك سۇ ئېقىتىۋاتىدۇ . ئايغا قاراڭلار، بىر بارمىقىمنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىككى پارچىغا بۆلۈنىۋاتىدۇ . بۇ دەرەخكە قاراڭلار، مېنى تەستىق ئۈچۈن يېنىمغا كېلىۋاتىدۇ، شاھادەت كەلتۈرىۋاتىدۇ . شۇ ئازغىنە تائامغا قاراڭلار، ئىككى- ئۈچ ئادەمگە ئاران يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، ئىككى- ئۈچيۈز ئادەمنى تويدۇرىۋاتىدۇ...»*** ۋە ھاكازا يۈزلەرچە مۆجىزىنى بۇ شەكىلدە كۆرسەتكەندۇر.

بىراق بۇ زاتنىڭ نۇبۇۋۋەت ۋە توغرىلىقىنىڭ دەلىللىرى پەقەتلا مۆجىزىلىرىگىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ . بەلكى دىققەت ئەھلى ئۈچۈن ئاساسەن پۈتۈن ھەرىكەتلىرى ۋە پېئىللىرى، ئەھۋال ۋە سۆزلىرى، ئەخلاق ۋە تەق- تۇرۇقلىرى، سۇرەت ۋە ھالەتلىرى ئومۇمەن ئۇنىڭ توغرا ۋە جىددىيلىكىنى ئىسپات قىلىدۇ. ھەتتا مەشھۇر بەنى ئىسرائىل ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدەك كۆپلىگەن زاتلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ پەقەتلا سىيماسىنى كۆرۈش بىلەن ، « بۇ سىيمادا يالغان يوق، بۇ يۈزدە ھىيلە بولمايدۇ! » دەپ ئىمان ئېيتىشقاندۇر.

گەرچە تەھقىق ئەھلى بولغان ئۆلىمالار نۇبۇۋۋەت دەلىللىرىنى ۋە مۆجىزىلىرىنى مىڭلارچە دېگەندۇر. ھەقىقەتتە يۈز مىڭلارچە نۇبۇۋۋەت دەلىلى باردۇر، يۈز مىڭلارچە يول بىلەن خىلمۇ- خىل پىكىرلىك يۈز مىڭلارچە كىشىلەر ئۇ زاتنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى تەستىق قىلىشقاندۇر. پەقەتلا قۇرئانى ھەكىم قىرىق تۈرلۈك مۆجىزىسىدىن باشقا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ(ئە.س.ۋ) نۇبۇۋۋىتىنىڭ مىڭ دەلىلىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەمدە مادەم ئىنسانىيەتتە نۇبۇۋۋەت باردۇر . يۈز مىڭلارچە زات نۇبۇۋۋەت دەۋا قىلغان ۋە مۆجىزە كۆرسىتىپ كېلىپ كېتىشكەندۇر. ئۇنداقتا ھەممىسىدىن ئۈستۈن بىر قەتئىيلىك بىلەن **مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ** نۇبۇۋۋىتى ئېنىقتۇر دېيىلىدۇ. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك بارلىق رەسۇلۇللاھلارنىڭ نۇبۇۋۋىتىگە ۋە پەيغەمبەر كۆرۈلۈشلىرىگە سەۋەب بولغان دەلىللەر، سۈپەتلەر، ۋەزىيەتلەر ۋە ئۈممەتلىرىگە قىلغان مۇئامىلىلىرى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدا تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مۇجەسسەم بىر سۈرەتتە مەۋجۇتتۇر . مادەم نۇبۇۋۋەت ھۆكۈمىنىڭ ئاساسى ۋە سەۋەبى پەيغەمبىرىمىزدە (ئە.س.ۋ) ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدىدۇر،

ئۇنداقتا نۇبۇۋۋەت ھۆكۈمى ئۇ زات ئۆچۈن پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن تېخىمۇ ئوچۇق بىر قەتئىييەتتە لايىقتۇر.

**ئۈچىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت:**

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ناھايىتى كۆپ خىلدۇر. پەيغەمبەرلىكى ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاساسەن پۈتۈن كائىنات مەۋجۇداتىنىڭ كۆپىنچە تۈرلىرىدىن مۆجىزە كۆرسەتكەندۇر. مەسىلەن، شانلىق بىر پادىشاھنىڭ شەرەپلىك بىر ياۋەرى (يېقىنى، ياردەمچىسى) ھەرخىل ھەدىيەلەر بىلەن ھەر تۈرلۈك قەۋملەر توپلاشقان بىر شەھەرگە كەلسە، ھەر تائىپە ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بىر ۋەكىل ئەۋەتىدۇ ۋە ئۆز تائىپىسگە ۋاكالەتەن «خوش كەلدىڭىز!» دەپ ئالقىشلايدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك، ئەزەل ۋە ئەبەد سۇلتانى بولغان ﷲنىڭ ئەڭ بۈيۈك ياۋەرى بولغان رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئالەمگە تەشرىپ قىلىپ، يەرشارىنىڭ ئاھالىسى بولغان ئىنسانلارغا ئەلچى بولۇپ، پۈتۈن كائىناتنىڭ خالىقى بولغان ﷲ تىن پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان تۈرلۈك ھەقىقەت نۇرلىرىنى ۋە مەنىۋى ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كەلگىنىدە، تاش، سۇ، دەرەخ، ھايۋان، ئىنساندىن تارتىپ تاكى ئاي، قۇياش، يۇلتۇزلارغا قەدەر ھەر تائىپە ئۆزىنىڭ مەخسۇس تىللىرى بىلەن ۋە قوللىرىدا بىردىن مۆجىزىسىنى توشۇش بىلەن ئۇنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى ئالقىشلىغان ۋە قارشى ئالغاندۇر.

ئەمدى ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەش ئۈچۈن جىلدلارچە كىتاب يېزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ . ئەھلى تەھقىق ئەسفىيالار* نۇبۇۋۋەت دەلىللىرىنىڭ تەپسىلاتىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى يازغاندۇر. بىز پەقەت ئىخچام ئىشارەتلەر شەكلىدە، ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ قەتئىي ۋە مەنىۋى مۇتەۋاتىر (تەۋاتۇر دەرىجىسىدە) بولغان ئومۇمىي تۈرلىرىگە ئىشارەت قىلىمىز.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ نۇبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) دەلىللىرى ئاۋۋال ***ئىككى قىسىمدۇر***:

**بىرىنچىسى: نۇبۇۋۋەتتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا ۋە تۇغۇلغان چاغدا يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق ئەھۋاللاردۇر.**

---

*ئەسفىيا: پەيغەمبىرىمىزگە ۋارىس بولۇپ، ئۇنىڭ مەسلەك ۋە غايىلىرىنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە تەتبىق قىلىشقا تىرىشقان تەقۋا ۋە كامالەت ئىگىسى بولغان تەھقىقچى زاتلار

ئىككىنچى قىسمى: باشقا نۇبۇۋۋەت دەلىللىرىدۇر. بۇ قىسىم يەنە ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپقاندۇر : بىرى، نۇبۇۋۋەتتىن كېيىن، ئەمما نۇبۇۋۋىتىنىڭ تەستىقى ئۈچۈن يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق ھادىسىلەردۇر . يەنە بىرى، سائادەت ئەسرىدە (پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسرىدە) كۆرۈلگەن مۆجىزىلەردۇر . بۇ ئىككىنچى قىسىم يەنە ئىككى قىسىمدۇر: بىرى، ئۆزىدە، يەنى ئەھۋالى، سۈرىتى، ئەخلاقى ۋە كامالەتلىرىدە كۆرۈلگەن نۇبۇۋۋەت دەلىللىرىدۇر . ئىككىنچىسى، سىرتقى ئىشلاردا ئىگە بولغان مۆجىزىلەردۇر . شۇ ئىككىنچى قىسىم يەنە ئىككى قىسىمدۇر: بىرى، مەنىۋى ۋە قۇرئانىيدۇر. يەنە بىرى، ماددىيدۇر ۋە جىسمانىي ئالەم بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر . شۇ ئىككىنچى قىسىم يەنە ئىككى قىسىمدۇر: بىرى، پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان ۋاقىتتا، كاپىرلارنىڭ تەكەببۇرلۇقلىرىنى سۇندۇرۇش ياكى ئەھلى ئىماننىڭ ئىمانىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈلگەن ھەيران قالارلىق مۆجىزىلەردۇر . ئاينىڭ يېرىلىشى، بارماقلىرىدىن سۇ ئېقىشى ۋە ئاز تاماق بىلەن كۆپ كىشىنى تويغۇزىشى، ھايۋان، دەرەخ، تاشلارنىڭ سۆزلىشىگە ئوخشاش يىگىرمە تۈرلۈك ۋە ھەربىر تۈرى مەنىۋى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە بولغان مۆجىزىلەر بولۇپ، ھەربىر تۈرىنىڭ كۆپلىگەن تەكرارلىنىشلىرى باردۇر. ئىككىنچى قىسىم، كەلگۈسىدىن خەۋەر بەرگەن ھادىسىلەردۇركى، ﷲنىڭ بىلدۈرىشى بىلەن ئۇمۇ خەۋەر بەرگەندۇر ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك توغرا چىققاندۇر. بىزمۇ شۇ ئاخىرقى قىسىمدىن باشلاپ قىسقىچە بىر مۇندەرىجە كۆرستىمىز .(ھاشىيە)*

### ئۆتىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت:

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام غەيبلەرنى بىلگۈچى ﷲنىڭ بىلدۈرىشى بىلەن خەۋەر بەرگەن غەيبىي ئىشلار ساناپ تۈگەتكۈسىزدۇر. قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىگە دائىر بولغان يىگىرمە بەشىنچى سۆزدە ئۇنىڭ تۈرلىرىگە ئىشارەت، ھەمدە بىر مىقدار ئىزاھ ۋە ئىسپات قىلغانلىقىمىزدىن، ئۆتكەن زامانغا، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە، ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە، مەۋجۇدات ھەقىقەتلىرىگە ۋە ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگە دائىر بولغان غەيبىي خەۋەرلىرىنى يىگىرمە بەشىنچى سۆزگە ھاۋالە قىلىپ، ھازىر ئۇ توغرىسىدا سۆزلىمەيمىز. پەقەتلا ئۆزىدىن كېيىن ساھابە ۋە ئالى بەيتىنىڭ (ئائىلە- تاۋابىتىنىڭ) بېشىغا كەلگەن ۋە ئۈممىتى كېلەچەكتە دۇچار بولىدىغان ھادىسىلەرگە دائىر بەكمۇ كۆپ خىل ئىشەنچلىك بولغان غەيبىي

*(ھاشىيە): ئەپسۇسكى نىيەت قىلغىنىمدەك يازالمىدىم. ئىختىيارسىز ھالدا قەلبىمگە قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق يېزىلدى. **يۇقىرىدىكى تەقسىماتنىڭ تەرتىپىنى ساقلىيالمىدىم.**

خەۋەرلەر قىسمىدىن بىر قانچە مىسالنىغا قىسمەن ئىشارەت قىلىمىز. ھەمدە شۇ ھەقىقەتنىڭ تامامەن چۈشىنىشلىك بولىشى ئۈچۈن «ئالتە ئاساس» نى مۇقەددىمە قىلىپ بايان قىلىمىز:

**بىرىنچى ئاساس:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ گەرچە ھەر ھالى ۋە ھەر ۋەزىيىتى توغرىلىقىغا ۋە نۇبۇۋۋەتىگە شاھىت بولالايدۇ، بىراق ھەر ھالى ۋە ھەر ۋەزىيىتى ھەيران قالارلىق بولىشى شەرت ئەمەستۇر. چۈنكى جانابى ھەق، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىدا، دۇنياۋى ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتنى قازاندۇرىدىغان ئەمەل ۋە ھەرىكەتلىرىدە رەھبەر بولىشى، ئىمام بولىشى، ھەمدە ھەرىبىرى بىردىن ﷲنىڭ قۇدرەت مۆجىزىسى بولغان، بىراق ئاددى كۆرۈنىدىغان شەيئىلەر ئىچىدىكى ھەيران قالارلىق رەببانىي سەنئەتلەرنى ۋە ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ تەسەررۇپلىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن ئۇنى ئىنسان سۈرىتىدە ئەۋەتكەندۇر. ئەگەر ھەرىبىر ئىش- ھەرىكىتى ئىنسانلىقتىن ھالقىغان ۋە ھەيران قالارلىق بولغان بولسا، مۇتلەق ئىمام بولالمايتتى، ئەھۋاللىرى، ھەرىكەتلىرى ۋە ۋەزىيەتلىرى بىلەن دەرس بېرەلمىگەن بولاتتى. پەقەتلا نۇبۇۋۋىتىنى دىنسىزلارغا قارشى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئىشلارغا ئىگە بولاتتى، ھاجەت بولغاندا ئاندا- ساندا مۆجىزە كۆرسەتەتتى . بىراق تەكلىف (ۋەزىپىلەندۈرۈلۈش) سىرى بولغان ئىمتىھان ۋە تەجرىبىنىڭ تەلپى بىلەن بەداھەت (ئۇپئوچۇق) دەرىجىدىكى ۋە ھەركىم خالىسىمۇ - خالىمىسىمۇ تەستىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان دەرىجىدىكى مۆجىزە بولمايتتى . چۈنكى ئىمتىھان ۋە تەكلىف سىرى، ئەقىلگە ئىشىك ئېچىلىپ، ئەقىلنىڭ ئىختىيارىنىڭ قولىدىن ئېلىنماسلىقىنى ئىقتىزا قىلىدۇ . ئەگەر غايەت ئېنىق بىر سۈرەتتە بولسا، ئۇ ۋاقىت ئەقىلنىڭ ئىختىيارى قالمايتتى ئەبۇ جەھىلمۇ ئەبۇ بەكرىدەكلا تەستىق قىلاتتى . ئىمتىھان ۋە تەكلىفنىڭ پايدىسى قالمايتتى . كۆمۈر بىلەن ئالماس بىر سەۋىيەدە قالاتتى.

بەكمۇ ھەيرانلىق قوزغايدۇكى، مۇبالىغىسىز مىڭلارچە تۈرلۈك ئىنسان مىڭلارچە جەھەتتە ھەرىبىرى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بىرلا مۆجىزىسى بىلەن ياكى بىرلا نۇبۇۋۋەت دەلىلى بىلەن ۋە ياكى بىر سۆزى بىلەن ۋە ياكى يۈزىنى كۆرىشى بىلەن... ۋەھاكازا بىر خىل ئالامەت بىلەن ئىمان ئېيتقان تۇرۇقلۇق، بۇ مىڭلارچە خىلمۇ- خىل ئىنسانلارنى ۋە تەتقىقچى مۇتەپەككۇرلارنى ئىمانغا كەلتۈرگەن ئۇ مىڭلارچە نۇبۇۋۋەت دەلىللىرىنىڭ ھەممىسى، سەھىھ (شۈبھىسىز) نەقىل ۋە قەتئىي ئەسەرلىرى بىلەنمۇ ھازىرقى بىر قىسىم بەدبەخت ئىنسانلارغا يېتەرلىك بولمىغاندەك ئازغۇنلۇقتا يۈرىشىۋاتىدۇ.

**ئىككىنچى ئاساس:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ھەم ئىنساندۇر، ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانغا ئوخشاش مۇئامىلىلەردە بولىدۇ؛ ھەم رەسۇلدۇر (ﷲنىڭ ئەلچىسىدۇر)، رەسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن جانابى ھەقنىڭ تەرجىمانىدۇر، ئەلچىسىدۇر. پەيغەمبەرلىكى (رىسالىتى) ۋەھىيگە تايىنىدۇ. ۋەھىي ئىككى قىسىمدۇر:

**بىرى،** «ئوچۇق ۋەھىي» دۇركى، رەسۇلى ئەكرەم ئۇنىڭدا پەقەتلا بىر تەرجىماندۇر، تەبلىغچىدۇر، مۇداخىلىسى (ئارىلىششى) يوقتۇر. قۇرئان ۋە بەزى قۇدسى ھەدىسلەرگە ئوخشاش...

**ئىككىنچىسى،** «يوشۇرۇن ۋەھىي»دۇر. شۇ قىسمىنىڭ ئىخچام بىر خۇلاسىسى، ۋەھىيگە ۋە ئىلھامغا تايىنىدۇ. بىراق تەپسىلاتى ۋە تەسۋىرلىرى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئائىتتۇر . ئۇ ۋەھىيدىن كەلگەن ئىخچام ھادىسىنى شەرھىيلەش ۋە تەسۋىرلەشتە زاتى ئەھمەدىيە ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بەزەن يەنە ئىلھامغا ياكى ۋەھىيگە تايىنىپ بايان قىلىدۇ ۋە ياكى ئۆز پاراستى بىلەن بايان قىلىدۇ. ئۆز ئىجتىھادى بىلەن قىلغان تەپسىلات ۋە تەسۋىرلەرنى يا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى نۇقتىسىدا يۈكسەك ۋە مۇقەددەس ھېس بىلەن بايان قىلىدۇ، ۋە ياكى ئۆرپ- ئادەت ۋە ئاممىنىڭ پىكىر سەۋىيەسىگە قارىتا ئىنسانىيتى نۇقتىسىدا بايان قىلىدۇ.

دېمەك، ھەر ھەدىستە پۈتۈن تەپسىلاتىغا مۇتلەق ۋەھىي نۇقتىسى بىلەن قارالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەقەززاسى (تەلپى) بولغان پىكىر ۋە مۇئامىلىلىرىدە پەيغەمبەرلىكنىڭ يۈكسەك ئەسەرلىرى ئىزدەلمەيدۇ . بەزى ھادىسىلەر ئىخچام ھالدا، مۇتلەق بىر سۈرەتتە ئۇنىڭغا ۋەھىي بولۇپ كېلىدۇ، ئۇمۇ ئۆز پاراستى بىلەن ۋە ئومۇمغا تونۇشلۇق جەھەتى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ . شۇ تەسۋىردىكى سىمۋۇللاردا ۋە مۈشكىلاتتا بەزەن تەپسىر لازىم كېلىدۇ، ھەتتا تەبىر لازىم كېلىدۇ. چۈنكى بەزى ھەقىقەتلەر باركى، تەمسىل بىلەن چۈشەنچىگە يېقىنلاشتۇرىلىدۇ . مەسىلەن: بىر زامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى: « شۇ ئاۋاز، يەتمىش يىلدىن بىرى يۇملىنىپ، ھازىر جەھەننەمنىڭ تېگىگە چۈشكەن بىر تاشنىڭ ئاۋازىدۇر.» بىر سائەتتىن كېيىن جاۋاب كەلدىكى:« يەتمىش ياشقا كىرگەن مەشھۇر بىر مۇناپىق ئۆلۈپ، جەھەننەمگە كەتتى.» زاتى ئەھمەدىيە ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بالاغەتلىك بىر تەمسىل بىلەن بايان قىلغان ھادىسىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى كۆرسەتتى.

**ئۈچىنچى ئاساس:** نەقىل قىلىنغان خەۋەرلەر ئەگەر تەۋاتۇر سۈرىتىدە بولسا قەتئىيدۇر. تەۋاتۇر ئىككى قىسىمدۇر. (ھاشىيە)* بىرى، «ئوچۇق تەۋاتۇر»؛يەنە بىرى **«مەنىۋى تەۋاتۇر»** دۇر. **مەنىۋى تەۋاتۇرمۇ ئىككى قىسىمدۇر. بىرى،** «سۈكۈتىي» دۇر. يەنى، سۈكۈت بىلەن قوبۇل قىلىنغاندۇر. مەسىلەن: بىر جامائەت ئىچىدە بىر ئادەم، ئۇ جامائەتنىڭ نەزىرى ئاستىدا بىر ھادىسىنى خەۋەر قىلسا، جامائەت ئۇنى يالغانغا چىقارمىسا، سۈكۈت بىلەن مۇئامىلە قىلسا قوبۇل قىلغان ھېسابلىنىدۇ . بولۇپمۇ، خەۋەر بەرگەن ھادىسە جامائەت بىلەن ئالاقىدار بولسا، ھەم تەنقىدكە تەييار ۋە خاتانى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە يالغاننى ناھايىتى چىركىن كۆرىدىغان بىر جامائەت بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۈكۈتى ئۇ ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە قۇۋۋەتلىك ھالدا دەلالەت قىلىدۇ . **ئىككىنچى قىسىم** مەنىۋى تەۋاتۇر شۇدۇركى: بىر ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە، مەسىلەن، « بىر كىلو تائام، ئىككى يۈز ئادەمنى تويغۇزۇپتۇ» دېيىلسە، ئەمما ئۇنى خەۋەر بەرگەنلەر، ئايرىم-ئايرىم خەۋەر بەرسە، بىرى بىر تۈرلۈك، بىرى باشقا بىر سۈرەتتە، يەنە بىرى باشقا بىر شەكىلدە بايان قىلسا، ئەمما ئومۇمەن، شۇ ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە قارىتا ئورتاق پىكىردە بولسا،ئۇ ھادىسىنىڭ بولغانلىقى مەنە جەھەتتىن تەۋاتۇر دەرىجىسىدىدۇر، قەتئىيدۇر . بايان شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ زىيىنى يوق . ھەم بەزىدە بولىدۇكى، بىر خەۋەرى ۋاھىد

*(ھاشىيە): بۇ رىسالىدە ئۆتكەن «تەۋاتۇر» سۆزى، تۈركچە «يېيىلىپ كەتكەن خەۋەر» مەنىسىدىكى تەۋاتۇر ئەمەس، بەلكى ئىشەنچنى ئىپادە قىلغان، يالغان بولۇش ئېھتىمالى بولمىغان قۇۋۋەتلىك خەۋەر مەنىسىدىدۇر.- ت

* بەزى شارائىت ئاستىدا، تەۋاتۇردەكلا قەتئىيەتنى ئىپادە قىلىدۇ . ھەم بەزىدە بولىدۇكى، خەۋەرى ۋاھىد، سىرتقى ئالامەتلەر بىلەن قەتئىيلىكنى ئىپادە قىلىدۇ.

قىسقىسى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن بىزگە نەقىل قىلىنغان مۆجىزىلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەۋاتۇر بىلەندۇر . يا ئوچۇق، يا مەنىۋى ۋە ياكى سۈكۈتىيدۇر. يەنە بىر قىسمى گەرچە خەۋەرى ۋاھىد بىلەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنداق بىر شارائىت ئىچىدە بەكمۇ ئىنچىكە بولغان مۇھەددىسلەرنىڭ (ھەدىس ئىماملىرىنىڭ) نەزىرىدە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، تەۋاتۇرغا ئوخشاش قەتئىيلىكنى ئىپادە قىلىش لازىم كېلىدۇ. شۇنداق، مۇھەددىسلەرنىڭ ئەھلى تەھقىقلىرىدىن «ئەلھافىز» دېيىلگەن زاتلار، ئاز دېگەندە

*خەۋەرى ۋاھىد: بىر خەۋەر، يەنى بىر ساھابىدىن، بىر يولدىن كەلگەن سەھىھ ھەدىس.- ت

يۈزمىڭ ھەدىسنى يادلىغان مىڭلىغان ھەقىقەتچى ھەدىسشۇناسلار، ھەم ئەللىك يىل بامدات نامىزىنى خۇپتەنىنىڭ تاھارىتى بىلەن ئوقۇغان تەقۋادار مۇھەددىسلەر، شۇنداقلا باشتا بۇخارى، مۇسلىم بولغان ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ ئىگىلىرى بولغان ھەدىس ئىلمىنىڭ داھىيلىرى، بۈيۈك ئۆلىمالىرى توغرا كۆرگەن ۋە قوبۇل قىلغان «خەۋەرى ۋاھىد»، تەۋاتۇرنىڭ قەتئىيلىك دەرىجىسىدىن كېيىن قالمايدۇ . شۇنداق، ھەدىس پىننىڭ ھەقىقەتچىلىرى، تەتقىقچىلىرى ئۇ دەرىجىدە ھەدىس بىلەن ئىختىساس پەيدا قىلغانكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئىپادە تەرزىگە، ئالىي ئۇسلۇبىغا ۋە ئىپادە سۈرىتىگە ئۆلپەت بولۇپ كەسپ ئەھلىگە ئايلانغانكى، يۈز ھەدىس ئىچىدە بىر توقۇلمىنى كۆرسە، «توقۇلما (يالغان)» دەيدۇ. «بۇ ھەدىس ئەمەس ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۆزى ئەمەس» دەپ رەت قىلىدۇ. جاۋاھىرپۇرۇشتەك ھەدىسنىڭ جەۋھىرىنى تونۇيدۇ، باشقا سۆزنى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرىۋەتمەيدۇ. ئەمما ئىبنى جەۋزىيدەك بەزى تەھقىقچىلەر تەنقىدتە ئىفرات قىلىپ (ھەددىدىن ئېشىپ) بەزى سەھىھ ھەدىسنىمۇ توقۇلما دېگەندۇر . لېكىن ھەر توقۇلمىنىڭ مەنىسى خاتا بولىشى ناتايىن، بەلكى توقۇلما، « بۇ سۆز ھەدىس ئەمەستۇر» دېگەنلىكتۇر.

**سوئال:** ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى بىر- بىرىگە ئۇلاپ دېيىشنىڭ، كېرەكسىز يەردە، مەلۇم بىر ۋەقەدە «پالانچى پالانچىدىن، پالانچى پوكۇنچىدىن» دېيىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

**جاۋاپ:** پايدىلىرى كۆپتۇر. مەسىلەن بىر پايدىسى شۇدۇر: ئۇلاپ دېيىش ئارقىلىق، ئۇ زەنجىردە ئىسمى بولغان ساغلام، ھۆججەتلىك ۋە سادىق بولغان ئەھلى ھەدىسنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . خۇددى ئۇ زەنجىر ۋە سەنەدتە (كىمدىن ئىكەنلىكىدە) ئىسمى ئۆتكەن ھەربىر ئىمام، ھەربىر ئۆلىما ئۇ ھەدىسنىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلاپ، شۈبھىسىزلىكىگە دائىر مۆھۈرىنى باسقاندەك بولىدۇ.

**سوئال:** نېمىشقا مۆجىزە ھادىسىلىرى باشقا زۆرۈرى شەرئىەت ئەھكاملىرىغا ئوخشاش تەۋاتۇر شەكلىدە، كۆپ يوللار ئارقىلىق، زور ئەھمىيەت بىلەن نەقىل قىلىنمىغان؟

**جاۋاپ :** چۈنكى كۆپ قىسىم شەرئىەت ئەھكاملىرىغا كۆپ ساندىكى ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئېھتىياجلىقتۇر. پەرزى ئەيىنگە ئوخشاش، ئۇ ئەھكاملارنىڭ ھەر شەخس بىلەن ئالاقىسى بار. ئەمما مۆجىزە مەسىلىسىدە بولسا، ھەركىمنىڭ ھەر مۆجىزىگە ئېھتىياجى يوق. ئەگەر ئېھتىياج بولغان تەقدىردىمۇ، بىر قېتىم

ئاگلسا **كۈپايە. خۇددى پەرزى كۈپايىگە ئوخشاش، بىر قىسىم ئىنسانلار ئۇلارنى بىلسە يېتەرلىك.**

مانا بۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، بەزەن بىر مۆجىزىنىڭ بارلىقى ۋە يۈز بەرگەنلىكى، بىر ھۆكۈمنىڭ بارلىقىدىن ئون ھەسسە تېخىمۇ قەتئىي تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى بىر- ئىككى بولىدۇ ؛ ھۆكۈمنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى ئون- يىگىرمە بولىدۇ.

**تۆتىنچى ئاساس:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كېلەچەكتىن خەۋەر بەرگەن بەزى ھادىسىلەر، بىر جۈزئىي ھادىسە ئەمەستۇر؛ بەلكى تەكرارلانغان بىر ئومۇمىي ھادىسىنى جۈزئىي بىر سۈرەتتە خەۋەر بېرىدۇ. ھالبۇكى ئۇ ھادىسىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرى بار. ھەر قېتىمدا بىر تەرىپىنى بايان قىلىدۇ. كېيىن ھەدىسىنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى ئۇ تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئەمەلىيەتكە زىتتەك كۆرىنىدۇ . مەسىلەن : ھەزرەتى مەھدىگە دائىر خىلمۇ- خىل رىۋايەتلەر بار. تەپسىلاتى ۋە تەسۋىرلىنىشلىرى باشقا- باشقىدۇر. ھالبۇكى يىگىرمە تۆتىنچى سۆزنىڭ بىر «دالى» دا ئىسپات قىلىنغىنىدەك، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ۋەھىيگە تايىنىپ، ھەربىر ئەسىردە ئەھلى ئىمانىنىڭ مەنىۋى قۇۋۋەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ھەم دەھشەتلىك ھادىسىلەردە ئۈمىدسىزلىككە چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، ھەم ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ بىر نۇرانىي زەنجىرى بولغان ئالى بەيتكە ئەھلى ئىماننى مەنىۋى جەھەتتىن باغلاش ئۈچۈن مەھدىنى خەۋەر بەرگەن. ئاخىر زاماندا كېلىدىغان مەھدىگە ئوخشاش ھەربىر ئەسىر ئالى بەيتتىن بىر تۈرلۈك مەھدى، بەلكى مەھدىلەرنى تاپقان. ھەتتا ئالى بەيتتىن سانىلىدىغان ئابباسىيە خەلىپىلىكىدىن بۈيۈك مەھدىنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بىر مەھدى تاپقان.

چوڭ مەھدىدىن ئىلگىرى كەلگەن، مەھدىنىڭ ئوخشاشلىرى، نەمۇنىلىرى بولغان مەھدى سۈپەت خەلىپىلەر ۋە مەھدى سۈپەت ئەقتابلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەقىقىي مەھدىنىڭ سۈپەتلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن رىۋايەتلەردە ئىختىلاپلار كۆرۈلگەن.

**بەشىنچى ئاساس:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، لاَ يَعْلَمُ الْغَيْبَ اِلاَّ اللّٰهُ سىرى بويىچە، ئۆزلىكىدىن غەيىبنى بىلمەيتتى؛ بەلكى جانابى ھەق ئۇنىڭغا بىلدۈرەتتى، ئۇمۇ بىلدۈرەتتى . جانابى ھەق ھەم ھەكىمدۇر، ھەم رەھىمدۇر. ھىكمەت ۋە رەھمىتى بولسا، غەيبىي ئىشلارنىڭ كۆپىنىڭ ئاشكارا بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، يوشۇرۇن بولۇشىنى خالايدۇ. چۈنكى شۇ دۇنيادا ئىنساننى خۇش

قىلمايدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپتۇر . مەيدانغا كېلىشىدىن بۇرۇن ئۇلارنى بىلىش ئەلەملىكتۇر.

مانا بۇ سىر ئۈچۈندۇركى، ئۆلۈم ۋە ئەجەل يوشۇرۇن قالدۇرۇلغان ۋە ئىنساننىڭ بىشىغا كېلىدىغان بالا- مۇسىبەتلەرمۇ غەيب پەردىسىدە قالغان . دېمەك، رەببانى ھىكمەت ۋە ئىلاھىي رەھمەت مۇشۇنداق ئىقتىزا قىلغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قارىتا تولىمۇ سەزگۈر بولغان مەرھەمىتىنى، ھەمدە ئالى بەيت ۋە ساھابىلىرىگە قارىتا شىددەتلىك شەپقىتىنى بەك رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋە ئۈممىتىنىڭ باشلىرىغا كېلىدىغان مۇدھىش ھادىسىلەرنى ئومۇمىي شەكىلدىلا بىلدۈرۈپ ۋە تەپسىلاتى بىلەن كۆرسەتمەسلىك (ھاشىيە)* ھىكمەت ۋە رەھمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەمما يەنە بەزى ھىكمەتلەر ئۈچۈن مۇھىم ھادىسىلەرنى . ئەمما دەھشەتلىك بىر سۈرەتتە ئەمەس . ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن، ئۇمۇ خەۋەر بەرگەن . ھەم گۈزەل ھادىسىلەرنىڭ بەزىسىنى قىسقىچە، بەزىسنى تەپسىلى بىلدۈرگەندۇر، ئۇمۇ خەۋەر بەرگەندۇر. ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ ئەڭ يۈكسەك بىر تەقۋالىق، ھەققانىيەت ۋە راستچىللىق دەرىجىسىدە تەتقىق قىلغان ۋە وَمَنْ كَذَبَ عَلَيَّ مُتَعَمِّدًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ (مېنىڭدىن دەپ كىم يالغان بىر خەۋەر بېرىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدىن جايىنى تەييارلىسۇن! ) ھەدىسىدىكى تەھدىتتىن شىددەت بىلەن قورققان، ھەمدە ﴿فَمَنْ اَظْلَمُ مِمَّنْ كَذَبَ عَلَى اللّٰهِ﴾(زۇمەر:32) ئايىتىدىكى شىددەتلىك تەھدىتتىن شىددەت بىلەن قاچقان كامىل ھەدىسشۇناسلار بىزگە سەھىھ بىر سۈرەتتە ئۇ خەۋەرلەرنى نەقىل قىلغاندۇر.

**ئالتىنچى ئاساس:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە سۈپەتلىرى سىيەر* ۋە تارىخ سۈرىتىدە بايان قىلىنغان. ئەمما ئۇ بايانلاردىكى كۆپىنچە سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرى ئىنسانىيىتىگە قارايدۇ. ھالبۇكى ئۇ مۇبارەك

*(ھاشىيە): زاتى ئەھمەدىيە ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئائىشەئى سىددىقەگە قارىتا بولغان زىيادە مۇھەببەت ۋە شەپقىتىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن، «جەمەل ۋەقەسى» ھادىسىسىدە ئۇنىڭمۇ قېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى قەتئىي كۆرسىتىلمىگەنلىكىگە دەلىل بولسا، پاك روھلۇق ئاياللىرىغا دېگەنكى: «كاشكى قايسىڭلارنىڭ ئۇ ۋەقەدە بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام...» ئەمما كېيىن قىسمەن بىلدۈرۈلگەنكى، ھەزرەتى ئەلىگە(ر.ئە) دېگەن: «سەن بىلەن ئائىشەنىڭ ئارىسىدا بىر ھادىسە بولسا، فَارْفَقْ وَ بَلِّغْهَا مَاْمَنَهَا »

* سىيەر: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى، ئەخلاقى ۋە يۈكسەك سۈپەتلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب.-ت

زاتىنىڭ مەنىۋى شەخسىيىتى، مۇقەددەس ماھىيىتى ئۇ دەرىجە يۈكسەك ۋە نۇرانىيدۇركى، سىيەر ۋە تارىختىكى سۈپەتلەر، ئۇ يۈكسەك قامەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇ يۈكسەك قىممەتكە مۇۋاپىق ئەمەستۇر. چۈنكى اَلسَّبَبُ كَالْفَاعِلِ (سەۋەب بولغان قىلغاندەك) سىرى بويىچە، ھەر كۈن، ھەتتا ھازىرمۇ پۈتكۈل ئۈممەتنىڭ ئىبادەتلىرىچىلىك بۈيۈك بىر ئىبادەت كامالەت سەھىپىسىگە قوشۇلۇپ تۇرىۋاتىدۇ. چەكسىز بىر ئىلاھىي رەھمەتكە، چەكسىز بىر سۆرەتتە، چەكسىز بىر قابىلىيەت بىلەن ئىگە بولغىنىدەك، ھەر كۈنى چەكسىز ئۈممىتىنىڭ چەكسىز دۇئاسىغىمۇ ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ . ھەمدە شۇ كائىناتىنىڭ نەتىجىسى، ئەڭ مۇكەممەل مېۋىسى، كائىنات خالىقىنىڭ تەرجىمانى ۋە ئەڭ سۆيگەن بەندىسى بولغان ئۇ مۇبارەك زاتىنىڭ پۈتكۈل ماھىيىتى ۋە كامالىتىنىڭ ھەقىقىتى، سىيەر ۋە تارىخىدا يېزىلغان ئىنسانىي ئەھۋاللىرىغا ۋە ۋەزىيەتلىرىگە سىغمايدۇ . مەسىلەن: ھەزرەتى جەبرائىل ۋە ھەزرەتى مىكائىل بەدىر غازىتىدا ئىككى مۇھاپىزەتچىسى ۋە ياردەمچىسى ھۆكمىدە يېنىدا بولغان بىر مۇبارەك زات، بازار ئىچىدە، بەدەۋى (سەھرالىق) بىر ئەرەب بىلەن ئات سودىسىدا باھا تالىشىشى، بىرلا شاھىت بولغان ھۇزەيفەنى شاھىت كۆرسىتىش بىلەن كۆرۈنگەن مۇئامىلىلىرى ئىچىدە سىغمايدۇ.

خاتالاشماسلىق ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت ئىنسانلىق ماھىيىتى ئېتىبارى بىلەن ئاڭلانغان ئاددى سۈپەتلىرى ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھەقىقىي ماھىيىتىگە ۋە پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىكى نۇرانىي بولغان مەنىۋى شەخسىيىتىگە قاراش لازىمدۇر. بولمىسا، يا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ ياكى شۈبھىگە چۈشىدۇ . شۇ سىرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن شۇ تەمسىلنى ئاڭلا:

مەسىلەن بىر خورما ئۇرۇقى بار، ئۇ خورما ئۇرۇقى تۇپراق ئاستىغا تېرىلىپ، ئېچىلىپ يوغان بىر مېۋىلىك دەرەخ بولدى . ھەم بارغانسېرى شاخلىنىپ يوغىنايدۇ. ياكى تورنىڭ بىر تۇخۇمى بار ئىدى. ئۇ تۇخۇمغا ئىسسىقلىق بېرىلىپ، بىر توز چۈجىسى چىقتى . ئاندىن بەكمۇ مۇكەممەل، ھەر تەرىپى قۇدرەت قەلىمى بىلەن مەندار يېزىلغان ۋە رەڭگارەڭ چوڭ بىر توز بولدى. ھەم بارغانسېرى چوڭىيىپ گۈزەللىشىدۇ. ئەمدى ئۇ ئۇرۇق ۋە ئۇ تۇخۇمغا ئائىت سۈپەتلەر، ھاللار بار . ئىچىدە ئىنچىكە ماددىلار بار. ھەم ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان دەرەخ ۋە قۇشنىڭمۇ، ئۇ ئۇرۇق ۋە تۇخۇمنىڭ ئاددى سۈپەت ۋە ۋەزىيەتلىرىگە نىسبەتەن بۈيۈك ۋە ئالى سۈپەتلىرى بار. ئەمدى ئۇ ئۇرۇق ۋە تۇخۇمنىڭ سۈپەتلىرىنى دەرەخ ۋە قۇشنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن باغلاپ سۆزلىگەندە، ئاڭلىغان سۈپەتلەرنى كىشىنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالىشى ئۈچۈن، ئەقىل ھەر ۋاقىت بېشىنى كۆتۈرۈپ

ئۇرۇقتىن دەرەخكە قاراشقا ۋە كۆزىنى تۇخۇمدىن قۇشقا يۆزلەندۈرۈپ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بولمىسا « بىر دىرھەم ئۇرۇقتىن مىڭ پاتمان خورما ئالدىم.» ۋە « شۇ تۇخۇم ئاسماندىكى قۇشلارنىڭ سۇلتانىدۇر.» دېيىلسە يالغانغا چىقىرىدۇ ۋە ئىنكار قىلىدۇ.

مانا بۇنىڭغا ئوخشاش، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئىنسانلىقى ئۇ ئۇرۇققا، ئۇ تۇخۇمغا ئوخشايدۇ . ھەمدە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن پارلىغان ماھىيىتى بولسا، تۇبا دەرىخىگە ۋە جەننەتنىڭ ھۇمايۇن قۇشىغا ئوخشايدۇ. ھەم دائىما تاكاممۇلىشىشتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بازار ئىچىدە بىر بەدەۋى بىلەن باھا تالاشقان ئۇ زاتنى ئويلىغان ۋاقىتتا، رەفرەفكە مىنىپ، جەبرائىلنى ئارقىدا قويۇپ، قابى قەۋسەينگە* ئۇچۇپ ماڭغان نۇرانىي شەخسىيىتىگە خىيال كۆزىنى كۆتۈرۈپ قاراش لازىم كېلىدۇ. بولمىسا يا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ، ياكى نەفسى ئەممارىسى ئىشەنمەيدۇ.

**بەشىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت:**

غەيبى ئىشلارغا دائىر ھەدىسلەرنىڭ بىر قانچە مىسالىنى سۆزلەيمىز:

سەھىھ نەقىل بىلەن ۋە مۇتەۋاتىر بىر دەرىجىدە بىزگە يېتىپ كەلگەنكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇنبەر ئۈستىدە، ساھابە جامائىتى ئىچىدە پەرمان قىلغانكى: اِبْنِي حَسَنٌ هذَا سَيِّدٌ سَيُصْلِحُ اللّٰهُ بِهِ بَيْنَ فِئَتَيْنِ عَظِيمَتَيْنِ . قىرىق يىلدىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئىككى چوڭ قوشۇنى قارشىلىشىپ قالغان ۋاقىتتا، ھەزرەتى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرەتى مۇئاۋىيە (ر.ئە) بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، چوڭ دادىسىنىڭ غەيبىي مۆجىزىسىنى تەستىق قىلغاندۇر.

ئىككىنچىسى: سەھىھ نەقىل بىلەن، ھەزرەتى ئەلىگە دېگەنكى: سَتُقَاتِلُ النَّاكِثِينَ وَالْقَاسِطِينَ وَالْمَارِقِينَ ھەم جەمەل ۋەقەسى، ھەم سىففىن ۋەقەسى، ھەم خاۋارىج ھادىسىلىرىنى خەۋەر بەرگەن.

ھەم ھەزرەتى ئەلى(ر.ئە) ھەزرەتى زۇبەير بىلەن يۈز يېقىشقان(كۆرۈشكەن) بىر ۋاقىتتا : « بۇ ساڭا قارشى جەڭ قىلىدۇ، ئەمما ھەقسىزدۇر.» دېگەن.

ھەم پاك روھلۇق ئاياللىرىغا دېگەن : « ئىچىڭلاردىن بىرسى چوڭ بىر فىتنىنىڭ* بېشىغا ئۆتىدۇ ۋە ئەتراپىدا نۇرغۇن ئادەم قەتلى قىلىنىدۇ.» وَتَنْبَحُ عَلَيْهَا كِلاَبُ الْحَوْئَبِ.

---

* قابى قەۋسەين: ۋۇجۇب ۋە ئىمكان دائىرىسى (يەنى الله بىلەن مەخلۇقات دائىرىسى) ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى ماقام.- ت

* فىتنە: قالايمىقانچىلىق؛ ئىختىلاپ؛ («ھەقتىن ئازماق؛ پىتنە» دېگەندەك مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ.)- ت

مانا شۇ سەھىھ، قەتئىي ھەدىسلەر، ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ھەزرەتى ئەلىنىڭ ھەزرەتى ئائىشە، زۇبەير ۋە تەلھەگە قارشى جەمەل ۋەقەسىدە، ھەمدە مۇئاۋىيەگە قارشى سىففىندە، ھەمدە خاۋارىجلارغا قارشى خارەۋرادا ۋە نەھرۇۋاندا قىلغان جەڭلىرى، ئۇ غەيبىي خەۋەرلەرنىڭ بىر پېئىلىي تەستىقلىرىدۇر.

ھەم ھەزرەتى ئەلىگە: « سېنىڭ ساقىلىڭنى سېنىڭ بېشىڭنىڭ قېنى بىلەن ھۆل قىلىدىغان بىر ئادەم...» دەپ خەۋەر بەرگەن. ھەزرەتى ئەلى ئۇ ئادەمنى تونۇيدىكەن، ئۇ ئادەم ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەمۇل خارىجىيدۇر.

ھەم خاۋارىجلارنىڭ ئىچىدە زۇسسەيدە دېيىلىدىغان بىر ئادەمنى غەلىتە بىر ئالامەت بىلەن خەۋەر بەرگەنكى، خاۋارىجلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى ئىچىدە ئۇ ئادەم تېپىلغان. ھەزرەتى ئەلى ئۇنى ھەققانىيىتىگە ھۆججەت قىلىپ كۆرسەتكەن. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلان قىلغان.

ھەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سەھىھ رىۋايىتى بىلەن خەۋەر بەرگەنكى: « ھەزرەتى ھۈسەيىن تافتا يەنى كەربالادا قەتلى قىلىنىدۇ.» ئەللىك يىلدىن كېيىن، ئۇ پاجىئەلىك ۋەقە مەيدانغا چىقىپ، ئۇ غەيبىي خەۋەرنى تەستىق قىلغان.

ھەم تەكرار- تەكرار خەۋەر قىلغانكى: «مېنىڭ ئالى بەيتىم مەندىن كېيىن يَلْقَوْنَ قَتْلاً وَ تَشْرِيدًا يەنى، قەتلى قىلىنىشقا ، بالالارغا ۋە سۈرگۈنلەرگە دۇچار بولىدۇ.» ۋە بىرئاز ئىزاھ قىلغان، ئەينەن شۇنداق چىققاندۇر.

**شۇ ماقامدا بىر مۇھىم سوئال بار.** يەنى، «ھەزرەتى ئەلى ئۇ دەرىجىدە خەلىپىلىككە لايىق بولغان، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا يېقىنلىقى، ھەمدە ھەيران قالارلىق جاسارەت ۋە ئىلىم ئىگىسى تۇرۇقلۇق، نېمىشقا خەلىپىلىككە ئاۋۋال ئۆتمىدى ۋە نېمىشقا ئۇنىڭ خەلىپىلىكى زامانىدا ئىسلام نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارغا دۇچار بولدى؟...» دېيىلىۋاتىدۇ.

**جاۋاب:** ئالى بەيتتىن بىر قۇتبى ئەئزەم دېگەنكى: « رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ھەزرەتى ئەلىنىڭ (ر.ئە) خەلىپىلىكىنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما غەيىپتىن ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلگەنكى، ﷲنىڭ ئىرادىسى باشقىدۇر. ئۇممۇ ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، ﷲنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغان.» ﷲنىڭ ئىرادىسىنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى شۇ بولىشى كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەڭ زىيادە ئىتتىپاقلىششقا ۋە بىرلىششكە مۇھتاج بولغان ساھابىلەر، ئەگەر ھەزرەتى ئەلى باشقا ئۆتكەن بولسا، ھەزرەتى ئەلىنىڭ زامانىدا مەيدانغا

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ھادىسىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن، ھەمدە ھەزرەتى ئەلىنىڭ قورقماس، پەرۋاسىز، توق كۆز، زاھىدلارچە ۋە قەھرىمانلارچە ھالىتى ۋە ئالەمگە مەشھۇر شۆھرىتى ئېتىبارى بىلەن، كۆپ زاتلاردا ۋە قەبىلىلەردە رىقابەت ھېسسىنى قوزغىتىپ، بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولۇش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك ئىدى. ھەم ھەزرەتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈشىنىڭ بىر سىرى شۇدۇركى، بەكمۇ كۆپ خىل قەۋملەرنىڭ بىر- بىرىگە ئارىلىششى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللامنىڭ خەۋەر بەرگىنىدەك، كېيىن مەيدانغا چىقىدىغان يەتمىش ئۈچ پىرقە پىكىرلىرىنىڭ ئاساسلىرىنى ئېلىپ يۈرگۈچى ئۇ قەۋملەر ئىچىدە، فىتنە قوزغايدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش زامانىسىدا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەزرەتى ئەلىدەك ھەيران قالارلىق بىر جاسارەت ۋە پاراسەت ئىگىسى، ھاشىمىيلەردىن ۋە ئالى بەيتتىن بولغان قۇۋۋەتلىك، ھۆرمەتلىك بىر قۇۋۋەتنىڭ بولىشى لازىم ئىدى . شۇنداق، ئۇ تاقابىل تۇرالىدى... رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام خەۋەر بېرىپ ھەزرەتى ئەلىگە دىگەن : « مەن قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ئۈچۈن كۆرەش قىلدىم، سەنمۇ تەۋىلى (سىرلىرىنىڭ تەتقىقاتى) ئۈچۈن كۆرەش قىلىسەن!» ھەم ئەگەر ھەزرەتى ئەلى بولمىغان بولسا، دۇنيا سەلتەنىتى، ئەمەۋى دۆلىتىنى پۈتۈنلەي يولدىن چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى . ھالبۇكى قارشىسىدا ھەزرەتى ئەلى ۋە ئالي بەيتى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى مۇۋازىنەتكە كېلىش ۋە ئەھلى ئىسلام نەزىرىدە شەرىيىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن خالاپ - خالىماي ئەمەۋى دۆلىتى رەئىسلىرىنىڭ ھەممىسى، ئۆزلىرى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئۈندەش ۋە قوللاشلىرى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرى ۋە تەرەپدارلىرى، پۈتۈن قۇۋۋەتلىرى بىلەن ئىسلام ھەقىقەتلىرى ۋە ئىمان ھەقىقەتلىرى، ھەمدە قۇرئان ئەھكاملىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋە تارقىتىشقا تىرىششتى. يۈز مىڭلارچە ھەقىقەتچى مۇجتەھىدلەر، كامىل مۇھەددىسلەر، ئەۋلىيالار ۋە ئەسفىيالارنى يېتىشتۈردى . ئەگەر قارشىلىرىدا ئالى بەيتتىكى غايەت قۇۋۋەتلىك ۋەلايەت (ئەۋلىيالىق)، دىيانەت ۋە كامالەت بولمىغان بولسا، ئابباسىيلارنىڭ ۋە ئەمەۋىلەرنىڭ ئاخىرلىرىدىكىگە ئوخشاش، پۈتۈنلەي يولدىن چىقىش ئېھتىمالى چوڭ ئىدى.

**ئەگەر دىيىلسە:« نىمىشقا ئىسلام خەلىپىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالى بەيتىدە داۋاملاشمىدى؟ ھالبۇكى ئەڭ زىيادە لايىق ۋە ھەقلىق بولغانلار ئۇلار ئىدى؟»**

**جاۋاب:** دۇنيا سەلتەنىتى ئالدامچىدۇر. ئالى بەيت بولسا، ئىسلام ھەقىقەتلىرى ۋە قۇرئان ئەھكاملىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن ۋەزىپىدار ئىدى . خەلىپىلىك ۋە

سەلتەنەتتە ئولتۇرغانلار ئالدانماسلىق ئۈچۈن، يا پەيغەمبەردەك گۇناھسىز بولىشى، ۋەياكى خۇلەفائى راشىدىن ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ھەمدە مەھدى ئاببىاسىيدەك ھەيران قالارلىق بىر زاھىد قەلبلىك بولىشى كېرەك . ھالبۇكى، مىسىردا ئالى بەيت نامىغا تەشكىل قىلىنغان فاتىمىيە خەلىپىلىكى، ئافرىقىدا مۇۋەھھىدىن ھۆكۈمىتى ۋە ئىراندا سەفەۋىيلەر دۆلىتى كۆرسەتتىكى، دۇنيا سەلتەنىتى ئالى بەيتكە يارىمايدۇ . ھەقىقىي ۋەزىپىسى بولغان دىنىي مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئىسلامىيەتكە خىزمەت قىلىشنى ئۇلارغا ئۇنۇتتۇرۇپ قويىدۇ . ھالبۇكى، سەلتەنەتنى تەرك قىلغان ۋاقىتلىرىدا، پارلاق ۋە يۈكسەك بىر سۈرەتتە ئىسلامىيەتكە ۋە قۇرئانغا خىزمەت قىلغاندۇر.

**مانا قارا!** ھەزرەتى ھەسەننىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئەقتابلار، خۇسۇسەن تۆت ئەقتاب ۋە بولۇپمۇ غەۋسۇل ئەئزەم بولغان شەيخ ئابدۇلقادىر گەيلانى، ھەمدە ھەزرەتى ھۈسەيىننىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئىماملار، خۇسۇسەن زەينەلئابىدىن ۋە جەئفەرى سادىق قاتارلىق ئىماملاركى، ھەربىرى بىردىن مەنىۋى مەھدى ھۆكمىگە ئۆتكەندۇر، مەنىۋى زۇلۇم ۋە زۇلمەتلەرنى يوقىتىپ، قۇرئاننىڭ نۇرلىرى ۋە ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى تارقاتقاندۇر. بۈيۈك چوڭ دادىسىنىڭ بىردىن ۋارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكەندۇر.

**ئەگەر دېيىلسە: مۇبارەك ئىسلامىيەت ۋە نۇرانىي سائادەت ئەسرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۇ دەھشەتلىك، قانلىق فىتنىنىڭ ھىكمىتى ۋە رەھمەت تەرىپى قايسى؟ چۈنكى ئۇلار قەھرگە (غەزەپكە) لايىق ئەمەس ئىدىغۇ؟**

**جاۋاب:** ئاللايلۇق، باھاردا دەھشەتلىك يامغۇرلۇق بىر بوران- چاپقۇن، ھەر تائىپە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، ئۇرۇقلارنىڭ، دەرەخلەرنىڭ ئىستىداتلىرىنى غىدىقلاپ تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرىدۇ، ھەربىرى ئۆزىگە مەخسۇس بىر چېچەك ئېچىپ، فىترىي (تەبىئىي) بىر ۋەزىپە بېشىغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ بېشىغا كەلگەن فىتنىمۇ، ئۇرۇقلار ھۆكمىدىكى خىلمۇ- خىل بولغان ئايرىم- ئايرىم ئىستىداتلارنى غىدىقلاپ قامچىلىدى. «ئىسلامىيەت خەتەر ئىچىدە، يانغىن بار!» دەپ ھەر تائىپىنى قورقۇتتى. ئىسلامىيەتنىڭ مۇھاپىزىتىگە يۈگۈرتتى. ھەربىرى ئىستىداتىغا قارىتا ئىسلام جامائىتىنىڭ كۆپلىگەن ۋە خىلمۇ-خىل ۋەزىپىلىرىدىن بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە يۈكسەك ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشتى. بىر قىسمى ھەدىسلەرنىڭ مۇھاپىزىتىگە، بىر قىسمى شەرىئەتنىڭ مۇھاپىزىتىگە، بىر قىسمى ئىمان ھەقىقەتلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىگە، بىر قىسمى قۇرئاننىڭ مۇھاپىزىتىگە تىرىشتى ۋەھاكازا... ھەربىر تائىپە بىر خىزمەتكە كىردى . ئىسلامىيەت ۋەزىپىلىرىدە

www.uyghurkitap.com

ھارارەتلىك بىر سۈرەتتە ئىشلىدى . خىلمۇ- خىل رەڭلەردە نۇرغۇن گۈللەر ئېچىلدى . ناھايىتى كەڭرى بولغان ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئۇ بوران بىلەن ئۇرۇقلار چېچىلدى، يەرنىڭ يۈزىمىنى گۈلىستانغا ئايلاندۇردى. ئەمما، ئەپسۇسكى ئۇ گۈللەر ۋە گۈلىستانلار ئىچىدە ئەھلى بىدئەت پىرقىلىرىنىڭ تىكەنلىرىمۇ چىقتى.

**گويا قۇدرەت قولى ھەيۋەت بىلەن ئۇ ئەسىرنى چالغىتتى. شىددەتلىك ھالدا قوزغاپ ئايلاندۇردى. ئەھلى ھىممەتنى (تۆھپىكارلارنى) غەيرەتكە كەلتۈرۈپ زەرەتلىدى. ئۇ ھەرىكەتتىن كەلگەن بىر مەركەزدىن قېچىش كۈچى بىلەن ناھايىتى كۆپ نۇرلۇق مۇجتەھىدلەرنى ۋە نۇرانىي مۇھەددىسلەرنى، مۇقەددەس قارىيلارنى، ئەسفىيالارنى، ئەقتابلارنى ئىسلام ئالىمىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئۇچۇردى، ھىجرەت قىلغۇزدى. شەرقتىن غەربكىچە ئەھلى ئىسلامنى ھاياجانغا كەلتۈرۈپ، قۇرئاننىڭ خەزىنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئاچتۇردى...** ئەمدى ئەسلى تېمىمىزغا قايتىمىز:

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر بەرگىنى بويىچە ئەينەن مەيدانغا كەلگەن ئىشلار مىڭلارچىدۇر، ناھايىتى كۆپتۇر. بىز پەقەتلا قىسمەن بىر قانچە مىسالىغا ئىشارەت قىلىمىز:

باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىم، سەھىھلىكتە مەشھۇر بولغان ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ ساھىبلىرى بىز بايان قىلماقچى بولغان خەۋەرلەرنىڭ كۆپىدە بىرلىككە كەلگەن، ئۇ خەۋەرلەرنىڭ كۆپى مەنىۋى جەھەتتىن مۇتەۋاتىر ۋە بىر قىسمى ئەھلى تەھقىق بولغانلارنىڭ ئۇلارنىڭ سەھىھلىكىدە بىرلىككە كېلىشى بىلەن، مۇتەۋاتىردەك قەتئىي دېگىلى بولىدۇ.

(قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ساھابىلىرىگە خەۋەر بەرگەنكى: «سىلەر بارلىق دۈشمەنلىرىڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسىلەر. ھەم مەككىنىڭ، خەيبەرنىڭ، شامنىڭ، ئىراقنىڭ، ئىراننىڭ، بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ فەتھىگە مۇۋەپپەق بولىسىلەر. ھەم ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ بۈيۈك دۆلەتلىرى بولغان ئىران ۋە رۇم پادىشاھلىرىنىڭ خەزىنىلىرىنى ئاراڭلاردا تەقسىم قىلىسىلەر!...» دەپ خەۋەر بەرگەن، ھەم «پەرىزىم شۇنداق ياكى مۇشۇنداق دەپ قارايمەن» دېمىگەن، بەلكى كۆرىۋاتقاندەك قەتئىي خەۋەر بەرگەن، خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر. ھالبۇكى خەۋەر بەرگەن ۋاقىتتا، ھىجرەتكە مەجبۇر بولغان، ساھابىلىرى ئاز، مەدىنە ئەتراپى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا دۈشمەن ئىدى.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) كۆپ قېتىم : عَلَيْكُمْ بِسِيرَةِ الَّذَيْنِ مِنْ بَعْدِى اَبِى بَكْرٍ وَ عُمَرَ دەپ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئۆزىدىن كېيىن قالىدىغانلىقى ۋە خەلىپە بولىدىغانلىقى، ھەم مۇكەممەل بىر سۈرەتتە ۋە ﷲنىڭ رىزاسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك زامانى ئاز بولىدىغانلىقى، ئۆمەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى ۋە نۇرغۇن فەتىھلەرنى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىشارەت بەرگەن.

ھەم : زُوِيَتْ لِىَ ٱلاَرْضُ فَاُرِيتُ مَشَارِقَهَا وَمَغَارِبَهَا وَسَيَبْلُغُ مُلْكُ اُمَّتِى مَا زُوِىَ لِى مِنْهَا دەپ: « شەرقتىن غەربكىچە مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ھېچبىر ئۈممەت ئۇنچىلىك سەلتەنەتكە ئېرىشەلمىگەن.» خەۋەر بەرگىنىدەك چىققان.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) بەدىر غازىتىدىن ئىلگىرى: هذَا مَصْرَعُ اَبِى جَهْلٍ، هذَا مَصْرَعُ عُتْبَةَ، هذَا مَصْرَعُ اُمَيَّةَ، هذَا مَصْرَعُ فُلاَنٍ وَ فُلاَنٍ دەپ، مۇشرىك قۇرەيش رەئىسلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ نەدە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ۋە «مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۈبەي ئىبنى خەلەفنى ئۆلتۈرىمەن» دېگەن. خەۋەر بەرگىنىدەك چىققان.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) بىر ئايلىق يىراق مۇساپىدىكى شام ئەتراپىدا، مۇتە دېگەن جايدىكى مەشھۇر غازاتتا جەڭ قىلىۋاتقان ساھابىلەرنى كۆرىۋاتقاندەك اَخَذَ الرَّايَةَ زَيْدٌ فَاُصِيبَ، ثُمَّ اَخَذَهَا اِبْنُ رَوَاحَةَ فَاُصِيبَ، ثُمَّ اَخَذَهَا جَعْفَرُ فَاُصِيبَ، ثُمَّ اَخَذَهَا سَيْفٌ مِنْ سُيُوفِ اللّٰهِ دەپ، ھادىسىلەرنى بىر- بىرلەپ ساھابىلىرىگە خەۋەر بەرگەن. ئىككى- ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن يەئلا ئىبنى مۇنەببىھ جەڭدىن كەلدى، ئۇ تېخى سۆزلىمەستىنلا مۇخبىرى سادىق (توغرا خەۋەرچى) (ئە.س.ۋ) جەڭنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلدى. يەئلا قەسەم بىلەن: «ئەينەن دېگىنىڭىزدەك بولدى» دېدى.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) اِنَّ الْخِلاَفَةَ بَعْدِى ثَلاَثُونَ سَنَةً ثُمَّ تَكُونُ مُلْكًا عَضُوضًا وَاِنَّ هذَا ٱلاَمْرَ بَدَاَ نُبُوَّةً وَرَحْمَةًثُمَّ يَكُونُ رَحْمَةً وَخِلاَفَةً ثُمَّ يَكُونُ مُلْكًا عَضُوضًا ثُمَّ يَكُونُ عُتُوًّا وَ جَبَرُوتًا دەپ، ھەزرەتى ھەسەننىڭ ئالتە ئايلىق خەلىپىلىكى بىلەن، تۆت خەلىپىنىڭ (خۇلەفائى راشىدىنىنىڭ) خەلىپىلىك زامانلىرىنى ۋە ئۇلاردىن كېيىن سەلتەنەت شەكلىگە كىرىدىغانلىقىنى، كېيىن ئۇ سەلتەنەتتىن ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈملەر چىقىپ ئۈممەت ئىچىدە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) يُقْتَلُ عُثْمَانُ وَهُوَ يَقْرَاُ الْمُصْحَفَ وَاِنَّ اللّٰهَ عَسَى اَنْ يُلْبِسَهُ قَمِيصًا وَاِنَّهُمْ يُرِيدُونَ خَلْعَهُ دەپ، ھەزرەتى ئوسماننىڭ خەلىپە

بولىدىغانلىقىنى ۋە خەلىپىلىكتىن ئىستىپا بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە مەزلۇم هالدا قۇرئان ئوقۇۋاتقان هالەتتە قەتلى قىلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

هەم (قەتئىي سەهىھ نەقىل بىلەن) قان ئالدۇرغاندا، ئۇ مۇبارەك قېنىنى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير تەۋەررۈك قىلىپ ئىچكەن ۋاقىتتا  وَيْلٌ لِلنَّاسِ مِنْكَ وَ وَيْلٌ لَكَ مِنَ النَّاسِ  دەپ، هەيران قالارلىق بىر شىجائەت بىلەن ئۈممەتنىڭ بېشىغا ئۆتىدىغانلىقىنى ۋە مۇدهىش هۇجۇملارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ۋە ئىنسانلار ئۇنىڭ سەۋەبىدىن دەهشەتلىك هادىسىلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر. ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ئەمەۋىيلەر زامانىدا مەككىدە خەلىپىلىك ئېلان قىلىپ، قەهرىمانلارچە كۆپلىگەن جەڭلەرنى قىلىدۇ . ئاخىرى زالىم هەججاج چوڭ بىر قوشۇن بىلەن هۇجۇم قىلىپ، شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن ئۇ شانلىق قەهرىمان شېهىد قىلىنىدۇ.

هەم (قەتئىي سەهىھ نەقىل بىلەن) ئەمەۋى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاهلىرىنىڭ كۆپىنىڭ زالىم بولىدىغانلىقىنى ۋە ئىچىدە يەزىد ۋە ۋەلىد بولىدىغانلىقىنى، هەمدە هەزرەتى مۇئاۋىيەنىڭ ئۈممەتنىڭ بېشىغا ئۆتىدىغانلىقىنى، وَاِذَا مَلَكْتَ فَاَسْجِحْ‌دەپ، كەڭ قوللۇقنى ۋە ئادالەتنى تەۋسىيە قىلغاندۇر. ۋە ئەمەۋىيدىن كېيىن، يَخْرُجُ وَلَدُ الْعَبَّاسِ بِالرَّايَاتِ السُّودِ وَ يَمْلِكُونَ اَضْعَافَ مَا مَلَكُوا دەپ، ئابباسىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن.  هەم خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

هەم (قەتئىي سەهىھ نەقىل بىلەن) وَيْلٌ لِلْعَرَبِ مِن شَرٍّ قَدِ اقْتَرَبَ دەپ، چىنگىزخان ۋە هىلاكۇنىڭ دەهشەتلىك فىتنىلىرىنى ۋە ئەرەب ئابباسىيلار دۆلىتىنى خاراپ قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

هەم (قەتئىي سەهىھ نەقىل بىلەن) سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ناهايىتى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنىڭغا  لَعَلَّكَ تُخَلَّفُ حَتَّى يَنْتَفِعَ بِكَ اَقْوَامٌ وَيَسْتَضِرَّ بِكَ آخَرُونَ  دەپ، كېلەچەكتە بۈيۈك بىر قوماندان بولىدىغانلىقىنى، كۆپ فەتىهلەرنى قىلىدىغانلىقىنى، كۆپلىگەن مىللەت ۋە قەۋملەرنىڭ ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆرىدىغانلىقىنى، يەنى مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى، هەمدە كۆپلەرنىڭ زەرەر كۆرىدىغانلىقىنى، يەنى دۆلەتلىرى  ئۇنىڭ قولىدا خاراپ بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر . هەزرەتى سەئىد ئىسلام قوشۇنىنىڭ بېشىغا ئۆتتى، ئىران دۆلىتىنى ۋەيران قىلدى. نۇرغۇن قەۋملەرنىڭ ئىسلام دائىرىسىگە ۋە هىدايەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولدى.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ئىمان ئېيتقان ھەبەش پادىشاھى نەجاشى ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلىدا ۋاپات بولغان كۈنى ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ساھابىلىرىگە خەۋەر بەرگەن، ھەتتا مېيىت نامىزىنى ئوقۇغان. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ شۇ كۈنى ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلگەن.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) تۆت خەلىپە بىلەن بىللە ئۇھۇد ياكى ھىرا تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ۋاقىتتا تاغ تەۋرەپ تىترەپ كەتكەن . تاغقا ئەمىر قىلىپ : اُثْبُتْ فَاِنَّمَا عَلَيْكَ نَبِيٌّ وَ صِدِّيقٌ وَ شَهِيدٌ  دېگەن  ۋە ھەزرەتى ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىنىڭ شېھىد بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن  ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

**ئەي بەدبەخت، قەلبسىز، بىچارە ئادەم! « مۇھەممەدى ئەرەبى ئەقىللىق بىر ئادەم ئىدى» دەپ قويۇپلا ئۇ ھەقىقەت قۇياشىغا قارشى كۆزىنى يۇمغان بىچارە ئىنسان!** ئون بەش تۈرلۈك ئومۇمي  مۆجىزىلىرىدىن بىر تۈر بولغان غەيبىي ئىشلاردىن ئون بەشتىن ۋە بەلكى يۈز قىسمىدىن بىر قىسمىنى ئاڭلىدىڭ . مەنىۋى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە قەتئىي بىر قىسمىنى بىلدىڭ. شۇ غەيبى خەۋەر قىسمىنىڭ يۈزدە بىر سىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر زاتقا، پاراسىتى بىلەن ئىستىقبالنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن «بۈيۈك دانىشمەن» دېيىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، ساڭا ئوخشاش دانىشمەنلىك دېسەڭ، يۈز بۈيۈك دانىشمەن دەرىجىسىدە مۇقەددەس بىر دانىشمەنلىكى بولغان بىر ئادەم خاتا كۆرەمدۇ؟ خاتا خەۋەر بېرىشكە ئېھتىياجى چۈشەمدۇ؟ **بۇنداق يۈز دەرىجە بۈيۈك بىر دانىشمەنلىك ساھىبىنىڭ ئىككى دۇنيا سائادىتىگە دائىر سۆزلىرىگە قۇلاق سالماسلىق، ئەلۋەتتە يۈز دەرىجە ئەخمەقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.**

**ئالتىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت:**

(قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ھەزرەتى فاتىمەگە(ر.ئە): اَنْتِ اَوَّلُ اَهْلِ بَيْتِي لُحُوقًا بِي دەپ، « ئائىلە بەيتىمدىن ھەممەيلەندىن بۇرۇن سەن ۋاپات بولۇپ، ماڭا قوشۇلىسەن» دېگەن. ئالتە ئايدىن كېيىن، خەۋەر بەرگىنىدەك ئەينەن شۇنداق بولغاندۇر.

ھەم ئەبۇ زەرگە: مِنْ هُنَا وَتَعِيشُ وَحْدَكَ وَتَمُوتُ وَحْدَكَ دەپ، مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ، يالغۇز ھايات كەچۈرۈپ، يالغۇز بىر سەھرادا ۋاپات بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن.  يىگىرمە يىلدىن كېيىن خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

ھەم ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ھاممىسى بولغان ئۇممۇ ھەرەمنىڭ ئۆيىدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، تەبەسسۇم قىلىپ دەپتۇ: رَاَيْتُ اُمَّتِي يَغْزُونَ فِي الْبَحْرِ كَالْمُلُوكِ

عَلَى ٱلاَسِرَّةِ  ئۇممۇ ھەرەممۇ يالۋۇرۇپ : «دۇئا قىلىڭ، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولاي.» دەپتۇ . ئۇنىڭغا دەپتۇكى: «بىللە بولىسەن.»  قىرىق يىلدىن كېيىن، يولدىشى ئۇبادە ئىبنى سامىت بىلەن قىبرىس فەتھىگە بېرىپ، قىبرىستا ۋاپات بوپتۇ ۋە مازىرى زىيارەتگاھ بوپتۇ . ئەينەن خەۋەر بېرىلگىنىدەك بولغاندۇر.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) دەپتۇ: يَخْرُجُ مِنْ ثَقِيفَ كَذَّابٌ وَ مُبِيرٌ يەنى: «سەقىف قەبىلىسىدىن بىرى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدۇ ؛ ۋە بىر خۇنخور زالىم مەيدانغا چىقىدۇ.» دەپ، پەيغەمبەرلىك  دەۋا قىلغان مەشھۇر مۇختارنى  ۋە يۈز مىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن  ھەججاجى  زالىمنى  خەۋەر بەرگەندۇر.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) سَتُفْتَحُ الْقُسْطَنْطِينِيَّةُ فَنِعْمَ ٱلاَمِيرُ اَمِيرُهَا وَنِعْمَ الْجَيْشُ جَيْشُهَا   دەپ، ئىستانبۇلنىڭ ئىسلام قولى بىلەن فەتھ بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەزرەتى سۇلتان مەھمەد فاتىھنىڭ يۈكسەك بىر مەرتىۋە ئىگىسى ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن  ۋە ئەينەن خەۋەر بەرگىنىدەك بولغاندۇر.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) : اِنَّ الدِّينَ لَوْ كَانَ مَنُوطًا بِالثُّرَيَّا لَنَا لَهُ رِجَالٌ مِنْ اَبْنَاءِ فَارِسَ دەپ، باشتا ئەبۇ ھەنىفە بولۇپ، ئىراننىڭ مىسلىسىز بىر سۈرەتتە يېتىشتۈرگەن ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالىرىغا ئىشارەت قىلىپ خەۋەر بەرگەندۇر.

ھەم عَالِمُ قُرَيْشٍ يَمْلَءُ طِبَاقَ ٱلاَرْضِ عِلْمًا  دەپ، ئىمام شافىئىغا ئىشارەت قىلىپ خەۋەر بەرگەندۇر.

ھەم ( قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) : سَتَفْتَرِقُ اُمَّتِى ثَلاَثًا وَسَبْعِينَ فِرْقَةً اَلنَّاجِيَةُ وَاحِدَةٌ مِنْهَا. قِيلَ مَنْهُمْ؟ قَالَ مَا اَنَا عَلَيْهِ وَ اَصْحَابِى  دەپ، ئۈممىتىنىڭ يەتمىش ئۈچ پىرقىگە بۆلىنىدىغانلىقى  ۋە  ئىچىدە نىجات تاپىدىغان كامىل پىرقىنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت  ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەندۇر.

ھەم: اَلْقَدَرِيَّةُ مَجُوسُ هذِهِ ٱلاُمَّةِ  دەپ، كۆپ شۆبىلەرگە (پىرقىلەرگە) بۆلۈنگەن ۋە تەقدىرنى ئىنكار قىلغان قەدەرىيە تائىپىسىنى خەۋەر بەرگەن . ھەم  كۆپ شۆبىلەرگە بۆلۈنگەن رافىزىيلارنى خەۋەر بەرگەندۇر.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ئىمام ئەلىگە (ر.ئە) دېگەن: «سەندە ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدەك ئىككى قىسىم ئىنسان ھالاكەتكە كېتىدۇ . بىرسى، ئوشۇقچە مۇھەببەت بىلەن؛ يەنە بىرى، ئوشۇقچە ئاداۋەت بىلەن.» ناسارالار (خرىستىئانلار) ھەزرەتى ئىيساغا مۇھەببەتتە چەكتىن ئېشىپ، (ھاشا!) «اللهنىڭ بالىسى» دېدى. يەھۇدىيلار ئاداۋەتتە بەك ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە كامالىتىنى ئىنكار قىلدى . سېنىڭ ھەققىڭدىمۇ بىر قىسىملار

شەرىئەتنىڭ چىكىدىن ئېشىپ، مۇھەببىتىدىن ھالاكەتكە كېتىدۇ . لَهُمْ نَبْزٌ يُقَالُ لَهُمُ الرَّافِضِيَّةُ دېگەن. بىر قىسمى، ساڭا ئاداۋەتتە ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئۇلار خاۋارىجدۇر ۋە ئەمەۋىيلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان بىر قىسىم تەرەپدارلىرىدۇركى، ئۇلار ناسىبە دېيىلىدۇ.

**ئەگەر دېيىلسە:** ئالى بەيتنى سۆيۈشنى قۇرئان ئەمر قىلىدۇ. ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالاممۇ كۆپ تەشۋىق قىلغان. ئۇ مۇھەببەت، شىئەلەر ئۇچۇن بەلكى بىر ئۆزۈر بولىشى مۇمكىن. چۈنكى مۇھەببەت ئەھلى قىسمەن ھېسسىيات ئەھلىدۇر. نېمىشقا شىئەلەر، بولۇپمۇ رافىزىيلەرنىڭ ئۇ مۇھەببەتتىن پايدىلىنىشى جائىز ئەمەس؟ ئەكسىچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇ زىيادە مۇھەببەتلىرى سەۋەبلىك نېمىشقا جاۋاپكار بولىدۇ؟

**جاۋاب: مۇھەببەت ئىككى قىسىمدۇر.** بىرى، مەنايى ھەرفى بىلەن؛ يەنى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام ھېسابىدىن، جانابى ھەق نامىدىن ھەزرەتى ئەلى بىلەن ھەسەن، ھۈسەيىن ۋە ئالى بەيتنى سۆيۈشتۇر . شۇ مۇھەببەت رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامغا بولغان مۇھەببەتنى زىيادىلەشتۈرىدۇ. جانابى ھەققە بولغان مۇھەببەتكە ۋەسىلە (ۋاستە) بولىدۇ . بۇ مۇھەببەت شەرىئەتكە ئۇيغۇندۇر، ئېشىپ كېتىشى زىيان بەرمەيدۇ، چەكتىن ھالقىش ھېساپلانمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىنى ۋە ئاداۋەت قىلىنىشىنى نەتىجىلەندۈرمەيدۇ.

ئىككىنچىسى: مەنايى ئىسمى بىلەن مۇھەببەتتۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى سۆيىدۇ. ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنى ئويلىماستىن، ھەزرەتى ئەلىنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى، كامالىتىنى ۋە ھەزرەتى ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ يۈكسەك پەزىلەتلىرىنى ئويلاپ سۆيىدۇ. ھەتتا ﷲنى بىلمىگەن، پەيغەمبەرنى تونىمىغان تەقدىردىمۇ يەنە ئۇلارنى سۆيىدۇ. بۇ خىل سۆيۈش، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامغا بولغان مۇھەببەتكە ۋە جانابى ھەققە بولغان مۇھەببەتكە سەۋەب بولمايدۇ؛ ھەم ھەددىدىن ئېشىش بولسا، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىنىشىنى ۋە ئاداۋەت قىلىنىشىنى نەتىجىلەندۈرۈپ قويىدۇ.

دېمەك ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئىشارىتى بىلەن، ھەزرەتى ئەلى ھەققىدە زىيادە مۇھەببەتلىرىدىن، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن ھەزرەتى ئۆمەردىن يۈز بۇرىغانلىقلىرىدىن ھەسرەتكە چۈشۈشكەندۇر. ئۇ مەنفى مۇھەببەت، ھەسرەتكە قېلىش سەۋەبىدۇر.

ھەم (قەتئي سەھىھ نەقىل بىلەن): اِذَا مَشَوُا الْمُطَيْطَاءَ وَخَدَمَتْهُمْ بَنَاتُ فَارِسَ وَالرُّومِ، رَدَّ اللهُ بَأْسَهُمْ بَيْنَهُمْ وَ سَلَّطَ شِرَارَهُمْ عَلَى خِيَارِهِمْ دەپ، «قاچانكى ئىران، رۇم قىزلىرى سىلەرگە خىزمەت قىلسا، ئۇ ۋاقىت بالايىڭلار، فىتنەڭلار ئىچىڭلارغا كىرىدۇ، ئۇرۇشۇڭلار ئىچكى ئۇرۇش بولىدۇ ، يامانلار باشقا ئۆتۈپ، ياخشىلىرىڭلارغا مۇسەللەت بولىدۇ (زىيان يەتكۈزىدۇ).» دەپ خەۋەر بەرگەن. ئوتتۇز يىلدىن كېيىن، خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

ھەم (قەتئي سەھىھ نەقىل بىلەن) وَتُفْتَحُ خَيْبَرُ عَلَى يَدَىْ عَلِيٍّ دەپ، «خەيبەر قەلئەسىنىڭ فەتھى ئەلىنىڭ قولى بىلەن بولىدۇ.» دېگەن. ئۇيلىغاندىنمۇ ئۈستۈن بىر سۈرەتتە ئىككىنچى كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە خەيبەر قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىنى ھەزرەتى ئەلى قومۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى قالقان قىلىپ ئىشلەتكەن ۋە فەتھكە مۇۋەپپەق بولغاندىن كېيىن دەرۋازىنى يەرگە تاشلىغان. سەككىز كۈچلۈك ئادەم ئۇ دەرۋازىنى كۆتۈرەلمىگەن، بىر رىۋايەتتە قىرىق ئادەم كۆتۈرەلمىگەن.

ھەم، لاَ تَقُومُ السَّاعَةُ حَتَّى تَقْتَتِلَ فِئَتَانِ دَعْوَاهُمَا وَاحِدَةٌ دەپ، سىففىندە ھەزرەتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ئۇرۇشنى خەۋەر بەرگەن.

ھەم: اِنَّ عَمَّارًا تَقْتُلُهُ الْفِئَةُ الْبَاغِيَةُ دەپ، «ئازغۇن (باغي) بىر تائىپە ئەممارنى قەتلى قىلىدۇ» دېگەن . كېيىن سىففىن جېڭىدە قەتلى قىلىندى . ھەزرەتى ئەلى، بۇنى مۇئاۋىيەنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىگە ھۆججەت كۆرسەتتى. ئەمما مۇئاۋىيە رەت قىلدى . ئەمر ئىبنى ئاس دېدى: « باغي پەقەت ئۇنىڭ قاتىللىرىدۇر، ھەممىمىز ئەمەس.»

ھەم: اِنَّ الْفِتَنَ لاَ تَظْهَرُ مَا دَامَ عُمَرُ حَيًّا دەپ، «ھەزرەتى ئۆمەر ھاياتلا بولسا، ئىچىڭلاردا فىتنە چىقمايدۇ. » دەپ خەۋەر بەرگەن ۋە شۇنداق بولغاندۇر.

ھەم سەھل ئىبنى ئامر ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن ئەسىرگە چۈشىدۇ. ھەزرەتى ئۆمەر، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا دەيدۇكى: «رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن بۇنىڭ چىشلىرىنى سۇغۇرىۋېتەي . چۈنكى ئۇ پاساھىتى بىلەن قۇرەيش كۇپپارلىرىنى بىز بىلەن جەڭ قىلىشقا تەشۋىق قىلاتتى.» رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: وَعَسَى اَنْ يَقُومَ مَقَامًا يَسُرُّكَ يَا عُمَرُ دېگەن . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ۋاپاتى ۋاقتىدىكى بەكمۇ كۆڭۈلسىز ۋە سەبىر قىلغۇسىز ھادىسىدە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق مەدىنەئى مۇنەۋۋەرەدە مۇكەممەل بەرداشلىق بېرىش كۈچى بىلەن ھەممەيلەنگە تەسەللى بېرىپ، مۇھىم

بىر خۇتبە بىلەن ساھابىلەرنى تەسكىن تاپقۇزغاندەك، شۇ سەھلمۇ دەل شۇ ۋاقىتتا، مەككەنى مۇكەررەمەدە ئەينەن ئەبۇ بەكرى سىددىقتەك ساھابىلەرگە تەسكىن ۋە تەسەللى بېرىپ، ئۇ مەلۇم پاساھەتى بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ خۇتبىسىگە ئوخشاش مەنىدە بىر نۇتۇق سۆزلىگەن . ھەتتا ئىككى خۇتبىنىڭ سۆزلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

ھەم سۇراقەگە : كَيْفَ بِكَ اِذَا اُلْبِسْتَ سُوَارَىْ كِسْرَى دەپ، « كىسرانىڭ ئىككى بىلەيزۈكىنى تاقايسەن!» دېگەن . ھەزرەتى ئۆمەر زامانىدا كىسرا يوقىتىلدى، زىننەتلىرى ۋە شاھانە بىلەيزۈكى كەلتۈرۈلدى، ھەزرەتى ئۆمەر سۇراقەگە تاقاتتى. اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى سَلَبَهُمَا كِسْرَى وَاَلْبَسَهُمَا سُرَاقَةَ دەپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ خەۋىرىنى تەستىق قىلغۇزدى.

ھەم: اِذَا ذَهَبَ كِسْرَى فَلاَ كِسْرَى بَعْدَهُ دەپ، «پارس كىسراسى يوقالغاندىن كېيىن كىسرا چىقمايدۇ!» دەپ خەۋەر بەرگەن ۋە شۇنداق بولغاندۇر.

ھەم كىسرانىڭ ئەلچىسىگە دېگەن: «ھازىر كىسرانىڭ ئوغلى شىرۋەيخ پەرۋىز كىسرانى ئۆلتۈردى. » ئۇ ئەلچى تەھقىقلەپ كۆرسە، دەل شۇ ۋاقىتتا شۇنداق بولغانىكەن. ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان بولىدۇ . بەزى ھەدىسلەردە ئۇ ئەلچىنىڭ ئىسمى فىرۇزدۇر.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ھاتىب ئىبنى بەلتەئەنىڭ قۇرەيشلەرگە يوشۇرۇن خەت ئەۋەتكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن . ھەزرەتى ئەلى بىلەن مىقدادنى ئەۋەتىپ، « پالانى يەردە بىر كىشىدە شۇنداق بىر خەت بار. خەتنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دېگەن. ئۇلار بېرىپ، دەل شۇ يەردە، دەل شۇ خەتنى ئەكەلگەن . ھاتىبنى ئېلىپ كېلىپ، «نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» دېگەن . ئۇ ئۆزرە ئېيتقان، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ئۇتبە ئىبنى ئەبى لەھەب ھەققىدە: يَأْكُلُهُ كَلْبُ اللّٰهِ دەپ، ئۇتبەنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى خەۋەر بەرگەن. كېيىن يەمەن تەرەپكە كېتىۋاتقاندا بىر شىر ئۇنى يەۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ھەم بەددۇئاسىنى، ھەم خەۋىرىنى تەستىق قىلغاندۇر.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) مەككىنىڭ فەتھى ۋاقتىدا، ھەزرەتى بىلال ھەبەشى كەئبە ئېمىغا چىقىپ ئەزان توۋلىغان . قۇرەيش رەئىسلىرىدىن ئەبى سۇفيان، ئەتتاب ئىبنى ئەسىد ۋە ھارىس ئىبنى ھىشاملار ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى . ئەتتاب دېدى: «دادام بەختىيار ئىدىكى، بۈگۈننى كۆرمىدى.» ھارىس دېدىكى: «

مۇھەممەد مۇئەززىن قىلغىلى بۇ قارا قاغىدىن باشقا ئادەم تاپالمىغانمىدۇ؟» شۇنداق دېيىشىپ ھەزرەتى بىلالنى كەمسىتتى . ئەبى سۇفيان دېدى: «بىر نەرسە دېيىشتىن مەن قورقىمەن، باشقىسى بولمىسىمۇ، بۇ باتھانىڭ تاشلىرى ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىدۇ، ئۇ بىلىۋالىدۇ.» ھەقىقەتەن بىر دەمدىن كېيىن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارنىڭ دېيىشكەنلىرىنى بىرمۇ بىر دەپ بەردى . ئۇ چاغدا ئەتتاب بىلەن ھارىس شاھادەت كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولدى.

**ئەي بىچارە دىنسىز! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونىمىغان قەلبسىز ئادەم!** قارا، قۇرەيشنىڭ تەكەببۇر ئىككى چوڭى بىر غەيبىي خەۋەر بىلەن ئىمانغا كەلدى. قەلبىڭ نەقەدەر بۇزۇلغانكى، مەنئى تەۋاتۇر بىلەن، بۇ غەيبىي خەۋەردەك مىڭلارچە مۆجىزىلەرنى ئاڭلاۋاتىسەن، يەنە تامامەن قانائىتىڭ كەلمەيۋاتىدۇ!... خوش، ئەسلى تېمىمىزغا كېلەيلى.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) بەدىر غازىتىدا ھەزرەتى ئابباس ساھابىلەرنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشكەن ۋاقىتتا، قۇتۇلۇش فىدىيەسى تەلەپ قىلىنىپتۇ . ئۇ «پۇلۇم يوق» دەپتۇ. ھەزرەتى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام : «ئايالىڭ ئۇممۇ فەدلىنىڭ يېنىدا مۇنچىلىك پۇلنى پالانى يەردە تىقىپ قويۇپسەن.» دەپتۇ . ھەزرەتى ئابباس تەستىق قىلىپ، «ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان سىر ئىدى.» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن كامالى ئىمانىنى قازىنىپ مۇسۇلمان بوپتۇ.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ياۋۇز بىر سېھىرگەر بولغان يەھۇدى لەبىد، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى قىيناش ئۈچۈن ئاجايىپ ۋە تەسىرى كۈچلۈك بىر سېھىر قىپتۇ . بىر تاغاققا چاچلارنى يۆگەپ، ئۈستىدە سېھىر قىلغاندىن كېيىن بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ھەزرەتى ئەلىگە ۋە ساھابىلەرگە: « پالانى قۇدۇققا بېرىپ بۇ خىل سېھىر ئەسۋابلىرىنى تېپىپ ئەكىلىڭلار!» دەپتۇ. ئۇلار بېرىپ تېپىپ كەپتۇ . ھەربىر يىپى ئېلىنغاندا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالاممۇ راھەتسىزلىكتىن يېنىكلەپتۇ.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ئەبۇ ھۇرەيرەدەك مۇھىم زاتلارمۇ بولغان بىر جامائەت ئىچىدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: ضِرْسُ اَحَدِكُمْ فِي النَّارِ اَعْظَمُ مِنْ اُحُدٍ دەپ، بىرسىنىڭ مۇرتەد بولۇپ (دىنىدىن چىقىپ) كېتىدىغانلىقىدەك مۇدھىش بىر ئاقىۋەتنى خەۋەر بەرگەن . ئەبۇ ھۇرەيرە دەپتۇ: «

ئۇ جامائەتتىن، مەن ۋە يەنە بىر ئادەم ئىككىمىز قالدۇق. مەن قورقتۇم . كېيىن يەنە بىر ئادەم يەمامە جېڭىدە مۇسەيلىمە تەرىپىگە ئۆتۈپ مۇرتەد بولۇپ كەتتى ۋە شۇ ھالى بىلەن قەتلى قىلىندى.» پەيغەمبىرىمىزنىڭ خەۋىرىنىڭ ھەقىقىتى چىقتى.

ھەم (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ئۇمەير ۋە سەفۋان مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى، مۇھىم بىر مالغا بەدەل، پەيغەمبىرىمىزنى(ئە.س.ۋ) ئۆلتۈرۈشكە قارار بەرگەن بولۇپ، ئۇمەير بۇ نىيەت بىلەن مەدىنىگە كەلگەن . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇمەيرنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىرىپ، «سەفۋان بىلەن پىلانىڭلار بۇدۇر!» دەپ، قولىنى ئۇمەيرنىڭ كۆكسىگە قويۇپتۇ. ئۇمەير «شۇنداقتى» دەپ، مۇسۇلمان بولۇپتۇ.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن سەھىھ بولغان غەيبى خەۋەرلەر ئەمىلىي شەكىلدە مەيدانغا كەلگەندۇر، ھەمدە مەشھۇر ئالتە سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان ۋە سەنەدلىرى بىلەن بايان قىلىنغاندۇر. بۇ رىسالىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەنىۋى تەۋاتۇر ھۆكمىدە قەتئىيدۇر، شۈبھىسىزدۇر. قۇرئاندىن كېيىن ئەڭ سەھىھ كىتاب ئىكەنلىكى ئەھلى تەھقىق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىم ، ئۇنىڭدىن باشقا سەھىھى تىرمىزى، نەسائى، ئەبۇ داۋۇد، مۇسنەدى ھاكىم، مۇسنەدى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە دەلائىلى بەيھەقىدەك كىتابلاردا رىۋايەت يوللىرى بىلەن بايان قىلىنغاندۇر.

**ئەي بىھۇش دىنسىز! «مۇھەممەدى ئەرەبى (ئە.س.ۋ) ئەقىللىق بىر ئادەم ئىدى.» دەپلا ئۆتۈپ كەتمە!** چۈنكى شۇ غەيبى ئىشلارغا دائىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا خەۋەرلىرى بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدىن خالى ئەمەس؛ يا دەيسەن : ئۇ مۇقەددەس زاتتا شۇنداق كەسكىن بىر نەزەر ۋە كەڭرى بىر زېھىن باردۇركى، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنى ۋە پۈتۈن دۇنيانى كۆرىدۇ، بىلىدۇ ۋە ئالەمنىڭ ھەر تەرىپىنى، ھەمدە شەرق ۋە غەربنى قورشىيالايدىغان بىر كۆزى ۋە ئۆتكەن ۋە كېلىدىغان پۈتكۈل زامانلارنى بىلەلەيدىغان بىر زېھنى بار . بۇ خىل ئەھۋال بولسا ئىنساندا بولمايدۇ . ئەگەر بولىدۇ دېيىلسە، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەيران قالارلىق بىر ئىش ۋە بىر ئېھسان بولغان بولىدۇ . يالغۇز بۇنىڭ ئۆزىلا بىر بۈيۈك مۆجىزىدۇر . ۋەياكى: ئۇ مۇبارەك زات، شۇنداق بىر زاتنىڭ خىزمەتچىسى ۋە شاگىرتىدۇركى، ھەر نەرسە ئۇنىڭ نەزىرىدە ۋە تەسەررۇپىدىدۇر ۋە مەخلۇقاتنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى ۋە بارلىق زامانلار، ئۇنىڭ ئەمرى ئاستىدىدۇر... چوڭ دەپتىرىدە ھەر نەرسە يېزىقلىقتۇر، خالىغان ۋاقتىدا تالىپىغا بىلدۈرىدۇ ۋە

كۆرستىدۇ، دەپ ئىشىنىسەن . دىمەك، مۇھەممەدنى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، ئەزەلىي ئۇستازىدىن دەرس ئالىدۇ ۋە شۇنداق دەرس بېرىدۇ....

ھەم (سەھىھ نەقىل بىلەن) ھەزرەتى خالىدنى جەك ئۇچۇن دۇمەتۇل جەندەل رەئىسى بولغان ئۇكەيدىرگە ئەۋەتكەن ۋاقىتتا : اِنَّكَ تَجِدُهُ يَصِيدُ الْبَقَرَ دەپ، ئۇنىڭ ياۋا كالا ئوۋلاۋاتقىنىدا تاپىدىغانلىقىنى، جەڭگى- جىدەلسىز ئەسىرگە چۈشۈرىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن. ھەزرەتى خالىد بېرىپ، دەل شۇنداق ھالەتتە ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ قايتىپ كەلگەندۇر.

ھەم (سەھىھ نەقىل بىلەن) قۇرەيشىيلەرنىڭ، ھاشىمىيلارغا قارشى يازغان ۋە كەئبىنىڭ تېمىغا ئاسقان قەغەز (لەۋھە) ھەققىدە: «قۇرتلار يازغانلىرىڭلارنى يىدى، پەقەت قەغەزدىكى ﷲ نىڭ ئىسمىلىرىغا چېقىلمىدى!» دەپ خەۋەر بەرگەن. كېيىن قەغەزگە قاراپ باقسا، دەل دېگەندەك بولغانىكەن.

ھەم (سەھىھ نەقىل بىلەن) «بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ فەتھىدە چوڭ بىر ۋابا چىقىدۇ.» دېگەن. ھەزرەتى ئۆمەر زامانىدا بەيتۇل مۇقەددەس فەتىھ قىلىندى ۋە شۇنداق بىر ۋابا چىقتىكى، ئۈچ كۈن ئىچىدە يەتمىش مىڭ ئادەم قازا قىلدى.

ھەم (سەھىھ نەقىل بىلەن) ئۇ زاماندا تېخى بەرپا قىلىنمىغان بەسرە ۋە باغداد شەھەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى ۋە باغدادقا دۇنيا خەزىنىلىرىنىڭ كىرىدىغانلىقىنى، ھەمدە تۈركلەر ۋە ھەزەر(كاسپى) دېڭىزى ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن ئەرەبلەرنىڭ جەڭ قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپلەپ ئىسلامغا كىرىدىغانلىقىنى، ئەرەبلەرگە ئەرەبلەر ئىچىدە ھاكىم بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن. ھەمدە: يُوشِكُ اَنْ يَكْثُرَ فِيكُمُ الْعَجَمُ يَاْكُلُونَ فَيْئَكُمْ وَيَضْرِبُونَ رِقَابَكُمْ دېگەن.

ھەم: هَلاَكُ اُمَّتِي عَلَى يَدِ اُغَيْلِمَةٍ مِنْ قُرَيْشٍ دەپ، ئەمەۋى دۆلىتىنىڭ يەزىد ۋە ۋەلىدكە ئوخشاش يامان رەئىسلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنى خەۋەر بەرگەن.

ھەم يەمامەدەك بىر قىسىم يەرلەردە، مۇرتەدلىك مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن.

ھەم مەشھۇر خەندەك غازىتىدا: اِنَّ قُرَيْشًا وَالاَحْزَابَ لاَ يَغْزُونِي اَبَدًا وَاَنَا اَغْزُوهُمْ دەپ، «بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ماڭا ئەمەس، بەلكى مەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىمەن.» دەپ خەۋەر بەرگەن ۋە خەۋەر بەرگىنىدەك چىققاندۇر.

ھەم (سەھىھ نەقىل بىلەن) ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن بىر- ئىككى ئاي ئىلگىرى: اِنَّ عَبْدًا خُيِّرَ فَاخْتَارَ مَا عِنْدَ اللّٰهِ دەپ ۋاپاتىنى خەۋەر بەرگەن.

ھەم زەيد ئىبنى سۇۋاھان ھەققىدە: يَسْبِقُ عُضْوٌ مِنْهُ اِلَى الْجَنَّةِ دەپ، زەيدنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ زەيدتىن ئاۋۋال شېھىد قىلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن. بىر زاماندىن كېيىن، نىھاۋەند جېڭىدە بىر قولى كېسىۋېتىلگەن. دېمەك، ئەڭ ئاۋۋال ئۇ قول شېھىد بولۇپ، مەنەن جەننەتكە كەتكەندۇر.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن غەيبى ئىشلار ئون خىل مۆجىزە تۈرىدىن پەقەتلا بىر تۈردۇر. ئۇ تۈرنىڭمۇ ئون قىسمىدىن بىرلا قىسمىنى سۆزلىدۇق. مانا بۇ قىسىم بىلەن بىللە، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىگە دائىر يىگىرمە بەشىنچى سۆزدە ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان غەيبى خەۋەر تۈرىدىن تۆت تۈرىنى قىسقىچە بايان قىلغاندۇق. بۇ يەردىكى تۈرى بىلەن بىللە، قۇرئان تىلى بىلەن غەيبتىن خەۋەر بېرىلگەن ئۇ تۆت چوڭ تۈرنى بىللە ئويلا. نەقەدەر قەتئىي، شۈبھىسىز، پارلاق، قۇۋۋەتلىك بىر پەيغەمبەرلىك دەلىلى ئىكەنلىكىنى كۆر! قەلبى، ئەقلى پۈتۈنلەي بۇزۇلمىغان ئادەم، زاتى ئەھمەدىيە ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خالىقى ۋە غەيىپلەرنى بىلگۈچى بولغان بىر زاتى زۇلجالالنىڭ رەسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىدۇ.

**يەتتىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت:**

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ **«تاماقتىكى بەرىكەت»** جەھەتتىكى تۈرىدىن قەتئىي ۋە مەنەن مۇتەۋاتىر بولغان بىر قانچە مىسالىغا ئىشارەت قىلىمىز. بۇنىڭ بايانىدىن ئاۋۋال بىر مۇقەددىمە سۆزلەپ ئۆتۈش مۇناسىپتۇر.

**مۇقەددىمە:**

تۆۋەندىكى بەرىكەتكە ئائىت مۆجىزە مىساللىرى، ھەربىرى ئوخشىمىغان يوللار بىلەن، ھەتتا بەزىلىرى ئون ئالتە يول بىلەن سەھىھ بىر سۈرەتتە نەقىل قىلىنغان. كۆپىنچىسى نۇرغۇن بىر جامائەت كىشىلىرى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ جامائەت ئىچىدىكى مۆتىۋەر ۋە راستچىل ئىنسانلار ئۇلاردىن سۆزلەپ نەقىل قىلغاندۇر. مەسىلەن: «سائ* دېيىلىدىغان تۆت ئوچۇم تائامدىن يەتمىش ئادەم يېگەن، ھەممىسى تويغان.» دەپ بىرى نەقىل قىلىدۇ . ئۇ يەتمىش ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يالغانغا چىقارمايدۇ . دېمەك، سۈكۈت بىلەن تەستىق قىلغان. ھالبۇكى ئۇ راستچىللىق ۋە ھەقىقەت ئەسرىدە ئۇ ھەقپەرەست، ئەستايىدىل ۋە دۇرۇس ئادەملەر بولغان ساھابىلەر، زەررىچىلىك يالغاننى كۆرسە رەت قىلاتتى ۋە يالغانلىقىنى ئېيتاتتى. ھالبۇكى بىز سۆزلىمەكچى بولغان ۋەقەلەرنى كۆپ ئىنسانلار

*سائ : ئېغىرلىق بىرلىكى، 3120 گرامغا تەڭ.- ت

رىۋايەت قىلغان ۋە باشقىلارمۇ سۆكۈت بىلەن تەستىق قىلغان . دېمەك، ھەربىر ھادىسە مەنەن مۇتەۋاتىردەك قەتئىيدۇر.

ھەم ساھابىلەرنىڭ، قۇرئاننى ۋە ئايەتلەرنى يادلاشتىن كېيىن ئەڭ زىيادە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىنى ئەستە ساقلاشقا، بولۇپمۇ ئەھكامغا ۋە مۆجىزىلەرگە دائىر ئەھۋاللىرى بولسا پۈتۈن قۇۋۋەتلىرى بىلەن تىرىشقانلىقىغا، ھەمدە ئۇلارنىڭ توغرىلىقىغا ناھايىتى بەك دىققەت قىلغانلىقىغا تارىخ ۋە سىيەر كىتابلار گۇۋاھلىق بېرىدۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئائىت ئەڭ كىچىك بىر ھەرىكەتنى، ئەخلاقىنى ۋە ھالەتنىمۇ نەزەرلىرىدىن قاچۇرمىغاندۇر. نەزەردىن قاچۇرمىغانلىقىغا ۋە قەيت قىلغانلىقىغا ھەدىس كىتابلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ . ھەم سائادەت ئەسرىدە، مۆجىزىلەرنى ۋە ئەھكامغا ئائىت بولغان ھەدىسلەرنى كۆپ كىشىلەر يېزىپ قالدۇرغان . خۇسۇسەن ئابدۇللاھ ئىسىملىك يەتتە مەشھۇر ساھابە بۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان . بولۇپمۇ «قۇرئاننىڭ تەرجىمانى» بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس، بولۇپمۇ ئوتتۇز- قىرىق يىل كېيىن، تابىئىنلارنىڭ مىڭلارچە ئەھلى تەھقىقلىرى ھەدىسلەرنى ۋە مۆجىزىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، باشتا تۆت مۇجتەھىد ئىمام ۋە مىڭلارچە تەھقىقچى مۇھەددىسلەر نەقىل قىلغان ۋە يېزىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلغان. ھىجرەتتىن ئىككى يۈز يىل كېيىنمۇ ، باشتا بۇخارى، مۇسلىم، مەقبۇل ئالتە ھەدىس كىتابى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئىبنى جەۋزىدەك مىڭلارچە شىددەتلىك تەنقىدچىلەر چىقىپ، بەزى دىنسىزلارنىڭ ياكى پىكرى ئاجىز ۋەياكى يادسى يوقلار ۋە ياكى نادانلار ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ئويدۇرما (يالغان) ھەدىسلەرنى ئايرىپ كۆرسەتتى. كېيىن ئەھلى كەشفىنىڭ تەستىقى بىلەن، يەتمىش قېتىم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى كۆرۈپ ، ئويغاق ھالىتىدە ئۇنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولغان جالالىددىن سۇيۇتىيدەك بۈيۈك ئۆلىمالار ۋە ئەھلى تەھقىقلەر سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئالماسلىرىنى باشقا سۆزلەردىن ۋە ئويدۇرمىلاردىن ئايرىپ چىقتى . بىز تۆۋەندە توختىلىدىغان ھەدىسلەر ۋە مۆجىزىلەر ئەنە شۇنداق قولدىن قولغا (قۇۋۋەتلىك، ئىشەنچلىك، خىلمۇ- خىل ۋە كۆپ، بەلكى سان- ساناقسىز قوللاردىن) ساغلام شەكىلدە بىزگە كەلگەن. اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ هٰذَا مِنْ فَضْلِ رَبِّي.

مانا بۇنىڭغا بىنائەن، «بۇ زامانغىچە ئۇزۇن مۇساپىدىن كەلگەن بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەي ساپ ھالدا كەلگەنلىكىنى بۇ زاماندىن تا ئۇ زامانغا قاراپ قانداق بىلىمىز؟ » دەپ كاللىغا كەلتۈرمەسلىك لازىم.

**بەرىكەتكە دائىر قەتئىي مۆجىزىلەرنىڭ بىرىنچى مىسالى:** باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىم، سەھىھ ئالتە ھەدىس كىتاب بىرلىكتە خەۋەر بېرىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ھەزرەتى زەينەپ بىلەن بولغان توي كۈنىسى، ھەزرەتى ئەنەسنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيم بىر- ئىككى ئوچۇم خورمىنى ياغ بىلەن قورۇپ بىر قاچىغا قويۇپ، ھەزرەتى ئەنەس بىلەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئەۋەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەسكە : «پالانچى، پالانچىلارنى چاقىرىپ كەل! ھەم كىم ئۇچرىسا تەكلىپ قىل» دېدى. ئەنەسمۇ كىم ئۇچرىسا تولۇق ھەممىسىنى بۇرنى، ئۈچيۈزدەك ساھابە كېلىپ، سۇففە ۋە ھۇجرائى سائادەتنى تولدۇرۇشتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تَحَلَّقُوا عَشَرَةً عَشَرَةً يەنى: «ئوندىن، ئوندىن ھالقا بولۇڭلار» دېدى. ئاندىن مۇبارەك قولىنى ئۇ ئاز تائام ئۈستىگە قويۇپ دۇئا قىلدى ۋە «قېنى مەرھەمەت!» دېدى. ئۇ ئۈچيۈز ئادەمنىڭ ھەممىسى يەپ، تويۇپ داستىخاندىن قوپۇشتى. ئاندىن ئەنەسكە: «يىغىشتۇرىۋەت!» دېدى . ئەنەس دەيدۇكى: «تاماق قاچىسىنى قويغان ۋاقتىمدا تاماق جىق بولغىنىمتى ياكى يىغىشتۇرغان ۋاقتىمدىمۇ، بۇنى بىلەلمىدىم.»

**ئىككىنچى مىسال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھىبخانى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەدەم تەشرىپ قىلغان ۋاقىتتا، ئەبۇ ئەييۇب شۇنداق دەيدۇ: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى سىددىقىقا يەتكۈدەك ئىككى كىشىلىك تاماق قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: اُدْعُ ثَلاَثِينَ مِنْ اَشْرَافِ اْلاَنْصَارِ ئوتتۇز ئادەم كەلدى، ئۇلار يېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اُدْعُسِتِّينَ دېدى. يەنە ئاتمىش ئادەمنى تەكلىپ قىلدىم . ئۇلارمۇ كېلىپ يېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: اُدْعُسَبْعِينَ دېدى. يەتمىش ئادەمنى تەكلىپ قىلدىم. ئۇلارمۇ كېلىپ يېدى. قاچىلاردا تاماق ئېشىپ قالدى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ئىسلامىيەتكە كىرىپ بەيئەت قىلدى. ئۇ ئىككى كىشىلىك تائامدىن يۈز سەكسەن ئادەم يېدى.

**ئۈچىنچى مىسال:** ھەزرەتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلەمە ئىبنى ئەكۋە ۋە ئەبۇ ئەمرەتىل ئەنسارى قاتارلىقلار ئوخشىمىغان يول بىلەن شۇنداق دەيدۇ: بىر غازاتتا قوشۇن ئاچ قالدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا مۇراجىئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خۇرجۇنلىرىڭلاردا قالغان يېمەكلىكلەرنى يىغىڭلار!» دېدى. ھەركىم قالدۇق خورمىلارنى ئەكەلدى. ئەڭ كۆپ ئەكەلگىنى تۆت ئوچۇم ئېلىپ كېلەلىدى. ھەممەيلەن ئەكەلگىنىنى بىر پالاسنىڭ ئۈستىگە قويدى. سەلەمە دەيدۇكى: «پەرىزىمچە، جەمئىيسى ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

بىر ئۆچكىچىلىك بار ئىدى.» كېيىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلىپ: «ھەممىڭلار خالتاڭلارنى ئەكىلىڭلار!» دېدى. ھەممىسى تېزدىن بىرىپ ئەكەلدى. ئۇ قوشۇن ئىچىدە تولدۇرۇلمىغان ھېچكىمنىڭ خالتىسى قالمىدى. ھەم خورمىلار ئېشىپ قالدى . ساھابىدىن بىر راۋى (رىۋايەت قىلغۇچى) شۇنداق دىگەنىكەن: «ئۇ بەرىكەتنىڭ ئەھۋالىدىن چۈشەندىمكى، ئەگەر پۈتۈن دۇنيا خەلقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغىمۇ يېتەتتى.»

**تۆتىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىم، ھەم سەھىھ كىتابلار بايان قىلىدۇكى: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى سىددىق شۇنداق دەيدۇ : بىز يۈز ئوتتۇز ساھابە بىر سەپەردە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. تۆت ئوچۇم مىقدارى بولغان بىر سائ  ئۇندا نان يېقىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇلدى . بىر ئۆچكە بوغۇزلىنىپ پىشۇرۇلدى. پەقەتلا جىگەر ۋە بۆرەكلىرى كاۋاپ قىلىندى. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ كاۋاپتىن يۈز ئوتتۇز ساھابىنىڭ ھەربىرسىگە بىر پارچىدىن كېسىپ بەردى. ئاندىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام پىشقان گۆشنى ئىككى داسقا قويدى، بىز ھەممىمىز تويغۇچە يېدۇق، يەنە بىر مۇنچە ئېشىپ قالدى، مەن ئېشىپ قالغىنىنى تۆگىگە يۈكلىدىم.

**بەشىنچى مىسال:** سەھىھ كىتابلار قەتئىيلىك بىلەن بايان قىلىدۇكى: ئەھزاب غازىتىدا، مەشھۇر خەندەك كولىنىدىكى ئىشتىن سۆزلەپ ھەزرەتى جابىر ئەنسارى قەسەم قىلىپ شۇنداق دەيدۇ : ئۇ كۈنى تۆت ئوچۇم بولغان بىر سائ  ئارپا نىندىن، بىر يىللىق بولغان بىر ئوغلاقتىن مىڭ ئادەم يېدى ۋە شۇ پېتى ئېشىپ قالدى . ھەزرەتى جابىر شۇنداق دەيدۇ: « ئۇ كۈنى تاماق مىنىڭ ئۆيۈمدە پىشۇرۇلدى، مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۇ سائىدىن، ئۇ ئوغلاق گۆشىدىن يەپ كەتتى. قازىنىمىزدا لىق گۆش قايناپ، خېمىرىمىزدىن نان يېقىلىپ تۇردى.  ئۇ خېمىرغا، ئۇ قازانغا مۇبارەك ئاغزىنىڭ سۈيىنى قوشۇپ بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلغان ئىدى.»

مانا بۇ بەرىكەت مۆجىزىسىنى مىڭ ئادەمنىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنى ئۇنىڭغا ئالاقىدار كۆرسىتىپ، ھەزرەتى جابىر قەسەم بىلەن سۆزلىگەن. دىمەك شۇ ھادىسىنى، مىڭ ئادەم رىۋايەت قىلغاندەك قەتئىي دىگىلى بولىدۇ.

**ئالتىنچى مىسال:** (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى ھەزرەتى ئەنەسنىڭ تاغىسى، مەشھۇر ئەبۇ تەلھە شۇنداق دەيدۇ: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، يەتمىش- سەكسەن ئادەمگە ئەنەس قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئەكەلگەن ئازغىنا ئارپا نىندىن تويغۇچە يىگۈزدى . ئاۋۋال «ئۇ ناننى

پارچىلاڭلار!» دەپ بۇيرىدى ۋە بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلدى . ئۆي كىچىك بولغاچقا ئوندىن- ئوندىن كىلىپ يېدى ۋە تويۇپ قايتىشتى.

**يەتتىنچى مىسال:** (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) شىفائى شەرىف ۋە مۇسلىمغا ئوخشاش سەھىھ كىتابلار بايان قىلىدۇكى: ھەزرەتى جابىر ئەنسارى شۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن ئائىلىسى ئۈچۈن تائام سورىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام يېرىم خالتا ئارپا بەردى . ئۇزۇن ۋاقىت ئۇ ئادەم ئائىلىسى ۋە مىھمانلىرى بىلەن ئۇ ئارپىدىن يېدى . قارىسا تۈگىمەيۋاتقان! قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆلچەپ باقتى . كېيىن بەرىكەتمۇ ئۈچتى، كەملەشكە باشلىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ۋەقەنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: لَوْلَمْتَكِلْهُ َلاَكَلْتُمْمِنْهُوَلَقَامَبِكُمْ دىدى. يەنى : «ئەگەر تارازا بىلەن ئۆلچىمىگەن بولساڭلار، سىلەرگە ئۆمۈر بويى يېتەتتى.»

**سەككىزىنچى مىسال:** تىرمىزى، نەسائى، بەيھەقى ۋە شىفائى شەرىفكە ئوخشاش سەھىھ كىتابلار بايان قىلىدۇكى، ھەزرەتى سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب شۇنداق دەيدۇ: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا بىر قاچا گۆش كەلدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە جامائەت- جامائەت بولۇپ ئادەملەر كىلىپ يېدى.

مۇقەددىمىدە بايان قىلىنغان سىرغا بىنائەن، شۇ بەرىكەت ۋەقەسى پەقەتلا سەمۇرەنىڭ رىۋايىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ تاماقنى يېگەن جامائەتلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، سەمۇرە ئۇلارنىڭ نامىدىن ۋە تەستىقلىرىغا بىنائەن بايان قىلغان.

**توققۇزىنچى مىسال:** شىفائى شەرىف ساھىبى ۋە مەشھۇر ئىبنى ئەبۇ شەيبە ۋە تەبەرانىغا ئوخشاش ئىشەنچىلىك ۋە سەھىھ مۇھەققىقلەرنىڭ رىۋايىتى بىلەن، ھەزرەتى ئەبۇ ھۇرەيرە شۇنداق دەيدۇ: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ماڭا: «مەسجىدى شەرىفنىڭ سۇففەسىنى (ھويلىسىنى) ماكان قىلىشقان يۈزدىن ئارتۇق كەمبەغەل مۇھاجىرنى تەكلىپ قىل!» دەپ بۇيرىدى . مەنمۇ ئۇلارنى ئىزدەپ يىغدىم. ھەممەيلەنگە بىر لىگەن تائام قويۇلدى . بىز خالىغانچە يەپ قوپتۇق . ئۇ لىگەن قويۇلغان ۋاقىتتا قانداق بولغان بولسا، يەنە شۇ پېتى لىق قالدى؛ پەقەت بارماقلىرىمىزنىڭ ئىزى تائامدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھەزرەتى ئەبۇ ھۇرەيرە ئەھلى سۇففەنىڭ پۈتكۈل كامىل كىشىلىرىنىڭ تەستىقىغا بىنائەن، ئۇلار نامىدىن خەۋەر بېرىدۇ . دىمەك، مەنەن پۈتكۈل ئەھلى سۇففە

رىۋايەت قىلىنغانىدەك قەتئىيدۇر. ئەجەبا ئۇ خەۋەر ھەق ۋە توغرا بولمىسا، ئۇ راستچىل ۋە كامىل زاتلار سۆكۈت قىلىپ، يالغاننى چىقارماسلىقى ھېچ مۇمكىنمۇ؟!

**ئونىنچى مىسال:** (قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن) ھەزرەتى ئىمامى ئەلى شۇنداق دەيدۇ: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يىغدى . ئۇلار قىرىق ئادەم ئىدى . ئۇلاردىن بەزىلىرى بىر بوتىلاقنى (تۆگىنىڭ بالىسى) يەۋېتەلەيتتى ۋە تۆت قىييە (بەش كىلودىن ئارتۇق) سۈت ئىچەتتى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر ئوچۇم كەلگۈدەك تاماق ئەتتى؛ ھەممىسى يەپ تويدى . تاماق بۇرۇنقى پېتى قالدى . ئاندىن ئۈچ- تۆت ئادەمگە ئاران يەتكۈدەك بىر سوغا (ياغاچ چىلەك) سۈت كەلتۈردى . ھەممىسى ئىچىپ تويدى. سۈت ئىچىلمىگەندەك ئېشىپ قالدى.

مانا ھەزرەتى ئەلىنىڭ شىجائىتى ۋە ساداقىتى قەتئىيلىكىدە بىر بەرىكەت مۆجىزىسى!...

**ئون بىرىنچى مىسال:** (سەھىھ نەقىل بىلەن) ھەزرەتى ئەلى ۋە ھەزرەتى فاتىمەنىڭ توي زىياپىتىدە، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلالى ھەبەشىگە: «تۆت- بەش ئوچۇم ئۇندا نان يېقىلسۇن ۋە بىر بوتىلاق سويۇلسۇن!» دەپ بۇيرىدى . ھەزرەتى بىلال شۇنداق دەيدۇ: مەن تائامنى كەلتۈردۈم، مۇبارەك قولىنى ئۈستىگە ئۇردى؛ ئاندىن جامائەت- جامائەت ساھابىلەر كېلىپ، يەپ كېتىشتى. ئۇ تائامدىن ئېشىپ قالغان قىسمىغا يەنە بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلدى ۋە پۈتۈن ئاياللىرىغا بىر تاۋاقتىن ئەۋەتىلىشىنى بۇيرۇپ دېدىكى: «ھەم ئۆزلىرى يېسۇن، ھەم يانلىرىغا كەلگەنلەرگە يېگۈزسۇن.»

شۇنداق، بۇنداق مۇبارەك بىر تويدا، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق بىر بەرىكەتنىڭ بولۇشى لازىمدۇر ۋە بولغانلىقى قەتئىيدۇر!...

**ئون ئىككىنچى مىسال:** ھەزرەتى ئىمام جەئفەرى سادىق دادىسى ئىمام مۇھەممەد باقىردىن، ئۇمۇ دادىسى ئىمام زەينەل ئابىدىندىن، ئۇمۇ ئىمام ئەلىدىن نەقىل قىلىدۇكى، ھەزرەتى فاتىمە پەقەت ئىككىسىگە يەتكۈدەك بىر تاماق ئەتتى. ئاندىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى كېلىپ بىللە يېسۇن دەپ ئەلىنى چاقىرغىلى ئەۋەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇ تاماقتىن ھەربىر ئايالىغا بىر قاچىدىن ئەۋەتىلدى . ئاندىن ئۆزىگە، ئەلىگە، فاتىمەگە ۋە بالىلىرىغا بىر قاچىدىن ئۇسساندىن كېيىن، ھەزرەتى فاتىمە شۇنداق دەيدۇ : «قازىنىمىزنى چۈشۈردۇق، تېخىچە تاشقۇدەك دەرىجىدە لىق ئىدى . ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۇ تاماقتىن يېدۇق.»



www.uyghurkitap.com

ئەجەبا نېمىشقا بۇ نۇرانىي، پەيغەمبەر رىۋايەت زەنجىرىدىن كەلگەن شۇ بەرىكەت مۆجىزىسىگە كۆزلۈك بىلەن كۆرگەندەك ئىشەنمەيسەن ؟ شۇنداق، بۇنىڭغا قارشى شەيتانمۇ باھانە تاپالمايدۇ.

**ئون ئۈچىنچى مىسال:** ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىمام بەيھەقىگە ئوخشاش سىددىق (راستچىل) ئىماملار، دۇكەينۇل ئەھمەسى ئىبنى سەئىدىل مۇزەنىدىن، ھەم ئالتە قېرىنداش بىلەن بىللە سۆھبەتكە مۇشەررەپ بولغان ۋە ساھابىلەردىن بولغان نۇئمان ئىبنى مۇقەررىنىل ئەھمەسىيىل مۇزەنىدىن، ھەم جەرىردىن نەقىل قىلىپ، ئوخشىمىغان يوللار بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن نەقىل قىلىدۇكى: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، ھەزرىتى ئۆمەرگە ئەمىر قىلىپ: « ئەھمەسى قەبىلىسىدىن كەلگەن تۆت يۈز ئاتلىققا يولدا يەيدىغانىغا ئوزۇق- تۈلۈك بەر!» دېدى . ھەزرىتى ئۆمەر: «يا رەسۇلۇللاھ! بىر قانچە سائىلا ئوزۇق بار. دۆۋىلىسەك ئولتۇرغان بىر بوتىلاقچىلىك بولار.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىدى: «بېرىۋەر!» دېدى . ھەزرىتى ئۆمەر يېرىم خالتا خورمىدىن تۆتيۈز ئاتلىققا يېتەرلىك دەرىجىدە ئوزۇق-تۈلۈك بەردى ۋە دېدى: « ھېچ كەملىمىگەندەك بۇرۇنقى ھالىتىدە قالدى.»

مانا شۇ بەرىكەت مۆجىزىسى، تۆتيۈز ئادەم بىلەن ۋە بولۇپمۇ ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر سۈرەتتە مەيدانغا كەلگەندۇر. رىۋايەتلەرنىڭ ئارقىسىدا بۇلار بار. بۇلارنىڭ سۈكۈتىمۇ بىر تەستىقتۇر . ئىككى- ئۈچ خەۋەرى ۋاھىد (بىر خەۋەر) دەپ ئۆتۈپ كەتمە! بۇنداق ھەدىسلەر خەۋەرى ۋاھىد بولسىمۇ، مەنىۋى تەۋاتۇر ھۆكمىدە قانائەت بېرىدۇ.

**ئون تۆتىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىم، سەھىھ كىتابلار خەۋەر بېرىدۇكى، ھەزرىتى جابىرنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ . كۆپ قەرزى بار بولۇپ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. قەرز ئىگىلىرى يەھۇدىيلەر ئىدى. جابىر دادىسىنىڭ قالغان مۈلكىنى قەرز ئىگىلىرىگە بەرسىمۇ، ئۇلار قوبۇل قىلمىدى. ھالبۇكى، بېغىنىڭ مېۋىلىرى بىر قانچە يىلدىمۇ ئۇنىڭ قەرزىگە بويلاشمايتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «باغنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ خامان قىلىڭلار!» دەپ بۇيرىدى. ئۇلارمۇ دېگىنى بويىچە قىلىشتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام خامان ئىچىدە ئايلىنىپ دۇئا قىلدى . جابىر خاماندىن دادىسىنىڭ پۈتۈن قەرزلىرىنى بەرگەندىن كېيىن، يەنە باغدىن بىر يىلدا چىقىدىغان مەھسۇلاتچىلىك ھوسۇل خاماندا قالدى. بىر رىۋايەتتە، پۈتۈن قەرز ئىگىلىرىگە بەرگەنچىلىك قالدى . ئۇ ھادىسىدىن قەرز ئىگىلىرى بولغان يەھۇدىيلەر ناھايىتى ئەجەپلىنىپ، ھەيرانلىقتا قېلىشتى.

مانا بۇ ئوچۇق بەرىكەت مۆجىزىسى، پەقەت ھەزرەتى جابىردەك بىر قانچە رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ خەۋىرى ئەمەس، بەلكى مەنىۋى تەۋاتۇر ھۆكمىدە، ئۇ ھادىسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە سالاھىيىتى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە بولغان كۆپ ئادەملەرگە ۋەكىل بولۇپ رىۋايەت قىلغاندۇر.

**ئون بەشىنچى مىسال:** باشتا تىرمىزى ۋە ئىمامى بەيھەقىگە ئوخشاش مۇھەققىقلەر، ھەزرەتى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە شۇنداق دېگەن: « بىر غازاتتا (باشقا بىر رىۋايەتتە تەبۇك غازىتىدا) قوشۇن ئاچ قالدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: « هَلْمِنْشَيْءٍ؟ يەنى: بىر نەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «خۇرجۇندا ئازراق خورما بار.» دېدىم. (بىر رىۋايەتتە ئون بەش دانە ئىكەن.) «ئېلىپ كەل!» - دېدى. ئەكەلدىم. مۇبارەك قولىنى سالدى، بىر سىقىم ئېلىپ بىر قاچىغا قويدى ۋە بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلدى . ئاندىن ئوندىن- ئوندىن ئەسكەرلەرنى چاقىردى؛ ھەممەيلەن يېدى. ئاندىن: خُذْمَاجِئْتَبِهِوَاقْبِضْعَلَيْهِوَلَاتَكُبَّهُ دېدى، مەن ئالدىم، قولۇمنى ئۇ خۇرجۇنغا سالدىم، دەسلەپتە ئەكەلگىنىمچىلىك قولۇمغا چىقتى . ئاندىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ھاياتىدا، ئەبۇ بەكىر، ئۆمەر ۋە ئوسمان ھاياتىدا ئۇ خورمىدىن يېدىم . باشقا بىر يول رىۋايەت قىلىنغانكى : ئۇ خورمىلاردىن نەچچە خالتا ﷲ يولىدا سەرپ قىلدىم. كېيىن ھەزرەتى ئوسماننىڭ قەتلىدە، ئۇ خورما خالتىسى بىلەن بۇلاپ كېتىلدى.

مانا كائىناتنىڭ خوجىسى بولغان فەخرى ئالەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇقەددەس مەدرىسىسى ۋە خانىقاسى بولغان سۇففەنىڭ ساداقەتمەن بىر مۇھىم تالىبى ۋە مۇرىتى، ھەمدە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ياخشى بولىشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىغا نائىل بولغان ھەزرەتى ئەبۇ ھۇرەيرە تەبۇك غازىتىدەك بىر كىشىلەر توپىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن بۇ بەرىكەت مۆجىزىسى، مەنەن بىر قوشۇننىڭ سۆزىدەك قەتئىي ۋە قۇۋۋەتلىك كۆرىلىشى لازىم كېلىدۇ.

**ئون ئالتىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى، سەھىھ كىتابلار (قەتئىي نەقىل بىلەن) بايان قىلىدۇكى : ھەزرەتى ئەبۇ ھۇرەيرە شۇنداق دەيدۇ : قورسىقىم ئېچىپ كەتكەنىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك ئۆيىگە كەلدۇق. ئۇ يەردە ھەدىيەلىك كەلتۈرۈلگەن بىر تاۋاق سۈتنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «ئەھلى سۇففەنى چاقىرىپ كەل!» دەپ بۇيرىدى. مەن قەلبىمدە: «بۇ سۈتنىڭ ھەممىنى مەنلا ئىچىۋېتەلەيمەن. مەن تېخىمۇ مۇھتاجمەن.» دەپ ئويلىدىم. ئەمما

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى ئۆچۈن ئۇلارنى يىغىپ كەلدىم. ئۇلار يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىچۈرۈشىمنى بۇيرىدى. مەنمۇ تاۋاقتىكى سۈتنى بىر- بىرلەپ ئۇلارغا بەردىم . ھەربىرى تويغۇچە ئىچكەندىن كېيىن باشقىسىغا بەردىم. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئەھلى سۇففە ئۇ ساپ سۈتتىن ئىچتى . ئاندىن پەيغەمبىرىمىز: بَقِيَآنَاوَاَنْتَفَاشْرَبْ دېدى. مەن ئىچتىم. ئۇ قايتا- قايتا: « ئىچەلىگىنىڭچە ئىچ!» دېدى. ئاخىرى مەن: «سىزنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتى زۇلجەلالغا قەسەم قىلىمەنكى، ئىچكۈدەك يەر قالمىدى.» دېدىم . ئاندىن ئۆزى ئالدى ۋە «**بىسمىللاھ**» دەپ ھەمد ئېيتىپ قالغىنىنى ئىچتى . يۈز مىڭلارچە ئافىيەت (سىڭشلىك) بولسۇن!

مانا شۇ ساپ ۋە پاك سۈتتەك گۈزەل، شۈبھىسىز ۋە ئوچۇق بولغان بەرىكەت مۆجىزىسى، بەشيۈز مىڭ ھەدىسنى يادقا ئالغان ھەزرەتى بۇخارى باشتا بولۇپ، سەھىھ ئالتە كىتابنىڭ نەقىل قىلىشى بىلەن، كۆز بىلەن كۆرگەندەك قەتئىي بولۇش بىلەن بىللە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس مەدرىسىسى بولغان سۇففەنىڭ نامدار، راستچىل، ھافىز بىر شاگىرتى بولغان ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ پۈتكۈل سۇففە ئەھلىنى مەنەن شاھىد كۆرسىتىپ ، ھەممىسىگە ۋەكىل بولۇپ سۆزلىگەن شۇ خەۋەرنى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە قەتئىي دەپ قارىمىغان ئىنساننىڭ يا قەلبى بۇزۇق ۋەياكى ئەقلى يوق . ئەجەبا ھەزرەتى ئەبۇ ھۇرەيرىدەك راستچىل ۋە پۈتۈن ھاياتىنى ھەدىسكە ۋە دىنغا ئاتىۋەتكەن، وَمَنْكَذَبَعَلَىَّمُتَعَمِّدًافَلْيَتَبَوَّأْمَقْعَدَهُمِنَالنَّارِ ھەدىسنى ئاڭلىغان ۋە نەقىل قىلغان بىر ئادەمنىڭ، ئېسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ قىممىتى ۋە ساغلاملىقى ھەققىدە شۈبھە قوزغاپ، ئەھلى سۇففەنىڭ يالغانغا چىقىرىشىغا نىشان قىلىدىغان مۇخالىپ بىر سۆز ۋە ئاساسسىز بىر ۋەقە سۆزلىشى ھېچ مۇمكىنمۇ؟ ھاشا!...

**يا رەب! شۇ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بەرىكىتى ھۆرمىتىگە، سەن بىزگە ئېھسان قىلغان ماددى ۋە مەنىۋى رىزىقىمىزغا بەرىكەت ئېھسان قىل!...**

**بىر مۇھىم نوقتا:** مەلۇمدۇركى، زەئىپ نەرسىلەر بىرلەشسە قۇۋۋەتلىنىدۇ . ئىنچىكە يىپلار ئېشىلسە، كۈچلۈك ئارغامچا بولىدۇ . كۈچلۈك ئارغامچىلار قوشۇلسا ھېچكىم ئۈزەلمەيدۇ . يۇقىرىدا، مۆجىزىلەرنىڭ ئون بەش تۈرىدىن پەقەتلا بەرىكەت قىسمىدىكى مۆجىزىلەرنى ۋە بۇ قىسمىنىڭمۇ ئون بەش قىسمىدىن پەقەت بىر قىسمىنى، ئون بەش مىسال بىلەن كۆرسەتتۇق . ھەربىر مىسال، يالغۇز ئۆزى، پەيغەمبەرلىكنى ئىسپات قىلغۇدەك دەرىجىدە قۇۋۋەتلىك ئىدى . خاتا بىر پەرەز

بلەن، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قۇۋۋەتسىز دەپ ھېسابلىساقمۇ، يەنە قۇۋۋەتسىز دېيەلمەيمىز. **چۈنكى قۇۋۋەتلىك بىلەن بىرلەشكەن قۇۋۋەتلىك بولىدۇ.**

ھەم شۇ ئون بەش مىسالنىڭ يىغىندىسى، قەتئىي شۈبھىسىز بىر مەنىۋى تەۋاتۇر بىلەن، قۇۋۋەتلىك بىر چوڭ مۆجىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شۇ يىغىندا شەكىلدىكى چوڭ مۆجىزە، بەرىكەت مۆجىزىلىرىدىن بۇ يەردە سۆزلەنمىگەن ئون تۆت قىسىمغا قوشۇلسا، كۈچلۈك ئارغامچىلارنى بىرلەشتۈرگەندەك، ئۈزۈلۈشى مۇمكىن بولمىغان بىر بۈيۈك مۆجىزە بولغان بولىدۇ. ئاندىن شۇ بۈيۈك مۆجىزىنى قالغان ئون تۆت تۈرلۈك مۆجىزىلەرنىڭ توپلىمىغا قات ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنىڭ قانداق دەرىجىدە قۇۋۋەتلىك، تەۋرەنمەس ۋە قەتئىي بولغان بىر دەلىلىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆر! **دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنىڭ تىرىكى، شۇ توپلامدىن تەشكىل تاپقان تاغدەك قۇۋۋەتلىك بىر تىرەكتۇر.** ھازىر پارچە قىسىملاردا ۋە مىساللاردا شەكىللەنگەن، چۈشەنچىنىڭ ياماناىلىقىدىن كەلگەن شۈبھىلەر بىلەن، ئۇ ناھايىتى ئېگىز بولغان مۇستەھكەم ئۆگزىنى ، بوش ۋە يىقىلىدىغان شەكىلدە كۆرۈشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەقىلسىزلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنىدىڭ. شۇنداق، بەرىكەتكە دائىر ئۇ مۆجىزىلەر كۆرسىتىدۇكى، مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، ھەممە نەرسىگە رىزىق بەرگەن ۋە رىزىقلىرىنى ياراتقان بىر زاتى رەھىم ۋە كەرىمنىڭ سۆيۈملۈك خىزمەتچىسى، ناھايىتى ھۆرمەتلىك بىر بەندىسىدۇركى، رىزىقنىڭ تۈرلىرىدە، ئادەت ھالقىغان شەكىلدە، ئۇنىڭغا يوقتىن ۋە پەقەتلا غەيبتىن زىياپەتلەر ئەۋەتىدۇ. مەلۇمدۇركى، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى سۇيى ۋە زىرائىتى ئاز بىر يەردۇر . بۇ سەۋەبتىن ئاھالىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى ساھابىلەرنىڭ تىرىكچىلىكىدە قىينچىلىق بار ئىدى . ھەم قۇرغاقچىلىققىمۇ كۆپ دۇچار بولاتتى. مانا بۇ ھىكمەتكە بىنائەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق مۆجىزىلىرىنىڭ مۇھىملىرى تائام ۋە سۇ خۇسۇسىدا مەيدانغا كەلگەن . بۇ ھەيران قالارلىق ئىشلار پەيغەمبەرلىك دەۋاسىغا دەلىل ۋە مۆجىزە بولۇشتىن بەكرەك ئېھتىياجغا بىنائەن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئىلاھىي بىر ئىكرام، رەببانىي بىر ئېھسان، رەھمانىي بىر زىياپەت ھۆكمىدىدۇر . چۈنكى ئۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەنلەر نۇبۇۋۋىتىنى تەستىق قىلىپ بولغان . ئەمما مۆجىزە كۆرۈلسە ئىمان زىيادىلىشىدۇ، «نۇرۇن ئەلا نۇر» (نۇر ئۈستىگە نۇر) بولىدۇ.

**سەككىزىنچى ئىشارەت:**

**«سۇ»** ھەققىدە مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم مۆجىزىلەرنى بايان قىلىدۇ.

**مۇقەددىمە:** مەلۇمدۇركى، جامائەتلەر ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەر ئاھادىي*شەكلىدە نەقىل قىلىنغان بولسا، يالغانغا چىقىرىلمىسىلا، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ فىترەتىدە (تەبىئىتىدە) يالغانغا يالغاندۇر دېيىشكە يارىتىلىش جەھەتتىنلا بىر مايىللىق بار. ھەر قەۋمدىن زىيادە يالغانغا قارشى سۆكۈت قىلمايدىغان ساھابىلەر بولسا تېخىمۇ شۇنداق. بولۇپمۇ ئۇ ھادىسىلەر، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئائىت بولغان بولسا ۋە نەقىل قىلغان كىشىمۇ ساھابىلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ خەۋەرى ۋاھىدنىڭ ئىگىسى، ئۇ ھادىسىنى كۆرگەن جامائەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان سۇ مۆجىزىلىرىنىڭ ھەربىر مىسالىنى كۆپلىگەن يوللار بىلەن، نۇرغۇنلىغان ساھابىلەرنىڭ قوللىرىدىن تابىئىنلارنىڭ مىڭلارچە مۇھەققىقلىرى ئېلىپ ساغلام شەكىلدە ئىككىنچى ئەسىر مۇجتەھىدلىرىنىڭ قوللىرىغا بەرگەن . ئۇلارمۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق ۋە يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئارقىسىدىكى ئەسىرنىڭ مۇھەققىقلىرىنىڭ قوللىرىغا بەرگەن. ھەر تەبىقىدىن، مىڭلارچە قۇۋۋەتلىك قوللاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى ئەسىرىمىزگە يېتىپ كەلگەن . ھەم سائادەت ئەسرىدە يېزىلغان ھەدىس كىتابلىرى ساغلام شەكىلدە ئۆتكۈزۈلۈپ، تاكى بۇخارى ۋە مۇسلىمدەك ھەدىس ئىلمىنىڭ داھىي ئىماملىرىنىڭ قوللىرىغا ئۆتكەن . ئۇلارمۇ ئىنچىكە تەھقىقلەپ، دەرىجىلىرىنى ئايرىپ، ساغلاملىقى شۈبھىسىز بولغانلىرىنى توپلاپ بىزگە دەرس بەرگەن، تەقدىم قىلغان. جَزَاهُمُاللّٰهُ خَيْرًاكَثِيرًا

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇبارەك بارماقلىرىدىن سۇنىڭ ئاققانلىقى ۋە نۇرغۇن كىشىگە ئىچۈرگەنلىكى مۇتەۋاتىردۇر. شۇنداق بىر جامائەت نەقىل قىلغانكى، يالغاندا بىرلىششى ئىمكانسىزدۇر . شۇ مۆجىزە غايەت دەرىجىدە قەتئىيدۇر . ھەم ئۈچ قېتىم، ئۈچ چوڭ جامائەتنىڭ ئىچىدە تەكرارلانغان . باشتا بۇخارى، مۇسلىم، ئىمامى مالىك، ئىمامى شۇئەيب، ئىمامى قەتادەدەك نۇرغۇنلىغان ئەھلى سەھىھ بىر جامائەت، ساھابىلەردىن، باشتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمەتچىسى ھەزرەتى ئەنەس، ھەزرەتى جابىر، ھەزرەتى ئىبنى مەسئۇدتەك ساھابىلەرنىڭ مەشھۇر بىر جامائىتىدىن، بارماقلىرىدىن سۇنىڭ كۆپلەپ ئېقىشى ۋە قوشۇنغا ئىچۈرىشى قەتئىي سەھىھ نەقىل بىلەن بايان قىلىنغاندۇر . بۇ تۆردىكى سۇ مۆجىزىلىرىنىڭ كۆپلىگەن مىساللىرىدىن توققۇز مىسالنى بايان قىلىمىز.

*ئاھادىي: رىۋايىتى مۇتەۋاتىر ۋە بەك مەشھۇر دەرىجىدە بولمىغان.- ت

**بىرىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى، مۇسلىم، سەھىھ كىتابلار ھەزرەتى ئەنەستىن سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، ھەزرەتى ئەنەس شۇنداق دەيدۇ: «زەۋرا دېگەن جايدا، ئۈچيۈزدەك ئادەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. دېگەر نامىزى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشىمىزنى بۇيرىدى، ئەمما سۇ تېپىلمىدى. ئازراق بولسىمۇ سۇ كەلتۈرۈشىمىزنى بۇيرۇدى، سۇنى كەلتۈردۇق . ئۇ مۇبارەك قوللىرىنى سۇغا تىقتى. كۆردۈمكى بارماقلىرىدىن بۇلاقتەك سۇ ئېقىۋاتاتتى . ئاندىن ئۇ يەردە بولغان ئۈچيۈز ئادەمنىڭ ھەممىسى كەلدى؛ ھەممىسى تاھارەت ئالدى ۋە ئىچتى.» مانا شۇ مىسالنى ھەزرەتى ئەنەس، ئۈچيۈز كىشىگە ۋەكىل بولۇپ خەۋەر بېرىۋاتىدۇ . ئۇ ئۈچيۈز كىشىنىڭ شۇ خەۋەرگە مەنەن ئىشتىراك قىلماسلىقى ۋە ئىشتىراك قىلمىغان تۇرۇقلۇق يالغانغا چىقارماسلىقى ھېچ مۇمكىنمۇ؟!

**ئىككىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى، مۇسلىم، سەھىھ كىتابلار سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، ھەزرەتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى بايان قىلىدۇ : «بىز مىڭ بەشيۈز كىشى، ھۇدەيبىيە غازىتىدا ئۇسساپ كەتتۇق. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قىربا دېيىلىدىغان تېرىدىن قىلىنغان بىر تۇلۇم سۇدىن تاھارەت ئالدى، ئاندىن قولىنى ئىچىگە تىقتى. كۆردۈمكى بارماقلىرىدىن بۇلاقتەك سۇ ئېقىۋاتاتتى . مىڭ بەشيۈز ئادەم ئىچىپ، تۇلۇملىرىنى ئۇ قىربادىن تولدۇرۇۋېلىشتى.» سالىم ئىبنى ئەبى جائدە جابىردىن: « قانچە كىشى ئىدىڭلار؟» دەپ سورىغاندا، جابىر: « يۈزمىڭ كىشى بولغان تەقدىردىمۇ يېتەتتى، ئەمما بىز ئونبەش يۈز (يەنى مىڭ بەشيۈز) ئىدۇق » دېگەن . مانا شۇ ئوچۇق مۆجىزىنىڭ راۋىلىرى مەنەن مىڭ بەشيۈز قەدەردۇر . چۈنكى ئىنسانىنىڭ فىترەتىدە يالغانغا يالغان دەيدىغان بىر مايىللىق بار. ساھابىلەر بولسا، راستچىللىق ۋە توغرىلىق ئۈچۈن جان ۋە مېلىنى، ئاتا- ئانىلىرىنى، ھەمدە قەۋم ۋە قەبىلىلىرىنى پىدا قىلىپ، راستچىللىق ۋە ھەق ئۈچۈن پىدائىي بولغان تۇرۇقلۇق؛ ھەم «مەندىن، بىلىپ تۇرۇپ يالغان بىر ئىشنى خەۋەر بەرگەن ئادەم جەھەننەم ئوتىدىن جايىنى ھازىرلىسۇن!» مەنىسىدىكى ھەدىسى شەرىفنىڭ تەھدىدىگە قارشى، يالغانى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىشلىرى مۇمكىن ئەمەستۇر. مادەم سۈكۈت قىلدى ؛ دېمەك ئۇ خەۋەرنى قوبۇل قىلدى ۋە مەنەن ئىشتىراك قىلىپ تەستىق قىلدى دېگەنلىكتۇر.

**ئۈچىنچى مىسال:** بۇۋات غازىتىدا، يەنە بۇخارى، مۇسلىم باشتا، سەھىھ كىتابلار بايان قىلىدۇكى، ھەزرەتى جابىر شۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «نَادِبِالْوُضُوءِ يەنى، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن چاقىر»

دېدى. «سۇ يوق» دېيىلدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «ئازراق سۇ كەلتۈرۈڭلار!» دېدى. ناھايىتى ئاز سۇ كەلتۈردۇق . ئاندىن ئۇ ئاز سۇ ئۈستىگە قولىنى يېيىپ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى. نېمىلىكىنى بىلمىدىم. ئاندىن: رِدْنَابِجَفْنَةِالرَّكْبِ يەنى، «قوشۇننىڭ چوڭ ئىدىشىنى كەلتۈرۈڭلار!» دېدى. ماڭا ئېلىپ كېلىندى، مەن ئۇنى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ قولىنى ئىچىگە تىقىپ بارماقلىرىنى ئاچتى. مەن ئۇ ئاز سۇنى مۇبارەك قولى ئۈستىگە قۇيدۇم. كۆردۇمكى مۇبارەك بارماقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ ئېقىۋاتاتتى . ئىدىش تولغاندىن كېيىن سۇغا مۇھتاج بولغانلارنى چاقىردىم، ھەممىسى كەلدى. ئۇ سۇدىن تاھارەت ئېلىپ، ئىچىشتى. مەن: «ئەمدى ئادەم قالمىدى.» دېدىم. قولىنى چىقاردى. ئۇ ئىدىش لىپمۇلىق پېتى قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئوچۇق مۆجىزىلىرى مەنەن تەۋاتۇردۇر. چۈنكى ھەزرەتى جابىر ئۇ ئىشتا باشتا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچى سۆز ئۇنىڭ ھەققىدۇر. ئۇ ئومۇمنىڭ نامىدا ئېلان قىلىۋاتىدۇ . چۈنكى ئۇ چاغدا خىزمەت قىلغان ئادەم ئۇ زات ئىدى . ئېلان قىلىش، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ھەققىدۇر . ئىبنى مەسئۇدمۇ ئۆز رىۋايىتىدە ئەينى شۇنىڭدەك دەيدۇكى: «مەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بارماقلىرىدىن سۇنىڭ بۇلاقتەك ئاققانلىقىنى كۆردۈم.» ئەجەبا، سادىق ساھابىلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان ئەنەس، جابىر، ئىبنى مەسئۇدتەك بىر جامائەت: «مەن كۆردۈم» دېسە، كۆرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئەمدى ئۇ ئۈچ مىسالنى بىرلەشتۈر، نەقەدەر ئوچۇق بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆر! شۇ ئۈچ يول بىرلەشسە، ھەقىقي تەۋاتۇر ھۆكمىدە بارماقلىرىدىن سۇ ئاققانلىقىنى قەتئيي ئىسپات قىلىدۇ.

ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشتىن ئون ئىككى يەردە بۇلاقتەك سۇ چىقىرىشى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئون بارمىقىدىن ئون جۈمەكتەك سۇ ئېقىشىنىڭ دەرىجىسىگە چىقمايدۇ . چۈنكى تاشتىن سۇ چىقىشى مۇمكىندۇر، ئادىياتتا، يەنى يارىتىلىش قانۇنىيەتلىرى ئىچىدە مىسلى تېپىلىدۇ . ئەمما گۆش ۋە سۆڭەكتىن ئابى كەۋسەردەك سۇنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنىڭ ئوخشىشى ئادىيات ئىچىدە يوقتۇر.

**تۆتىنچى مىسال :** باشتا ئىمامى مالىك، «مۇۋەتتا» ئاتلىق مۆتىۋەر كىتابىدا، مۇئاز ئىبنى جەبەلدەك مەشھۇر ساھابىلەردىن خەۋەر بېرىدۇكى، ھەزرەتى مۇئاز ئىبنى جەبەل شۇنداق دېگەن: « تەبۇك غازىتىدا بىر بۇلاق ئۇچرىدى، سۇ ساقىپ ئاران چىقىۋاتاتتى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئازراق سۇ

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرشىمىزنى بۇيرىدى. ئوچۇملار بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىندى؛ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ سۇدا قولىنى ۋە يۈزىنى يۇدى؛ سۇنى بۇلاققا تۆكتۇق . بىردىنلا بۇلاقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، سۇ بۇلدۇقلاپ چىقتى. پۈتۈن قوشۇنغا يەتتى.» ھەتتا بىر راۋى بولغان ئىمام ئىبنى ئىسھاق شۇنداق دەيدۇ: « يەر ئاستىدا ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى گۈلدۈرمامىدەك گۈرۈلدەپ ئاقتى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ھەزرەتى مۇئاز ئىبنى جەبەلگە : يُوشِكُيَامُعَاذُاِنْطَالَتْبِكَحَيَاةٌاَنْتَرَىمَاهُهُنَاقَدْمُلِئَجِنَانًا يەنى: بۇ مۆجىزە ئەسىرى بولغان سۇ داۋاملىق ئېقىپ، بۇ يەرلەرنى باغچىغا ئايلاندۇرىدۇ» دېگەن. دەرۋەقە شۇنداق بولغاندۇر.

**بەشىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى، ھەزرەتى بەرادىن ۋە مۇسلىم ھەزرەتى سەلەمە ئىبنى ئەكۋەدىن ۋە باشقا سەھىھ كىتابلار باشقا راۋىلاردىن بىرلىككە كېلىپ خەۋەر بېرىدۇكى: ھۇدەيبىيە غازىتىدا بىر قۇدۇق ئۇچرىدى . بىز تۆتيۈز كىشى ئىدۇق. ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى ئەللىك ئادەمگە ئاران يېتەتتى . بىز سۇنى تارتىپ، قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە قويمىدۇق . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كەلدى، قۇدۇقنىڭ بېشىدا ئولتۇردى ۋە بىر چېلەك سۇ تەلەپ قىلدى؛ كەلتۈردۇق. چېلەكنىڭ ئىچىگە مۇبارەك ئاغزىنىڭ سۈيىنى قويدى ۋە دۇئا قىلدى ، ئاندىن ئۇ چېلەكتىكى سۇنى قۇدۇققا تۆكتى. بىردىنلا ئۇ قۇدۇق جۇش ئۇرۇپ قايىندى . ئاغزىغىچە سۇ تولدى. پۈتۈن قوشۇن ئۆزلىرى ۋە ھايۋانلىرى قانغىچە ئىچتى؛ تۇلۇملىرىنىمۇ تولدۇردى.

**ئالتىنچى مىسال:** يەنە مۇسلىم ۋە ئىبنى جەرىرى تەبەرىدەك ھەدىسنىڭ داھىي ئىماملىرى باشتا بولۇپ، سەھىھ كىتابلار سەھىھ نەقىل بىلەن مەشھۇر ئەبى قەتادەدىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئەبى قەتادە شۇنداق دەيدۇ: مەشھۇر مۇتە غازىتىدا، رەئىسلەرنىڭ شېھىد بولىشى سەۋەبىدىن ياردەمگە كېتىۋاتاتتۇق . مەندە بىر تۇلۇم بار ئىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ماڭا: اِحْفَظْعَلَىَّمِيضَئَتَكَفَسَيَكُونُلَهَانَبَأٌعَظِيمٌ يەنى: «تۇلۇمنى چىڭ ساقلا، ئۇنىڭ چوڭ ئىشى بار» دېدى. كېيىن ئۇسساپ كەتتۇق، يەتمىش ئىككى كىشى ئىدۇق، (تەبەرىنىڭ نەقلىگە قارىغاندا، ئۈچيۈز ئىدۇق) سۇسىز قالدۇق . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام «تۇلۇمنى كەلتۈر!» دېدى، كەلتۈردۈم. ئۇ ئېلىپ ئاغزىنى تۇلۇمنىڭ ئاغزىغا ئەكەلدى، ئىچىگە پۈۋلىگەندەك قىلدى، بىلمەي قالدىم؛ ئاندىن يەتمىش ئىككى كىشى كېلىپ ئىچىشتى ۋە تۇلۇملىرىنى تولدۇرۇشتى . ئاندىن مەن ئالدىم، مەن بەرگەن پېتى تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مانا بۇ ئۇچۇق مۆجىزىسىنى كۆر، اَللّٰهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ عَلَيْهِ وَعَلَىٰ آلِهِ بِعَدَدِ قَطَرَاتِ الْمَاءِ دە!

**يەتتىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىم بولۇپ سەھىھ كىتابلار ھەزرەتى ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئىمران شۇنداق دەيدۇ: بىر سەپەردە، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيهىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن بىللە سۇسىز قالدۇق. ماگا ۋە ئەلىگە: «پالانى يەردە بىر ئايال ئىككى تۇلۇم سۇنى ئۇلىغىغا ئارتىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار» دېدى. مەن ئەلى بىلەن بىللە باردىم، دەل شۇ يەردە ئۇ ئايالنى سۇ بىلەن بىللە تاپتۇق، كەلتۈردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بىر قاچىغا ئازراق سۇ چۆشۈرۈڭلار» دېدى، چۆشۈردۇق. بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلدى؛ ئاندىن كېيىن سۇنى يەنە ئۇ ئۇلاغ ئۈستىدىكى تۇلۇمغا تۆكتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ھەممەيلەن كېلىپ تۇلۇملىرىنى تولدۇرسۇن» دېدى. پۈتۈن جامائەت كېلىپ تۇلۇملىرىنى تولدۇردى ۋە ئىچىشتى. ئاندىن : «ئايالغا بىر نەرسە يىغىپ بېرىڭلار» دېدى. ئايالنىڭ ئېتىكىنى تولدۇرۇشتى. ئىمران دەيدۇكى: «مەن ئۇ ئىككى تۇلۇمنى بارغانسېرى تولۇپ جىقلاۋاتقاندەك خىيال قىلدىم.» رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيهىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ ئايالغا: اِذْهَبِي فَاِنَّا لَمْ نَأْخُذْ مِنْ مَائِكِ شَيْئًا وَلٰكِنَّ اللّٰهَ سَقَينَا يەنى: «سېنىڭ سۈيۈڭدىن ئالمىدۇق، بەلكى جانابى ھەق بىزگە خەزىنىسىدىن سۇ ئىچۈردى» دېدى.

**سەككىزىنچى مىسال:** باشتا مەشھۇر ئىبنى ھەزم سەھىھ كىتابىدا، راۋىلار ھەزرەتى ئۆمەردىن نەقىل قىلىدۇكى: تەبۇك غازىتىدا سۇسىز قالدۇق. ھەتتا بەزىلەر تۆگىسىنى سويغاندىن كېيىن، ئىچىدىكى سۈيىنى سىقىپ ئىچەتتى؛ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيهىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ دۇئا قىلىشىنى ئىلتىجا قىلدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيهىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىنى كۆتۈردى؛ تېخى قولىنى چۈشۈرمەستىنلا بۇلۇت يىغىلدى ۋە يامغۇر شۇنداق ياغدىكى، تۇلۇملىرىمىزنىمۇ تولدۇرالدۇق. ئاندىن يامغۇر توختىدى. قوشۇنىمىزغا مەخسۇس شەكىلدە كەلگەن بولۇپ، دائىرىمىزنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمىدى. دېمەك، تاسادىپىلىق ئارىلاشمىغان، پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بىر مۆجىزىسى ئىدى.

**توققۇزىنچى مىسال:** مەشھۇر ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى ۋە تۆت ئىمام ئىشىنىپ تەخرىجى ھەدىس* ئۈچۈن تايانغان ئەمر ئىبنى شۇئەيبدىن

* تەخرىج: مۇجتەھىدلەرنىڭ (قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقىرىدىغان زاتلارنىڭ) مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى چىقىرىشى.- ت

سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىلىدۇكى، ئۇ شۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئاۋۋال، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن تۆگىگە مىنىپ، ئەرەفە ئەتراپىدىكى زىلمەجاز دېگەن جايغا كەلگەن ۋاقىتتا ئەبۇ تالىب : «مەن ئۇسسىدىم» دەپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۆگىدىن چۈشۈپ، پۇتىنى يەرگە ئۇرغانىكەن، سۇ چىقىپتۇ. ئەبۇ تالىب ئۇ سۇدىن ئىچىپتۇ. مۇھەققىقلاردىن بىرسى شۇنداق دېگەن: «شۇ ھادىسە پەيغەمبەرلىكتىن ئاۋۋال بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىرھاسات تۈرىدىن بولۇش بىلەن بىللە، مىڭ يىلدىن كېيىن دەل شۇ يەردىن ئەرەفات بۇلىقىنىڭ چىقىشى، ئۇ ھادىسىگە بىنائەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بىر كارامىتى سانىلىدۇ.»

مانا بۇ توققۇز مىسالدەك، توقسان مىسال بولمىسىمۇ، «سۇ» مۆجىزىلىرىنى خەۋەر بەرگەن توقسان سۈرەتتە قىلىنغان رىۋايەتلەر باردۇر. باشتىكى يەتتە مىسال مەنىۋى تەۋاتۇردەك قەتئىي ۋە قۇۋۋەتلىكتۇر . گەرچە ئاخىرىدىكى ئىككى مىسالنىڭ رىۋايەت يوللىرى ئۇ دەرىجىدە قۇۋۋەتلىك ۋە خىلمۇ- خىل ئەمەس، راۋىلىرىمۇ كۆپ ئەمەس . ئەمما سەككىزىنچى مىسالدىكى ھەزرەتى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان بۇلۇت مۆجىزىسىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان ئىككىنچى بىر بۇلۇت مۆجىزىسى شۇكى:

باشتا ئىمامى بەيھەقى ۋە ھاكىم بولۇپ، سەھىھ كىتابلار ھەزرەتى ئۆمەردىن خەۋەر بېرىدۇكى: ھەزرەتى ئۆمەر رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن يامغۇر دۇئاسىنى ئىلتىجا قىلدى . چۈنكى قوشۇن سۇغا مۇھتاج ئىدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىنى كۆتۈردى، بىردىنلا بۇلۇت يىغىلىپ يامغۇر ياغدى . قوشۇننىڭ ئېھتىياجىغا لايىق سۇ بېرىپ كەتتى . گويا پەقەتلا قوشۇنغا سۇ بېرىش ئۈچۈن ۋەزىپىدار ئىدى . كەلدى، ئېھتىياجىغا كۆرە بېرىپ كەتتى.

شۇ ھادىسە، سەككىزىنچى مىسالنى قۇۋۋەتلەندۈرگەن ۋە ئىسپات قىلغىنىدەك، شۇ ھادىسىدە مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ۋە سەھىھ تاللاشتا ناھايىتى قىيىنلاشتۇرىۋېتىدىغان، ھەتتا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئويدۇرما دەپ قوبۇل قىلمىغان ئىبنى جەۋزىيدەك بىر مۇھەققىق دەيدۇكى: شۇ ھادىسە مەشھۇر بەدىر غازىتىدا مەيدانغا كەلگەن. ﴿وَيُنَزِّلُعَلَيْكُمْمِنَالسَّمَاءِمَاءًلِيُطَهِّرَكُمْبِهِ﴾ ئايەتى كەرىمەسى، ئۇ ھادىسىنى سۆزلەپ ئىپادە قىلىدۇ . مادەم ئايەت ئۇ ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنداقتا قەتئىيلىكىدە شۈبھە قالمايدۇ.

ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن، بىردىنلا ۋە تېز سۈرەتتە ۋە تېخى قولىنى چۈشۈرمەستىنلا يامغۇرنىڭ يېغىشى كۆپ قېتىم تەكرارلانغان بولۇپ،

بۇنىڭ ئۆزىلا مۇتەۋاتىر بىر مۆجىزىدۇر . بەزىدە مەسجىدتە، مۇنبەر ئۈستىدە (دۇئا ئۈچۈن) قولىنى كۆتۈرگەن، تېخى قولىنى چۈشۈرمەستىنلا يامغۇر ياغقان؛ تەۋاتۇر بىلەن نەقىل قىلىنغاندۇر.

**توققۇزىنچى ئىشارەت:**

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى، **دەرەخلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەمرىنى ئاڭلىشى ۋە ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىدۇر**كى، بۇ دەرەخ مۆجىزىسى، بارماقلىرىدىن سۇنىڭ ئېقىشىغا ئوخشاشلا مەنەن مۇتەۋاتىردۇر. خىلمۇ- خىل شەكىللىرى بار ۋە نۇرغۇن يوللار بىلەن كەلگەندۇر. شۇنداق، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەمرى ئۈچۈن دەرەخ ئورنىدىن قوزغىلىپ يېنىغا كېلىشىنى ئوچۇق شەكىلدە مۇتەۋاتىر دېگىلى بولىدۇ . چۈنكى سىددىق بولغان ساھابىلەرنىڭ مەشھۇرلىرىدىن ھەزرەتى ئەلى، ھەزرەتى ئىبنى ئابباس، ھەزرەتى ئىبنى مەسئۇد، ھەزرەتى ئىبنى ئۆمەر، ھەزرەتى يەئلا ئىبنى مۇررە، ھەزرەتى جابىر، ھەزرەتى ئەنەس ئىبنى مالىك، ھەزرەتى بۇرەيدە، ھەزرەتى ئۇسامە بىن زەيد ۋە ھەزرەتى غەيلان ئىبنى سەلەمەدەك ساھابىلەر ھەربىرى قەتئىيلىك بىلەن، ئورتاق ھالدا شۇ دەرەخ مۆجىزىسىنى خەۋەر بەرگەن . تابىئىننىڭ يۈزلەرچە ئىماملىرى مەزكۇر ساھابىلەرنىڭ ھەربىرىسىدىن ئايرىم بىر يول بىلەن، ئۇ دەرەخ مۆجىزىسىنى نەقىل قىلغان . گوياكى قاتمۇ- قات تەۋاتۇردەك بىر شەكىلدە بىزگە نەقىل قىلىنغاندۇر . مانا شۇ دەرەخ مۆجىزىسى ھېچبىر شۈبھە قوبۇل قىلمايدىغان قەتئىي بىر مەنىۋى تەۋاتۇر ھۆكمىدىدۇر.

ئەمدى ئۇ چوڭ مۆجىزىنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشلىرى بولىسىمۇ، بىر قانچە سەھىھ شەكىللىرىنى بىر قانچە مىسال بىلەن بايان قىلىمىز:

**بىرىنچى مىسال:** باشتا ئىمامى ماجە ۋە ئىمامى دارىمى ۋە ئىمامى بەيھەقى سەھىھ نەقىل بىلەن ھەزرەتى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن ۋە ھەزرەتى ئەلىدىن، ھەمدە بەززاز ۋە ئىمامى بەيھەقى ھەزرەتى ئۆمەردىن خەۋەر بېرىدۇكى، بۇ ئۈچ ساھابە دەيدۇكى: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ كۇففارلارنىڭ يالغانغا چىقىرىشلىرىدىن كۆڭلى يېرىم ئىدى . ئۇ: يَا رَبِّ اَرِنِى آيَةً لاَ اُبَالِى مَنْ كَذَّبَنِى بَعْدَهَا دېدى . ئەنەسنىڭ رىۋايىتىدە، ھەزرەتى جەبرائىل ئۇ يەردە ھازىر ئىدى. ۋادى بويىدا بىر دەرەخ بار ئىدى . ھەزرەتى جەبرائىلنىڭ بىلدۈرىشى بىلەن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ دەرەخنى چاقىردى . دەرەخ ئۇنىڭ يېنىغىچە كەلدى . ئاندىن «قايت» دېدى، يەنە جايىغا بېرىپ، ئەسلى ئورنىغا يەرلەشتى.

**ئىككىنچى مىسال:** مەغرىب ئەللامەسى (چوڭ ئۆلىما) قازى ئىياز شىفائى شەرىفتە يۇكسەك بىر سەنەد بىلەن، توغرا ۋە ساغلام بىر زەنجىر بىلەن، ھەزرەتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن خەۋەر بېرىدۇكى، بىر سەپەردە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا بىر بەدەۋى (سەھرالىق) كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اَيْنَ تُرِيدُ؟ يەنى،نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. بەدەۋى : «ئۆيۈمگە» دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هَلْ لَكَ اِلَى خَيْرٍ مِنْ ذٰلِكَ؟ يەنى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى بىر خەير خالىمامسەن؟» دېدى . بەدەۋى: «قانداق خەير؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اَنْ تَشْهَدَ اَنْ لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَاَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ» دېدى. بەدەۋى: «بۇ شاھادەتكە دەلىلىڭ نېمە؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « هٰذِهِ الشَّجَرَةُ السَّمُرَةُ يەنى، ئاۋۇ ۋادى بويىدىكى دەرەخ» دېدى . ئىبنى ئۆمەر دەيدۇكى : ئۇ دەرەخ جايىدىن قوزغىلىپ چىقتى، يەر يېرىلدى. دەرەخ تاكى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغىچە كەلدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ دەرەختىن ئۈچ قېتىم شاھادەت ئېيتىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، دەرەخمۇ ئۇنىڭ توغرىلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى . ئەمر قىلىۋىدى، يەنە جايىغا بېرىپ يەرلەشتى.

ھەزرەتى بۇرەيدە ئىبنى ھەسىبىل ئەسلەمى رىۋايىتىدە، سەھىھ نەقىل بىلەن بۇرەيدە ئېيتىدۇكى: بىز بىر سەپەردە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، بىر بەدەۋى ئەرەب كەلدى. بىر ئالامەت، يەنى مۆجىزە تەلەپ قىلدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «قُلْ لِتِلْكَ الشَّجَرَةِ رَسُولُ اللّٰهِ يَدْعُوكِ» دەپ بىر دەرەخكە ئىشارەت قىلدى؛ دەرەخ ئوڭ سولغا ئىرغاڭلىغىنىچە يىلتىزىنى يەردىن چىقىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە : «اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ» دېدى. ئاندىن ئۇ بەدەۋى: «يەنە جايىغا كەتسۇن» دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر قىلدى؛ دەرەخ جايىغا كەتتى. بەدەۋى: «رۇخسەت قىل، ساڭا سەجدە قىلاي» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھېچكىمگە رۇخسەت يوق» دېدى. بەدەۋى: «ئۇنداق بولسا، قولۇڭنى سۆيەي» دېدى. رۇخسەت قىلدى.

**ئۈچىنچى مىسال:** باشتا سەھىھى مۇسلىم، سەھىھ كىتابلار خەۋەر بېرىدۇكى، جابىر شۇنداق دەيدۇ : بىز بىر سەپەردە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر يەر ئىزدىدى؛ ئەمما دالدا بولغۇدەك بىر يەر يوق ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى دەرەخنىڭ يېنىغا باردى . بىر دەرەخنىڭ شېخىنى تۇتۇپ تارتتى . دەرەخمۇ

ئىتائەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە يەنە بىر دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى . يۇۋاش تۆگىنىڭ تانىسىنى تۇتۇپ يېتىلىگەندەك، ئۇ ئىككى تۈپ دەرەخنى شۇ شەكىلدە يانمۇ- يان كەلتۈردى . ئاندىن: «اِلْتَئِمَا عَلَيَّ بِإِذْنِ اللّٰهِ يەنى، ئۈستۈمگە بىرلىشىڭلار» دېدى. ئىككىسى بىرلىشىپ دالدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تاھارەت سۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئەمىر قىلدى، جايىغا كېتىشتى.

ئىككىنچى بىر رىۋايەتتە، ھەزرەتى جابىر دەيدۇكى: «ماڭا: ‹يَا جَابِرُ قُلْ لِهٰذِهِ الشَّجَرَةِ يَقُولُ لَكِ رَسُولُ اللّٰهِ اِلْحَقِى بِصَاحِبَتِكِ حَتَّى اَجْلِسَ خَلْفَكُمَا يەنى، ئۇ دەرەخلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن بىرلىشىڭلار،- دە!› دېدى . مەن شۇنداق دېدىم . ئۇلارمۇ بىرلەشتى . مەن بىر ئاز ساقلىغاندىن كېيىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام چىقىپ كەلدى ۋە بېشى بىلەن ئوڭغا، سولغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ ئىككى دەرەخ جايلىرىغا كېتىشتى.»

**تۆتىنچى مىسال:** سەھىھ نەقىل بىلەن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ جەسۇر قۇماندانلىرىدىن ۋە خىزمەتكارلىرىدىن ئۇسامە بىن زەيد دەيدۇكى: بىر سەپەردە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. تاھارەت سۇندۇرۇش ئۈچۈن خالىي، دالدا بىر يەر تېپىلمىدى . ئۇ: «هَلْ تَرَى مِنْ نَخْلٍ اَوْ حِجَارَةٍ؟» دېدى. مەن: «شۇنداق، بار» دېدىم. ئەمىر قىلدى ۋە دېدى: «اِنْطَلِقْ وَقُلْ لَهُنَّ اِنَّ رَسُولَ اللّٰهِ يَأْمُرُكُنَّ اَنْ تَأْتِينَ لِمَخْرَجِ رَسُولِ اللّٰهِ وَقُلْ لِلْحِجَارَةِ مِثْلَ ذٰلِكَ يەنى: دەرەخلەرگە: ‹رەسۇلۇللاھنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن بىرلىشىڭلار› ۋە تاشلارغىمۇ: ‹تامغا ئوخشاش يىغىلىڭلار› دېگىن.» مەن بېرىپ شۇنداق دېدىم . قەسەم قىلىمەنكى، دەرەخلەر بىرلەشتى ۋە تاشلار تام بولدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ھاجىتىدىن كېيىن يەنە : «قُلْ لَهُنَّ يَفْتَرِقْنَ» دەپ ئەمىر قىلدى. مېنىڭ نەفسىم قۇدرەت قولىدا بولغان زاتى زۇلجەلالغا قەسەم قىلىمەنكى، دەرەخلەر ۋە تاشلار ئايرىلىپ جايلىرىغا كېتىشتى.

شۇ ھەزرەتى جابىر ۋە ئۇسامە بايان قىلغان ئىككى ھادىسىنى ئەينەن يەئلا ئىبنى مۇررە، غەيلان ئىبنى سەلەمەتىس سەقەفى ۋە ھەزرەتى ئىبنى مەسئۇدلار «ھۇنەين غازىتىدا بولغان» دەپ ئەينەن شۇ شەكىلدە خەۋەر بەرگەن.

**بەشىنچى مىسال:** ئىمامى ئىبنى فۇرەكتۇركى، ئىجتىھاد ۋە پەزىلەت جەھەتتىكى كامالىتىدىن كىنايە قىلىنىپ «ئىككىنچى شافىئى» دەپ نام ئالغان ئەسىرنىڭ ئەللامەسى قەتئىي خەۋەر بېرىدۇكى: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كېچىدە ئات ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا ئۇيقۇسى كەلدى ۋە شۇ ھالدا بىر تۈپ سىدرە

دەرىخىگە توغرا كېلىپ قالدى . دەرەخ ئېتىنى بۇرىلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەرھال يول بېرىپ، ئىككىگە يېرىلدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئېتى بىلەن دەرەخنىڭ ئىچىدىن ئۆتتى . تا بۇ زامانىمىزغىچە ئۇ دەرەخ ئىككىگە بۆلۈنگەن، مۆھتەرەم بىر ھالەتتە قالدى.

**ئالتىنچى مىسال:** ھەزرەتى يەئلانىڭ رىۋايىتىدە، (سەھىھ نەقىل بىلەن) خەۋەر بېرىدۇكى: بىر سەپەردە تەلھە ياكى سەمۇرە دېيىلىدىغان بىر دەرەخ كەلدى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپ قىلغاندەك ئايلاندى ؛ ئاندىن يەنە جايىغا كەتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «اِسْتَأْذَنَتْ اَنْ تُسَلِّمَ عَلَيَّ  يەنى، ئۇ دەرەخ جانابى ھەقتىن ماڭا سالام قىلىشنى تەلەپ قىلدى.» دېدى.

**يەتتىنچى مىسال:** مۇھەددىسلەر سەھىھ نەقىل بىلەن ئىبنى مەسئۇدتىن بايان قىلىدۇكى، ئىبنى مەسئۇد شۇنداق دېدى: باتنى نەھىل دېگەن جايدا نۇسەيبىن جىنلىرى ھىدايەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ۋاقىتتا، بىر دەرەخ ئۇ جىنلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر بەردى . ھەم ئىمامى مۇجاھىد ئۇ ھەدىستە ئىبنى مەسئۇدتىن نەقىل قىلىدۇكى، ئۇ جىنلار بىر دەلىل تەلەپ قىلدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىر دەرەخكە ئەمر قىلدى، ئۇ دەرەخ جايىدىن قوزغىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن يەنە جايىغا قايتىپ كەتتى . مانا، جىن تائىپىسىگە يالغۇز بىر مۆجىزە يېتەرلىك بولدى، ئەجەبا بۇ مۆجىزىدەك مىڭلارچە مۆجىزىلەرنى ئاڭلىغان بىر ئىنسان ئىمانغا كەلمىسە، جىنلار ﴿يَقُولُ سَفِيهُنَا عَلَى اللّٰهِ شَطَطًا﴾ تەبىر قىلغان شەيتانلاردىن تېخىمۇ شەيتان بولمامدۇ؟

**سەككىزىنچى مىسال:** سەھىھى تىرمىزى سەھىھ نەقىل بىلەن ھەزرەتى ئىبنى ئابباستىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئىبنى ئابباس شۇنداق دېدى: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام  بىر بەدەۋىگە: « اَرَاَيْتَ اِنْ دَعَوْتُ هذَا الْعِذْقَ مِنْ هذِهِ النَّخْلَةِ اَتَشْهَدُ اَنِّى رَسُولُ  يەنى، مەن بۇ دەرەخنىڭ شۇ شېخىنى چاقىرسام، ئۇ شاخ يېنىمغا كەلسە ئىمان ئېيتامسەن؟» دېدى . بەدەۋى «ئېيتىمەن» دېدى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام چاقىردى، ئۇ شاخ دەرەختىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن ئەمر قىلدى يەنە جايىغا كەتتى.

مانا بۇ سەككىز مىسالدەك نۇرغۇن مىساللار بار. كۆپلىگەن يوللار بىلەن نەقىل قىلىنغاندۇر. مەلۇمدۇركى، يەتتە- سەككىز تال شوينا بىرلەشسە، كۈچلۈك بىر

ئارغامچا بولىدۇ، شۇڭىدەكلا شۇ سىددىق ساھابىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بۇنداق خىلمۇ- خىل يوللار بىلەن خەۋەر بېرىلگەن شۇ دەرەخ مۆجىزىسى ئەلۋەتتە مەنىۋى تەۋاتۇر قۇۋۋەتىدىدۇر، بەلكى ھەقىقىي تەۋاتۇردۇر . دېمىسىمۇ ساھابىلەردىن كېيىن تابىئىنلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋاقىتتا تەۋاتۇر سۈرىتىنى ئالىدۇ . بولۇپمۇ بۇخارىي، مۇسلىم، ئىبنى ھىببان، تىرمىزىدەك سەھىھ كىتابلار، تا ساھابىلەر زامانىغا قەدەر ئۇ يولنى ئۇ قەدەر ساغلام قىلغان ۋە مۇكەممەل تۇتقانكى، مەسىلەن بۇخارىدا كۆرۈش ساھابىنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاش بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئەجەبا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا دەرەخلەر (مىساللاردا كۆرۈلگىنىدەك) ئۇنى تونۇپ، پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىپ، ئۇنى سالام بىلەن زىيارەت قىلىپ، ئەمرلىرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان تۇرسا، ئۆزىنى ئىنسان دېگەن بىر قىسىم جانسىز، ئەقىلسىز مەخلۇقلار ئۇنى تونىمىسا، ئىمان ئېيتمىسا، قۇرۇق ياغاچتىن تېخىمۇ تۆۋەن، ئوتتۇن پارچىسىدەك ئەھمىيەتسىز، قىممەتسىز بولۇپ ئوتقا لايىق بولمامدۇ؟

**ئونىنچى ئىشارەت:**

شۇ دەرەخ مۆجىزىسىنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان مۇتەۋاتىر بىر سۈرەتتە نەقىل قىلىنغان حَنِينُ الْجِذْعِ **(قۇرۇق تۈۋرۈكنىڭ يىغلىشى)** مۆجىزىسىدۇر. شۇنداق، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرەپلىك مەسجىدىدە قۇرۇق تۈۋرۈكنىڭ چوڭ بىر جامائەت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىش سەۋەبىدىن يىغلىشى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەرەخ مۆجىزىسىنىڭ مىساللىرىنى ھەم ساغلاملاشتۇرىدۇ ھەم قۇۋۋەت بېرىدۇ. چۈنكى ئۇمۇ دەرەختۇر، تۈرى بىردۇر. ئەمما بۇ مۆجىزە يالغۇزلا مۇتەۋاتىردۇر . باشقا قىسىملاردا ھەربىرىنىڭ تۈرى مۇتەۋاتىردۇر، قىسىملىرى، مىساللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوچۇق تەۋاتۇر دەرىجىسىگە چىقمايدۇ. شۇنداق، مەسجىدى شەرىفتە خورما ياغىچىدىن ياسالغان قۇرۇق تۈۋرۈك بار بولۇپ، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام خۇتبە ئوقۇغاندا ئۇنىڭغا يۆلىنەتتى. كېيىن مۇنبەرى شەرىف ياسالغاندا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبىنى باشلىدى، خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، تۈۋرۈك تۆگىگە ئوخشاش بوزلاپ يىغلىدى، پۈتۈن جامائەت ئاڭلىدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى ئۈستىگە قويدى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ تەسەللىي بەردى، تۈۋرۈك شۇندىلا يىغىدىن توختىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ شۇ مۆجىزىسى ناھايىتى كۆپ يوللار بىلەن تەۋاتۇر دەرىجىسىدە نەقىل قىلىنغاندۇر.

www.uygurkitap.com

شۇنداق، بۇ حَنِينُ الْجِذْعِ  مۆجىزىسى ناھايىتى كۆپ تارقالغان ۋە مەشھۇر ھەم ھەقىقىي مۇتەۋاتىردۇر.  ساھابىلەرنىڭ بىر ئالىي جامائىتىدىن ئون بەش يول بىلەن كېلىپ، تابىئىنلارنىڭ يۈزلەرچە ئىماملىرى ئۇ مۆجىزىنى ئۇ يوللار بىلەن كېيىنكى ئەسىرلەرگە خەۋەر بەرگەن. ساھابىلەرنىڭ ئۇ جامائىتىدىن ساھابە ئالىملىرىنىڭ نامدارلىرى ۋە ھەدىس رىۋايىتىنىڭ رەئىسلىرىدىن ھەزرەتى ئەنەس ئىبنى مالىك (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتكارى)، ھەزرەتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھىل ئەنسارى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتكارى)، ھەزرەتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ھەزرەتى ئابدۇللاھ بىن ئاباس، ھەزرەتى سەھل بىن سائىد، ھەزرەتى ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى، ھەزرەتى ئۇبەيي ئىبنى كەئىب، ھەزرەتى بۇرەيدە، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرەتى ئۇممۇ سەلەمەدەك ساھابىلەرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى ۋە ھەدىس رىۋايىتىنىڭ رەئىسلىرىگە ئوخشاش ھەربىرى بىر يولنىڭ بېشىدا بولغانلار، بۇ مۆجىزىنى ئۇممەتكە خەۋەر بەرگەندۇر . باشتا بۇخارىي، مۇسلىم، سەھىھ كىتابلار كېيىنكى ئەسىرلەرگە بۇ چوڭ مۇتەۋاتىر مۆجىزىنى يوللىرى بىلەن خەۋەر بەرگەندۇر.

ھەزرەتى جابىر رىۋايىتىدە دەيدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام خۇتبە ئوقۇغاندا، مەسجىدى شەرىفتە جِذْعُ النَّخْلِ دېيىلىدىغان قۇرۇق تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئوقۇيتتى . مۇنبەرى شەرىف ياسىلىپ ئۇنىڭغا چىقىلغاندىن كېيىن تۈۋرۈك سەبىر قىلالماي، ھامىلە تۆگىگە ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ بوزلاپ يىغلىدى. ھەزرەتى ئەنەس رىۋايىتىدە دەيدۇكى، سۇ كالىسىغا ئوخشاش يىغلاپ، مەسجىدنى لەرزىگە كەلتۈردى. سەھل ئىبنى سائىد رىۋايىتىدە دەيدۇكى، ھەم ئۇنىڭ يىغلىشى بىلەن جامائەتمۇ قوشۇلۇپ يىغلىدى .  ھەزرەتى ئۇبەيي ئىبنى كەئىب رىۋايىتىدە دەيدۇ: ھەم شۇنداق يىغلىدىكى يېرىلىپ كەتتى، يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام : اِنَّ هذَا بَكَى لِمَا فَقَدَ مِنَ الذِّكْرِ  يەنى، ئۇنىڭ يىغلىشى ئۇنىڭ يېنىدا ئوقۇلغان زىكىر ۋە خۇتبىدە ﷲنىڭ زىكىر قىلىنىشىدىن ئايرىلغانلىقتىندۇر، دېگەن . يەنە بىر رىۋايەتتە: لَوْ لَمْ اَلْتَزِمْهُ لَمْ يَزَلْ هكَذَا اِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ تَحَزُّنًا عَلَى رَسُولِ اللّٰهِ  يەنى : مەن ئۇنى قۇچاقلاپ تەسەللىي بەرمىگەن بولسام، رەسۇلۇللاھنىڭ پىراقىدىن قىيامەتكىچە مۇشۇنداق يىغلايتتى، دېيىلگەن. ھەزرەتى بۇرەيدەنىڭ رىۋايىتىدە دەيدۇكى، تۈۋرۈك يىغلىغاندىن كېيىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىنى ئۈستىگە قويۇپ : اِنْ شِئْتَ اَرُدُّكَ اِلَى الْحَائِطِ الَّذِى كُنْتَ فِيهِ تَنْبُتُ لَكَ عُرُوقُكَ وَيَكْمُلُ خَلْقُكَ وَيُجَدَّدُ خُوصُكَ وَثَمَرُكَ وَاِنْ شِئْتَ اَغْرِسُكَ فِى الْجَنَّةِ يَاْكُلُ اَوْلِيَاءُ اللّٰهِ مِنْ ثَمَرِكَ  دېدى . كېيىن ئۇ تۈۋرۈكنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى، ئارقا سەپتىكىلەرمۇ تۈۋرۈك سۆزلىگەن بۇ گەپنى ئاڭلىدى : « اِغْرِسْنِى فِى الْجَنَّةِ يَاْكُلُ مِنِّى اَوْلِيَاءُ اللّٰهِ فِى مَكَانٍ لاَ يَبْلَى يەنى، جەننەتتە مېنى

تىككىنكى مېۋىلىرىمدىن جانابىي ھەقنىڭ سۆيۈملۈك قۇللىرى يېسۇن، ھەم ئۇ شۇنداق بىر ماكانكى ئۇ يەردە باقىي قالىدۇ، چىرىش يوق.» رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قَدْ فَعَلْتُ دېدى . ئاندىن اِخْتَارَ دَارَ الْبَقَاءِ عَلَى دَارِ الْفَنَاءِ دېدى.

ئىلمى كالامنىڭ بۈيۈك ئىماملىرىدىن مەشھۇر ئەبۇ ئىسھاق ئىسفارانىي نەقىل قىلىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۈۋرۈكنىڭ يېنىغا بارمىدى، بەلكى تۈۋرۈك ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن ئەمىر قىلدى، جايىغا قايتتى. ھەزرەتى ئۇبەيي ئىبنى كەئب دەيدۇكى، شۇ ھەيران قالارلىق ھادىسىدىن كېيىن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۈۋرۈكنىڭ مۇنبەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىشىنى ئەمىر قىلدى ۋە قويۇلۇپ مەسجىدى شەرىپنىڭ رېمونتى ئۈچۈن چېقىپ ئۆگشىغانىغا قەدەر مۇنبەرنىڭ ئاستىدا قالدى . ئۇ چاغدا ھەزرەتى ئۇبەيي ئىبنى كەئب ئۇنى يېنىغا ئاپىرىپ ئۇ چىرىپ كەتكۈچە ساقلىدى.

مەشھۇر ھەسەن بەسرى شۇ مۆجىزە ھادىسىسىنى شاگىرتلىرىغا دەرس بەرگەن ۋاقتتا، يىغلايتتى ۋە دەيتتىكى : « ياغاچ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا مەيل (مايىللىق) ۋە ئىشتىياق كۆرسىتىۋاتىدۇ، سىلەر تېخىمۇ زىيادە ئىشتىياق ۋە مەيل كۆرسىتىشكە لايىقسىلەر.» بىزمۇ دەيمىز: **شۇنداق، ھەم ئۇنىڭغا ئىشتىياق، مەيل ۋە مۇھەببەت، ئۇنىڭ سۈننەتى سەنىييەسىگە* ۋە شەرىئەتى غەرراسىغا** ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ.**

**مۇھىم بىر نۇكتە:** ئەگەر دېيىلسە، نېمىشقا خەندەك غازىتىدا تۆت ئۇچۇم تائام بىلەن مىڭ ئادەمنى تويغۇزغان تائام مۆجىزىسى ۋە بارماقلىرىدىن ئاققان سۇ بىلەن مىڭ بەش يۈز كىشىگە سۇنى قانغۇچە ئىچۈرگەن سۇ مۆجىزىسى شۇ تۈۋرۈك مۆجىزىسىدەك داغدۇغا بىلەن كۆپ يوللاردىن رىۋايەت قىلىنمىغان؟ ھالبۇكى، ئۇ ئىككىسى بۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ جامائەت ئىچىدە مەيدانغا كەلگەنىدى.

**جاۋاب:** مەيدانغا كەلگەن مۆجىزىلەر ئىككى قىسىمدۇر، بىر قىسمى پەيغەمبەرلىكنى تەستىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قولىدا كۆرۈندۇ. تۈۋرۈكنىڭ يىغلىشى شۇ تۈردىندۇركى، پەقەتلا پەيغەمبەرلىكنىڭ تەستىقى ئۈچۈن ھۆججەت سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى زىيادىلەشتۈرۈش، مۇناپىقلارنى ئىخلاسقا ۋە ئىمانغا دەۋەت

* سۈننەتى سەنىييە : مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يۈكسەك ھايات يولى.- ت

** شەرىئەتى غەررا: پارلاق شەرىئەت.- ت

قىلىش، ھەمدە كۈيپارلارنى ئىمانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زاھىر بولغان . بۇ ۋەجىدىن يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى ھەممە كىشى ئۇنى كۆردى، ئۇنىڭ تارقىلىشىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلدى . ئەمما ئۇ تائام مۆجىزىسى ۋە سۇ مۆجىزىسى بولسا، مۆجىزىدىن بەكرەك بىر كارامەتتۇر، بەلكى كارامەتتىن كۆپرەك بىر ئىكرامدۇر، بەلكى ئىكرامدىن بەكرەك ئېھتىياجغا بىنائەن بېرىلگەن بىر راھماني زىياپەتتۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن گەرچە نۇبۇۋۋەت دەۋاسىغا دەلىل ۋە مۆجىزە بولسىمۇ، ئەمما ئەسلى مەقسەت : قوشۇن ئاچ قالغان، بىر ئۇرۇقتىن مىڭ پاتمان خورمىنى ياراتقىنىدەك، جانابى ھەق غەيىپ خەزىنىسىدىن بىر سائ تائامدىن مىڭ ئادەمگە زىياپەت بېرىدۇ، ھەم سۇسىز قالغان مۇجاھىد بىر قوشۇنغا بۈيۈك قوماندانىنىڭ بارماقلىرىدىن ئابى كەۋسەردەك سۇ ئېقىتىپ ئىچكۈزىدۇ، مانا بۇ سىر ئۈچۈندۇركى، تائام ۋە سۇ مۆجىزىسىنىڭ ھەربىر مەسالى تۆۋرۈكنىڭ يىغلىشى دەرىجىسىگە چىقمايدۇ، ئەمما ئۇ ئىككى مۆجىزىنىڭ جىنسلىرى ۋە تۈرلىرى ئومۇمىيلىق ئېتىبارى بىلەن تۆۋرۈكنىڭ يىغلىشىدەكلا مۇتەۋاتىر ۋە كۆپتۇر . ھەم تائامنىڭ بەرىكىتىنى ۋە بارماقلىرىدىن سۇنىڭ ئېقىشىنى ھەركىم كۆرەلمەيدۇ، پەقەتلا ئەسەرلىرىنى كۆرىدۇ، تۆۋرۈكنىڭ يىغلىشىنى بولسا ھەركىم ئاڭلايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆپرەك تارقالغان.

**ئەگەر دېيىلسە:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ھەر ھال ۋە ھەرىكىتىنى ساھابىلەر ناھايىتى دىققەت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ نەقىل قىلغاندۇر. نېمىشقا بۇنداق بىر بۈيۈك مۆجىزە ئون-يىگىرمە يول بىلەن كېلىدۇ؟ يۈز يول بىلەن كېلىشى لازىم ئىدى . ھەم نېمىشقا ھەزرەتى ئەنەس، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن كۆپ كېلىدۇ- يۇ، ھەزرەتى ئەبۇ بەكىر ۋە ھەزرەتى ئۆمەر ئاز رىۋايەت قىلىدۇ؟

**جاۋاب:** بىرىنچى تارماقنىڭ جاۋابى تۆتىنچى ئىشارەتنىڭ ئۈچىنچى ئاساسىدا دېيىلگەنىدى. ئىككىنچى تارماقنىڭ جاۋابى بولسا: ئالايلۇق بىر ئىنسان بىر دورىغا مۇھتاج بولسا تىۋىپنىڭ يېنىغا بارىدۇ، گېئومېترىيە مەسىلىلىرى ئۈچۈن گېئومېتىرىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىدۇ؛ شەرئىي مەسىلىلەر مۇپتىدىن سورىلىدۇ. ۋەھاكازا... دەل شۇنىڭدەكلا، ساھابىلەر ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى كېلىدىغان ئەسىرلەرگە دەرس بېرىش ئۈچۈن ساھابە ئالىملىرىدىن بىر قىسمى مەنەن ۋەزىپىدار ئىدى . پۈتۈن قۇۋۋەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشاتتى . شۇنداق، ھەزرەتى ئەبۇ ھۇرەيرە پۈتۈن ھاياتىنى ھەدىس يادلاشقا بەرگەن . ھەزرەتى ئۆمەر سىياسەت ئالىمىدە ۋە چوڭ ۋەزىپە بولغان خەلىپىلىك بىلەن مەشغۇل ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىسلەرنى ئۈممەتكە دەرس بېرىش ئۈچۈن ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس ۋە جابىرغا ئىشىنىپ، ئۇ جەھەتتىكى رىۋايەتنى

ئاز قىلاتتى. ھەم مادەم ساھابىلەرنىڭ راستچىل، توغرا، دۇرۇس، سادىق ۋە مەشھۇر بىر نامدارى، بىر يول بىلەن بىر ھادىسىنى خەۋەر بەرسە، يېتەرلىك دېيىلىدۇ. باشقىسىنىڭ نەقلىگە ئېھتىياجمۇ قالمايدۇ . بۇ ۋەجىدىن، بەزى مۇھىم ھادىسىلەر ئىككى- ئۈچ يول بىلەن كېلىدۇ.

**ئون بىرىنچى ئىشارەت:**

ئونىنچى ئىشارەت دەرەخ تائىپىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھسساللامنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرسەتكىنىدەك، ئون بىرىنچى ئىشارەتمۇ جانسىزلاردىن **تاش ۋە تاغ تائىپىسىنىڭ** پەيغەمبەر ئەلەيھسساللامنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرسەتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. بىزمۇ ئۇ كۆپلىگەن مىساللاردىن يەتتە- سەككىز مىسالنى زىكىر قىلىمىز:

**بىرىنچى مىسال:** مەغرىب ئەللامەسى ھەزرەتى قازى ئىياز شىفائى شەرىفدە ئۈستۈن بىر سەنەد بىلەن ۋە بۇخارى ساھىبىدەك مۇھىم ئىماملاردىن سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسساللامنىڭ خادىمى ھەزرەتى ئىبنى مەسئۇد شۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسساللاتۇ ۋەسساللامنىڭ يېنىدا تاماق يېگەندە تائامنىڭ تەسبىھلىرىنى ئاڭلايتتۇق.

**ئىككىنچى مىسال:** سەھىھ نەقىل بىلەن، ئەنەس ۋە ئەبۇ زەردىن سەھىھ كىتابلار خەۋەر بېرىدۇكى، ھەزرەتى ئەنەس (پەيغەمبەر ئەلەيھسساللامنىڭ خادىمى) دېگەن: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسساللاتۇ ۋەسساللامنىڭ يېنىدا ئىدۇق؛ ئالقىنىغا كىچىك تاشلارنى ئالدى، مۇبارەك قولىدا تاشلار تەسبىھ ئېيتىشقا باشلىدى، ئاندىن ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قولىغا قويدى، يەنە تەسبىھ ئېيتتى . ئەبۇ زەررى غىففارىنىڭ رىۋايىتىدە دەيدۇكى : ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ قولىغا قويدى، يەنە تەسبىھ ئېيتتى . ئاندىن يەرگە قويدى، تەسبىھتىن توختىدى . ئاندىن يەنە ئېلىپ ھەزرەتى ئوسماننىڭ قولىغا قويدى، يەنە تەسبىھ ئېيتىشقا باشلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرەتى ئەنەس ۋە ئەبۇ زەر دەيدۇكى: «بىزنىڭ قوللىرىمىزغا قويغاندى، جىم بولدى.»

**ئۈچىنچى مىسال:** ھەزرەتى ئەلى، ھەزرەتى جابىر ۋە ھەزرەتى ئائىشەئى سىددىقەدىن قىلىنغان سەھىھ نەقىل بىلەن ئېنىقتۇركى: تاغ، تاش رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسساللاتۇ ۋەسساللامغا: اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ دەيتتى. ھەزرەتى ئەلىنىڭ رىۋايىتىدە دەيدۇكى، نۇبۇۋۋەتنىڭ دەسلىپىدە مەككىنىڭ ناھىيەلىرىدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسساللاتۇ ۋەسساللام بىلەن بىللە يۈرگىنىمىزدە، دەرەخ ۋە تاش ئۇچرىسا، ئۇلار: اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ دەيتتى. ھەزرەتى جابىر رىۋايىتىدە

دەيدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئاش ۋە دەرەخكە دۇچ كەلسە، ئۇلار سەجدە قىلاتتى، يەنى ئىگىلىپ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ دەيتتى .
جابىرنىڭ بىر رىۋايىتىدە، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: اِنِّي لَاَعْرِفُ حَجَرًا كَانَ يُسَلِّمُ عَلَيَّ دېگەن. بەزىلەر ئۇ، كەئبىدىكى قارا تاشقا ئىشارەتتۇر دېگەن.
ھەزرەتى ئائىشەنىڭ رىۋايىتىدە دېگەن: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام : لَمَّا اسْتَقْبَلَنِي جَبْرَائِيلُ بِالرِّسَالَةِ جَعَلْتُ لاَ اَمُرُّ بِحَجَرٍ وَلاَ شَجَرٍ اِلاَّ قَالَ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ دېگەن.

**تۆتىنچى مىسال:** سەھىھ نەقىل بىلەن ھەزرەتى ئاباستىن خەۋەر بېرىشىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئاباسنى ۋە ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنى (ئابدۇللاھ، ئۇبەيدۇللاھ، فەزل، قۇسەم) بىللە، مۇلائەت دېيىلىدىغان بىر پەردە ئاستىغا ئېلىپ، ئۈستىنى ياپتى ۋە : يَا رَبِّ هٰذَا عَمِّي وَصِنْوُ اَبِي وَ هٰؤُلاَءِ بَنُوهُ فَاسْتُرْهُمْ مِنَ النَّارِ كَسَتْرِي اِيَّاهُمْ بِمُلاَئَتِي دەپ دۇئا قىلدى. بىردىنلا ئۆينىڭ تورۇسى، ئىشىكى ۋە تاملىرى «ئامىن، ئامىن» دەپ دۇئاغا ئىشتىراك قىلىشتى.

**بەشىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى، ئىبنى ھىببان، داۋۇد، تىرمىزىدەك سەھىھ كىتابلار ئورتاق ھالدا ھەزرەتى ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئوسمان زىننۇرەين، ئاشەرەئى مۇبەششەرەدىن (جەننەتتىن خۇشخەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىدىن) سەئىد بىن زەيدتىن خەۋەر بېرىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەرۇل فارۇق ۋە ئوسمان زىننۇرەين بىلەن ئۇھۇد تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقتى . ئۇھۇد تېغى يا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىرىدىن ۋەياكى ئۆز خۇشاللىق ۋە سۆيۈنچىدىن لەرزىگە كەلدى، قىمىلدىدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: اُثْبُتْ يَا اُحُدُ فَاِنَّمَا عَلَيْكَ نَبِيٌّ وَ صِدِّيقٌ وَ شَهِيدَانِ دېدى.

شۇ ھەدىس، ھەزرەتى ئۆمەر ۋە ئوسماننىڭ شېھىد بولىدىغانلىقىغا بىر غەيبى خەۋەردۇر. شۇ مىسالنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە نەقىل قىلىنىغانكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلغان ۋە كۇپپارلار قوغلاپ كەلگەن ۋاقىتتا سەبىر ئىسىمدىكى بىر تاغقا چىقتى . سەبىر: «يا رەسۇلۇللاھ مەندىن چۈشۈپ كېتىڭ! ئەگەر مېنىڭ ئۈستۈمدە سىزنى ئۆلتۈرۈشسە اللهنىڭ مېنى جازالىشىدىن قورقىمەن.» دېدى . ھىرا تېغى: «يَا رَسُولَ اللّٰهِ اِلَيَّ يەنى، ماڭا كېلىڭ!» دېدى . بۇ سىر ئۈچۈندۇركى، ئەھلى قەلب ئىنسانلار سەبىردە قورقۇش ۋە ھىرادا خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ . بۇ مىسالدىن چۈشىنىلىدۇكى، ئۇ چوڭ تاغلار بىردىن مۇستەقىل ئابىدتۇر (قۇل) ، مۇسەببەھتۇر

(ﷲقا تەسبىھ ئېيتقۇچى) ۋە ۋەزىپىداردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونۇيدۇ ۋە سۆيىدۇ، ئىگىسىز ئەمەستۇر.

**ئالتىنچى مىسال:** سەھىھ نەقىل بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن خەۋەر بېرىلىدۇكى، ئۇ شۇنداق دېگەن: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇغاندا: ﴿وَمَا قَدَرُوا اللّٰهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْاَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّمٰوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ﴾ ئايىتىنى ئوقۇدى . ۋە: اِنَّ الْجَبَّارَ يُعَظِّمُ نَفْسَهُ وَيَقُولُ اَنَا الْجَبَّارُ اَنَا الْجَبَّارُ اَنَا الْكَبِيرُ الْمُتَعَالُ دېگەن ۋاقىتتا مۇنبەر شۇنداق سىلكىنىدى ۋە شۇنداق لەرزىگە كەلدى، ھەممە تىترىدىكى، بىز رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى يىقىتىۋېتەمدىكىن دەپ قورقتۇق.

**يەتتىنچى مىسال:** سەھىھ نەقىل بىلەن، ئۈممەتنىڭ ئەللامەسى ۋە قۇرئاننىڭ تەرجىمانى بولغان ھەزرەتى ئىبنى ئابباستىن، ھەممە پەيغەمبىرىمىزنىڭ خادىمى ۋە ساھابىلەرنىڭ بۈيۈك ئالىمى بولغان ئىبنى مەسئۇدتىن خەۋەر بېرىشىدۇكى، مەككىنىڭ فەتھى كۈنىدە، كەئبە ۋە ئەتراپىدا تاش ئۈستىدە قەلەي بىلەن مىخلانغان ئۈچيۈز ئاتمىش بۇت بار ئىدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىدا يايغا ئوخشايدىغان بىر تاياق بىلەن بۇتلارغا بىر- بىردىن ئىشارەت قىلىپ:﴿جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ اِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾ دەپ قايسىسىغا ئىشارەت قىلسا، ئۇ بۇت يەرگە يىقىلدى . بۇتنىڭ يۈزىگە ئىشارەت قىلسا ئوڭدىسىغا، ئارقىسىغا ئىشارەت قىلسا دۈم چۈشەتتى . ۋەھاكازا... بۇتلار يەرگە يۇملاندى.

**سەككىزىنچى مىسال:** مەشھۇر بۇھەيرائى راھىبنىڭ مەشھۇر قىسسىسىدۇركى، پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىب ۋە بىر قىسىم قۇرەيشىيلەر بىلەن بىللە شام تەرەپكە تىجارەتكە كېتىۋاتاتتى. بۇھەيرائى راھىبنىڭ چىركاۋى ئەتراپىغا كەلگەندە بىر يەردە ئولتۇردى . ئىنسانلار بىلەن ئالاقە قىلمىغان زاھىد بۇھەيرائى راھىب بىردىنلا چىقىپ كەلدى؛ كارۋان ئىچىدە مۇھەممەدۇل ئەمىننى(ئە.س.ۋ) كۆردى. كارۋانغا: « شۇ سەييىدىل ئالەمىندۇر (ئالەملەرنىڭ خوجىسى) ۋە پەيغەمبەر بولىدۇ.» دېدى . قۇرەيشىيلەر: «سەن نەدىن بىلسەن؟» دەپ سورىدى . مۇبارەك راھىب دېدىكى: «سىلەر كېلىۋاتقاندا ھاۋادا بىر پارچە بۇلۇتنىڭ ئۈستۈڭلاردا بىللە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. سىلەر ئولتۇرغاندا شۇ بۇلۇت مۇھەممەدۇل ئەمىن(ئە.س.ۋ) تەرەپكە مايىل بولدى ۋە ئۇنىڭغا سايە چۈشۈردى . ھەم تاش، دەرەخلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىۋاتقاندەك ۋەزىيەتتە كۆردۈم. بۇ پەيغەمبەرلەرگە قىلىنىدۇ.»

مانا بۇ سەككىز مىسالدەك بەلكىم سەكسەن مىسال بار. بۇ سەككىز مىسال بىرلەشتۈرۈلسە، ئۈزۈلمەس بىر زەنجىر بولىدۇكى، ھېچبىر شۈبھە ئۇنى ئۈزەلمەيدۇ ۋە تەۋرىتەلمەيدۇ . شۇ تۈردىكى مۆجىزە ئومۇمىيىتى ئېتىبارى بىلەن، يەنى، جانسىزلارنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسىغا دەلىل بولۇپ سۆزلەشلىرى مەنىۋى تەۋاتۇر ھۆكمىدە، شەكسىزلىكنى ۋە قەتئىيلىكنى ئىپادە قىلىدۇ . ھەربىر مىسال ئومۇمنىڭ قۇۋۋىتىدىن، ئۆز قۇۋۋىتىدىن كۆپرەك قۇۋۋەت ئالىدۇ . شۇنداق، زەئىپ بىر تۈۋرۈك، قۇۋۋەتلىك تۈۋرۈكلەر بىلەن يانمۇ- يان كەلسە قۇۋۋەتلىنىدۇ . زەئىپ، قۇۋۋەتسىز بىر ئادەم ئەسكەر بولۇپ ئارمىيەگە كىرسە، شۇنداق قۇۋۋەت تاپىدۇكى، مىڭ ئادەمگە جەڭ ئېلان قىلالايدۇ.

**ئون ئىككىنچى ئىشارەت:**

ئون بىرىنچى ئىشارەت بىلەن ئالاقىدار بولغان ئۈچ مىسالدۇر، ئەمما ناھايىتى مۇھىم مىساللاردۇر.

**بىرىنچى مىسال:** ﴿وَمَا رَمَيْتَ اِذْ رَمَيْتَ وَلكِنَّ اللّٰهَ رَمَى﴾ ئايىتىنىڭ قەتئىيلىكى بىلەن ۋە پۈتۈن مۇفەسسىرلەرنىڭ تەھقىقى بىلەن، ھەمدە پۈتۈن ئەھلى ھەدىسنىڭ خەۋىرى بىلەن، بۇ ئايەت خەۋەر بېرىدۇكى، بەدىر غازىتىدا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىر ئوچۇم تۇپراق بىلەن كىچىك تاشلارنى ئالدى، كۇپپار قوشۇنىنىڭ يۈزىگە ئېتىپ : شَاهَتِ الْوُجُوهُ دېدى. شَاهَتِ الْوُجُوهُ بىر كەلىمە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغىنىدەك، ئۇ بىر ئوچۇم تۇپراقمۇ ھەربىر كاپىرنىڭ كۆزىگە كىردى ؛ ھەربىرى ئۆز كۆزى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھۇجۇم قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق بىردىنلا قېچىشتى.

باشتا ئىمامى مۇسلىم بولۇپ، ئەھلى ھەدىس خەۋەر بېرىدۇكى، ھۇنەين غازىتىدا . بەدىردىكىگە ئوخشاش- كاپىرلار شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، يەنە بىر ئوچۇم تۇپراق ئېتىپ، شَاهَتِ الْوُجُوهُ دەپ، ھەربىرىنىڭ قۇلىقىغا بىردىن شَاهَتِ الْوُجُوهُ كىرگىنىدەك، ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن، ھەربىرىنىڭ يۈزىگە بىر ئوچۇمدىن تۇپراق تەگدى . كۆزلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېچىشتى . بەدىر ۋە ھۇنەيندىكى بۇ ھەيران قالارلىق ھادىسە، ئاددى سەۋەبلەر ۋە ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى ئىچىدە بولمىغانلىقتىن، قۇرئانى مۆجىزۇلبايان﴿ وَمَا رَمَيْتَ اِذْ رَمَيْتَ وَلكِنَّ اللّٰهَ رَمَى﴾ دەپ پەرمان قىلىدۇ . يەنى: ئۇ ھادىسە، ئىنسان قۇدرىتىنىڭ سىرتىدىدۇر. ئىنسانىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەۋقۇلئاددە بىر سۈرەتتە، ﷲنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولغاندۇر.

**ئىككىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى، مۇسلىم، سەھىھ كىتابلار خەۋەر بېرىدۇكى، خەيبەر غازىتىدا بىر يەھۇدىي ئايال بىر ئۆچكىنى كاۋاپ قىلىپ، ناھايىتى تەسىرلىك بىر زەھەر بىلەن زەھەرلەپ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى . ساھابىلەر يېيىشكە باشلىدى. بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى : «اِرْفَعُوا اَيْدِيَكُمْ اِنَّهَا اَخْبَرَتْنِى اَنَّهَا مَسْمُومَةٌ يەنى: پىشۇرۇلغان ئۆچكە ماڭا ‹ مەن زەھەرلىكمەن› دېدى.» شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قولىنى تارتتى. ئەمما ئۇ شىددەتلىك زەھەرنىڭ تەسىرىدىن بىشر ئىبنى بەررا يېگەن بىر چىشلەم گۆشنىڭ تەسىرىدىن ۋاپات بولدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ زەينەپ ئىسىملىك ئايالنى چاقىرىپ: «نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» دېگەندە، ئۇ شور پىشانە خوتۇن: «ئەگەر پەيغەمبەر بولساڭ ساڭا زىيان بەرمەيدۇ، ئەگەر پادىشاھ بولساڭ ئىنسانلارنى سەندىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلدىم.» دەيدۇ . بەزى رىۋايەتتە ئۇنى ئۆلتۈرگۈزمىگەن، بەزى رىۋايەتتە ئۆلتۈرگۈزگەن، دېيىلىدۇ. ئەھلى تەھقىق دەيدۇكى، ئۆزى ئۆلتۈرگۈزمىگەن، ئەمما بىشرنىڭ ۋارىسلىرىغا بېرىلگەن، ئۇلار ئۆلتۈرگەن. شۇ ئاجايىب ۋەقەدىكى مۆجىزە تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىككى- ئۈچ نۇقتىنى ئاڭلا:

**بىرىنچىسى:** بىر رىۋايەتتە باركى، ئۇ ئۆچكە قولى بىلەن خەۋەر بەرگەندە بەزى ساھابىلەرمۇ ئاڭلىغان.

**ئىككىنچىسى:** ھەم بىر رىۋايەتتە باركى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام خەۋەر بەرگەندىن كېيىن: « بىسمىللاھ» دەپ ئاندىن يېسەڭلار، زەھەر تەسىر قىلمايدۇ، دېگەن. بۇ رىۋايەتنى گەرچە ئىبنى ھاجەر ئەسقەلانى قوبۇل قىلمىغان، ئەمما باشقىلار قوبۇل قىلغان.

**ئۈچىنچىسى:** ھەم ھىيلىگەر يەھۇدىيلار رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ۋە يېقىن ساھابىلىرىگە بىراقلا زەربە بېرىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، بىردىنلا غايىبتىن خەۋەر بېرىلگەندەك، ھادىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى ۋە ھىيلىسىنىڭ ئىشلىمەي قېلىشى، ھەمدە ئۇ خەۋەر بېرىلگەن ۋەقەنىڭ توغرا چىقىشى ۋە ساھابىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېچبىر ۋاقىت ئەمەلىيەتكە زىت بىر خەۋىرى كۆرۈلمىگەن زاتى ئەھمەدىيەنىڭ «شۇ ئۆچكىنىڭ قولى ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ» دېيىشى، ھەر ئادەمنىڭ ئۇ ئۆچكىدىن ئۆز قۇلىقى بىلەن ئۇ سۆزنى ئاڭلىشى قەدەر قەتئىي قانائەت بېرىدۇ.

**ئۈچىنچى مىسال:** ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ « يەدى بەيزا» (پارلاق قول) ۋە «ھاسا» مۆجىزىسىگە ئوخشىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ھادىسىدىكى مۆجىزىسى:

www.uyghurkitap.com

**بىرىنچىسى:** ھەزرەتى ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەبى سەئىدىل خۇدرىدىن تەخرىج ۋە تەسھىھ قىلىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قەتادە ئىبنى نۇئمانغا قاراڭغۇ، يامغۇرلۇق بىر كېچىدە بىر تاياق بەرگەن ۋە: «بۇ ساڭا لامپىدەك ھەر تەرەپكە ئون گەزدەك كەڭلىكتە يورۇق چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، ئۆيۈڭگە كىرگەندە بىر قارا كۆلەڭگە شەخسنى كۆرىسەن؛ ئۇ شەيتاندۇر، ئۇنى ئۆيۈڭدىن قوغلاپ چىقىرىۋەت» دېگەن . قەتادە ھاسىنى ئېلىپ ماڭغان، ئۇ ھاسا يەدى بەيزادەك يورۇق چىقارغان . ئۇ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇ قارا شەخسنى كۆرگەن ۋە قوغلاپ چىقارغان.

**ئىككىنچىسى:** بىر غارايىبلار مەنبەسى بولغان چوڭ بەدىر غازىتىدا، ئۇككاشە ئىبنىل مىھسانىل ئەسەدىنىڭ قىلىچى ئۇ مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا سۇنۇپ كەتتى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا قىلىچنىڭ ئورنىغا توم بىر تاياقنى بەردى ۋە «بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىل» دېدى . بىردىنلا ئۇ تاياق اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇزۇن، ئاق بىر قىلىچقا ئۆزگەردى . ئۇ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى . ھاياتى بويىچە تاكى يەمامە جېڭىدە شېھىد بولغانغا قەدەر بويىنغا ئېسىپ يۈردى . شۇ ھادىسە قەتئىيدۇر . چۈنكى ئۇككاشە پۈتۈن ھاياتىدا ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگەن ۋە ئۇ قىلىچ «ئەل ئاۋن» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان . ھەزرەتى ئۇككاشەنىڭ ئىپتىخارى ۋە قىلىچىنىڭ ئاۋن نامى بىلەن پەۋقۇلئاددە مەشھۇر بولىشى شۇ ھادىسىنىڭ ئىككى ھۆججىتىدۇر.

**ئۈچىنچىسى:** ئىبنى ئابدىل بەررگە ئوخشاش بىر ئەسىر ئەللامەسى ۋە ئەھلى تەھقىقنىڭ بۈيۈكلىرىدىن تەخرىج ۋە تەسھىھ قىلىدۇكى، ئۇھۇد غازىتىدا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش جەڭ قىلىۋاتقاندا قىلىچى سۇنۇپ كەتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا بىر تاياق بەردى. ئۇ تاياق ئۇنىڭ قولىدا بىر قىلىچ بولدى . ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى . ئۇ مۆجىزە ئەسىرى بولغان قىلىچ باقىي قالدى. مەشھۇر ئىبنى سەييىدىن ناس سىيەرىدە خەۋەر بېرىدۇكى، بىر زاماندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئۇ قىلىچنى بۇغايى تۈركى ئىسىملىك بىر ئادەمگە ئىككى يۈز لىراغا ساتتى . مانا بۇ ئىككى قىلىچنىڭ ھەربىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىدەك بىر مۆجىزىدۇر. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۆجىزىلىك تەرىپى قالمىدى. ئەمما بۇلار باقىي قالدى.

**ئون ئۈچىنچى ئىشارەت :**

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ھەم مۇتەۋاتىر بولغان، ھەم مىساللىرى كۆپ بولغان بىر تۈرى، كېسەللەرنىڭ ۋە يارىلانغانلارنىڭ

ئۇنىڭ مۇبارەك نەپەسى بىلەن شىپا تېپىشىدۇر. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ شۇ تۈردىكى مۆجىزىلىرى تۆر ئېتىبارى بىلەن مەنىۋى مۇتەۋاتىردۇر. پارچە قىسىملىرىنىڭ بىر قىسىمىمۇ مەنىۋى مۇتەۋاتىر ھۆكمىدىدۇر . يەنە بىر قىسمى بولسا ئاھادىي بولسىمۇ، ھەدىس ئىلمىنىڭ تەتقىقاتچى ئىماملىرى تەخرىج ۋە تەسھىھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىلمىي قانائەت بېرىدۇ . بىزمۇ كۆپلىگەن مىساللىرىدىن بىر قانچە مىسالنى سۆزلەيمىز:

**بىرىنچى مىسال:** مەغرىب ئەللامەسى قازى ئىياز، شىفائى شەرىفىدە ئۈستۈن بىر زەنجىر بىلەن ۋە ئوخشىمىغان يوللار بىلەن (رىۋايەت قىلىدۇكى)، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ خادىمى ۋە قوماندانى، ھەمدە ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ زامانىدا ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى، ئىراننىڭ فاتىھى (فەتىھ قىلغۇچىسى) ۋە ئاشەرەئى مۇبەششەرەدىن بىرى بولغان ھەزرەتى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس شۇنداق دەيدۇ:

ئۇھۇد غازىتىدا مەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىدا ئىدىم . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ كۈنى ئوقياسى سۇنۇپ كەتكۈچە كۇپپارلارغا ئوق ئاتتى. كېيىن ماڭا ئوقلارنى بېرىپ «ئات!» دەيتتى . پەيسىز، يەنى ئوقنىڭ ئۇچىشىغا ياردەم قىلىدىغان قاناتلىرى بولمىغان ئوقلارنى بېرەتتى ۋە ماڭا «ئات!» دەپ بۇيرۇق بېرەتتى. مەنمۇ ئاتاتتىم. قاناتلىق ئوقلاردەك ئۇچۇپ كۇپپارلارنىڭ جىسمىغا سانجىلاتتى . شۇ چاغدا، قەتادە ئىبنى نۇئماننىڭ كۆزىگە بىر تال ئوق تەگدى . كۆزى جايىدىن چىقىپ يۈزىگە ساڭگىلاپ قالدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇبارەك، شىپالىق قولى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئېلىپ جايىغا سالدى. ئۇ كۆزى خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك يەنە بىر كۆزىدىن چىرايلىقراق بولۇپ ساقايدى . بۇ ۋەقە ناھايىتى كۆپ تارقالغان. ھەتتا قەتادەنىڭ بىر ئەۋلادى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ يېنىغا كەلگەنىدە ئۆزىنى شۇنداق تەرىپلىگەنىكەن : «مەن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭ كۆزىنى جايىغا سالسا شىپا تاپقان ۋە نەتىجىدە ئەڭ گۈزەل بىر كۆز ئىگىسى بولغان بىر زاتنىڭ ئەۋلادىمەن.» دەپ نەزم سۆرىتىدە (ھاشىيە) *ھەزرەتى ئۆمەرگە سۆزلەپ ئۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇشتۇرغان . ھەم سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىلگەنكى، مەشھۇر ئەبۇ قەتادەنىڭ يەۋمى زىقەرەد دېيىلگەن غازاتتا بىر تال ئوق يۈزىگە

---

*(ھاشىيە): اَنَا ابْنُ الَّذى سَالَتْ عَلَى الْخَدِّ عَيْنُهُ □ فَرُدَّتْ بِكَفِّ الْمُصْطَفَى اَحْسَنَ الرَّدِّ
فَعَادَتْ كَمَا كَانَتْ لِاَوَّلِ اَمْرِهَا □ فَيَا حُسْنَ مَا عَيْنٍ وَيَا حُسْنَ مَا رَدٍّ

تەگكەن. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇبارەك قولىنى سۈرگەن . ئەبى قەتادە دەيدۇكى : «قەتئىييەن ۋە ئەسلا ئاغرىقمۇ ۋە جاراھەتمۇ بولمىدى.»

**ئىككىنچى مىسال:** باشتا بۇخارى، مۇسلىم ۋە سەھىھ كىتابلاردا خەۋەر بېرىدۇكى، خەيبەر غازىتىدا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئەلى ھەيدەرنى بايراقدار قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى، ئەمما ئەلىنىڭ كۆزلىرى كېسەللىكتىن ناھايىتى ئاغرىۋاتاتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تىرياقتەك تۈكۈرۈكىنى كۆزىگە سۈرگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا شىپا تېپىپ ئاغرىقتىن ھېچنېمە قالمىدى. ئەتىگەندە خەيبەر قەلئەسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر تۆمۈر دەرۋازىسىنى قومۇرىۋېلىپ، ئۇنى قولىدا قالقاندەك كۆتۈرۈپ، خەيبەر قەلئەسىنى فەتىھ قىلدى. ھەم ئۇ ۋەقەدە سەلەمە ئىبنى ئەكۋەنىڭ پاقالچىقىغا قىلىچ تېگىپ يارىلاندۇرغانىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا «سۈف» قىلىشى بىلەن بىردىنلا پۈتى ساقايدى.

**ئۈچىنچى مىسال:** باشتا نەسائى بولۇپ، سىيەر ئەربابلىرى ئوسمان ئىبنى ھۇنەيفدىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئوسمان شۇنداق دەيدۇ : رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا بىر ئەما كەلدى . «مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ ئېچىلىشىغا دۇئا قىلىسىڭىز» دېدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام:

فَانْطَلِقْ وَتَوَضَّأْ ثُمَّ صَلِّ رَكْعَتَيْنِ وَقُلِ اللّٰهُمَّ اِنِّى اَسْئَلُكَ وَاَتَوَجَّهُ اِلَيْكَ بِنَبِيِّ مُحَمَّدٍ نَبِيِّ الرَّحْمَةِ يَا مُحَمَّدُ اِنِّى اَتَوَجَّهُ بِكَ اِلَى رَبِّكَ اَنْ يَكْشِفَ عَنْ بَصَرِى اَللّٰهُمَّ شَفِّعْهُ فِيَّ

دېدى. ئۇ كېتىپ شۇنداق قىلىپ كەلدى . كۆزى ئېچىلىپتۇ، ياخشى كۆرۈپتۇ، كۆردۇق.

**تۆتىنچى مىسال:** بۈيۈك بىر ئىمام بولغان ئىبنى ۋەھب خەۋەر بېرىدۇكى، بەدىر غازىتىنىڭ ئون تۆت شېھىدىنىڭ بىرسى بولغان مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرا، ئەبۇ جەھىل بىلەن ئۇرۇشقاندا، ئەبۇ جەھىلى لەئىن ئۇ قەھرىماننىڭ بىر قولىنى كېسىۋېتىپتۇ . ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن ئۇ قولىنى تۇتۇپ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭ قولىنى يەنە جايىغا يېپىشتۇرۇپ، تۈكۈرۈكىنى ئۇنىڭغا سۈرگەنىدى، بىردىنلا ساقايدى . يەنە جەڭگە كەتتى، شېھىد بولغۇچە جەڭ قىلدى . ھەم يەنە ئىمامى جەلىل ئىبنى ۋەھب خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇ غازاتتا ھۇبەيب ئىبنى يەسافنىڭ مۈرىسىگە بىر قىلىچ تېگىپ، قولى مۈرىسىدىن ئاجراپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر يارىلىنىپتۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭ بىلىكىنى مۈرىسىگە قولى بىلەن يېپىشتۇرۇپ «سۈف»لەپتۇ، ساقىيىپتۇ . مانا بۇ ئىككى ۋەقە گەرچە



uyghurkitap.com

ئاهادىيدۇر ۋە خەۋەرى ۋاھىدتۇر، ئەمما ئىبنى ۋەھبتەك بىر ئىمام توغرا دېسە، بەدىر غازىتىدەك بىر مۆجىزىلەر مەنبەسى بولغان بىر غازاتتا يۈز بەرسە، ھەم بۇ ئىككى ۋەقەنى ئەسلىتىغان كۆپ مىساللار بولسا، ئەلۋەتتە شۇ ئىككى ۋەقەنى قەتئىي ۋە يۈز بەرگەن دېگىلى بولىدۇ.

قىسقىسى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت (ئېنىق) بولغان شۇنىڭدەك بەلكى مىڭ مىسال باركى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇبارەك قولى ئۇنىڭغا شىپا بولغان.

**بۇ پارچىنىڭ ئالتۇن ۋە ئالماس بىلەن يېزىلسا لاياقتى بار**

***شۇنداق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، ئالقىنىدا كىچىك تاشلارنىڭ زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىشى، ﴿وَمَا رَمَيْتَ اِذْ رَمَيْتَ﴾ سىرى بىلەن، يەنە شۇ ئالقىنىدا كىچىك تاش ۋە تۇپراق دۈشمەنگە توپ ئوقى ھۆكمىدە بولۇپ ئۇلارنى قېچىشقا مەجبۇر قىلىشى؛ ﴿وَ انْشَقَّ الْقَمَرُ﴾ ئايىتى بىلەن، يەنە شۇ ئالقىنىنىڭ بارمىقى بىلەن ئاينى ئىككى پارچە قىلىشى؛ ۋە يەنە شۇ قولىنىڭ ئون بارمىقىدىن بۇلاقتەك سۇنىڭ ئېقىشى ۋە بىر قوشۇنغا ئىچۈرىشى؛ يەنە شۇ قول كېسەللەرگە ۋە يارىلانغانلارغا شىپا بولىشى؛ ئەلۋەتتە ئۇ مۇبارەك قولنىڭ نەقەدەر ھەيران قالارلىق بىر ئىلاھىي قۇدرەت مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. گويا دوستلار ئىچىدە ئۇ قولنىڭ ئالقىنى كىچىك بىر سۇبھانىي زىكىرخانىدۇركى، كىچىككىنە تاشلارمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسە، زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىدۇ. ۋە دۈشمەنگە قارشى كىچىككىنە بىر رەببانىي قورال ئامبىرىدۇركى، ئىچىگە تاش ۋە تۇپراق كىرسە، توپ ئوقى ۋە بومبا بولىدۇ. ھەمدە يارىلانغان ۋە كېسەللەرگە قارىتا كىچىككىنە بىر راھمانىي دورىخانىدۇركى، قايسى دەردكە تەگسە دەرمان بېرىدۇ. ۋە جەلال (ھەيۋەت) بىلەن كۆتۈرگەن ۋاقىتتا، ئاينى پارچىلاپ قابىقەۋسەين شەكلىنى بېرىدۇ. ۋە جەمال (ئىلتىپات) بىلەن چۈشۈرگەن ۋاقىتتا، ئابى كەۋسەر ئېقىتقان ئون جۈمەكلىك بىر رەھمەت بۇلىقى ھۆكمىگە كىرىدۇ. ئەجەبا، بۇنداق بىر زاتنىڭ يالغۇز بىر قولى بۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىلەرگە ئىگە ۋە سەۋەب بولسا، ئۇ زاتنىڭ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى نەزىرىدە نەقەدەر مەقبۇل ئىكەنلىكى، دەۋاسىدا نەقەدەر راستچىل ئىكەنلىكى ۋە ئۇ قول بىلەن بەيئەت قىلغانلارنىڭ نەقەدەر بەختىيار بولىدىغانلىقى بەداھەت (ئاپئايدىڭ) دەرىجىسىدە چۈشىنىلمەمدۇ؟...***

**بىر سوئال:** دېيىشىشۋاتىدۇكى، سەن كۆپ نەرسىلەرگە مۇتەۋاتىر دەۋاتىسەن، ھالبۇكى بىز ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يېڭى ئاڭلاۋاتىمىز، مۇتەۋاتىر بولغان بولسا بۇنداق يوشۇرۇن قالمايتتى؟

**جاۋاب:** شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە نۇرغۇن مۇتەۋاتىر ۋە بەدىھىي (ئېنىق) نەرسىلەر باركى، ئۇلاردىن بولمىغانلارنىڭ نەزىرىدە مەجھۇلدۇر. ھەدىس ئەھلى نەزىرىدىمۇ نۇرغۇن مۇتەۋاتىر بار، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئاھادىيمۇ بولمايدۇ، ۋەھاكازا... ھەر پەننىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى، ئۇ پەن بويىچە بەدىھىياتلارنى ۋە نەزەرىياتلارنى بايان قىلىدۇ . ئومۇم خەلق بولسا، ئۇ پەننىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئىشىنىدۇ، تەسلىم بولىدۇ ۋەياكى ئىچىگە كىرىپ كۆرىدۇ .  بىز خەۋەر بەرگەن ھەقىقىي مۇتەۋاتىر ياكى مەنىۋى مۇتەۋاتىر ۋەياكى تەۋاتۇر ھۆكمىدە قەتئىيلىكنى ئىپادە قىلغان ۋەقەلەر ھۆكۈم جەھەتتىن  ھەم ھەدىس ئەھلى، ھەم شەرىئەت ئەھلى، ھەم ئۇسۇلىددىن ئەھلى، ھەم ئالىملارنىڭ كۆپىنچە تەبىقىسى تەرىپىدىن شۇنداق كۆرسىتىلگەن. غەپلەتتە بولغان ئاۋام ياكى كۆزىنى يۇمىۋالغان نادانلار بىلمىسە، قاباھەت (سەۋەنلىك) ئۇلارغا ئائىتتۇر.

**بەشىنچى مىسال:** ئىمامى بەغەۋى، تەخرىج ۋە تەسھىھ بىلەن      خەۋەر بېرىدۇكى، ئەلىي ئىبنىل ھەكەمنىڭ خەندەك غازىتىدا كۇپپارنىڭ زەربىسى بىلەن پۇتى سۇنۇپ كەتتى.  رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىنى سۈردى، شۇ مىنۇتتا شىپا تېپىپ، ئېتىدىنمۇ چۈشمىدى.

**ئالتىنچى مىسال:** باشتا ئىمامى بەيھەقى بولۇپ ھەدىس ئەھلى خەۋەر بېرىدۇكى، ئىمامى ئەلى ناھايىتى ئېغىر كېسەل ئىدى. ئىزتىراپتىن ئۆز- ئۆزىگە دۇئا قىلىپ ئىڭراۋاتاتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كېلىپ اَللّٰهُمَّ اشْفِهِ  دېدى ۋە پۇتى بىلەن ھەزرەتى ئەلىنى نوقۇپ «ئورنۇڭدىن تۇر!» دېدى . بىردىن شىپا تاپتى . ئىمامى ئەلى دەيدۇكى :  شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېسەللىكنى ھېچ كۆرمىدىم.

**يەتتىنچى مىسال:** شۈرەھبىل ئەلجۇھفىنىڭ مەشھۇر قىسسىسىدۇركى، ئۇنىڭ ئالقىنىدا بىر سۆگەل بار ئىدى، قىلىچ ۋە ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتالمايتتى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولى بىلەن ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى سۆگەلنى سىيلىدى ۋە مۇبارەك قولى بىلەن تارتىۋەتتى.  ئۇ سۆگەلدىن ھېچ ئەسەر قالمىدى.

**سەككىزىنچى مىسال:** ئالتە بالىنىڭ ھەربىرىدە ئايرىم- ئايرىم ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىن مۆجىزىسى كۆرۈلدى.

**بىرىنچىسى:** ئىبنى ئەبى شەيبە (كامىل مۇھەققىق ۋە مەشھۇر مۇھەددىس) خەۋەر بېرىدۇكى، بىر ئايال بىر بالىنى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. ئۇ بالىدا بىر كېسەللىك بار ئىدى، گەپ قىلمايتتى، گاللۇاڭ ئىدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئازراق سۇدا ئاغزىنى چايقاپ، قولىنى يۇدى ۋە ئۇ سۇنى ئايالغا بېرىپ، بالىغا ئىچۈرۈشنى ئەمر قىلدى . بالا ئۇ سۇنى ئىچكەندىن كېيىن، كېسەللىكىدىن ھېچنەرسە قالمىدى . شۇنداق بىر ئەقىل ۋە كامالەت ساھىبى بولدىكى، ئەقىللىق ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

**ئىككىنچىسى :** سەھىھ نەقىل بىلەن، ھەزرىتى ئىبنى ئاببباس دېگەنكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا مەجنۇن (ساراڭ) بىر بالا كەلتۈرۈلدى. مۇبارەك قولنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى، بالا بىردىنلا قۇستى، ئىچىدىن كىچىك تەرخەمەكچىلىك قارا بىر نەرسە چىقتى. بالا شىپا تاپتى.

**ئۈچىنچىسى:** ئىمامى بەيھەقى ۋە نەسائى سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، مۇھەممەد ئىبنى ھاتىب ئىسىملىك بىر بالىنىڭ بىلىكىگە قايناۋاتقان قازاندىكى سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ بىلىكىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۆكۈرۈكىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە سۈرۈپ سىيلىغانىدى، شۇ مىنۇتتا شىپا تاپتى.

**تۆتىنچىسى:** چوڭىيىپ قالغان، ئەمما تىلى چىقمىغان چوڭ بىر بالا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى . بالىغا «مەن كىم؟» دېدى. شۇ چاغقىچە گەپ قىلىپ باقمىغان تىلسىز بالا اَنْتَ رَسُولُ اللّٰهِ دەپ گەپ قىلىشقا باشلىدى.

**بەشىنچى بالا:** ئويغاقلىق ھالىتىدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى كۆپ قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان جالالىددىن سۇيۇتى ۋە ئەسىرىنىڭ ئىمامى تەخرىج ۋە تەسھىھ بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، مۇبارەكۇل يەمامە ئىسمى بىلەن مەشھۇر بىر زات بولۇپ، تېخى يېڭى تۇغۇلغاندا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا ئەكەپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا يۈزلىنىپتۇ. بالا تىلغا كېلىپ اَشْهَدُ اَنَّكَ رَسُولُ اللّٰهِ دەپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام «بارەكەللاھ» دەپتۇ . ئۇ بالا شۇنىڭدىن كېيىن چوڭ بولغىچە قايتا گەپ قىلماپتۇ. ئۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۆجىزىسىگە ۋە «بارەكەللاھ» دېگەن دۇئاسىغا ئىگە بولغانلىقتىن «مۇبارەكۇل يەمامە»ئىسمى بىلەن شۆھرەت تېپىپتۇ.

**ئالتىنچى بالا:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا كەيپسىز بىر بالا نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلىكتىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام اَللّٰهُمَّ اقْطَعْ اَثَرَهُ دەپتۇ . ئۇ بالا شۇنىڭدىن كېيىن ماڭالماپتۇ، كەيپسىزلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىپتۇ.

**يەتتىنچى بالا:** بالا تەبىئەتلىك ھاياسىز بىر ئايال رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تاماق يەۋاتقاندا، لوقما تەلەپ قىپتۇ، بەرسە ئۇ ئايال: «ياق، ئاغزىڭدىكىسىنى بەر.» دەپتۇ . ئۇنىمۇ بېرىپتۇ . ناھايىتى ھاياسىز بولغان ئۇ ئايال ئۇ لوقمىنى يېگەندىن كېيىن ئەڭ ھايالىق ئايال بولۇپ ، مەدىنە ئاياللىرىدىنمۇ ئۈستۈن بىر ھايا ساھىبى بوپتۇ.

مانا بۇ سەككىز مىسالدەك، سەكسەن ئەمەس، بەلكى سەككىز يۈز مىساللار بار. كۆپىنچىسى سىيەر ۋە ھەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلىنغاندۇر . شۇنداق، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇبارەك قولى، لوقمان ھەكىمنىڭ بىر دورىخانىسىدەك، تۆكۈرۈكى ھەزرەتى خىزىرنىڭ ئابى ھايات بۇلىقىدەك ۋە نەپسى ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپسىدەك ياردەمچى ۋە شىپا بەرگۈچى بولسا؛ ھەمدە ئىنسانلار كۆپ بالا- مۇسىبەت ۋە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولسا، ئەلۋەتتە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا چەكسىز مۇراجىئەتلەر بولغان؛ كېسەللەر، بالىلار، مەجنۇنلار ناھايىتى كۆپ كەلگەن. ھەممىسى شىپا تېپىپ كەتكەن. ھەتتا قىرىق قېتىم ھەج قىلغان، قىرىق يىل بامدات نامىزىنى خۇپتەن تاھارىتى بىلەن ئوقۇغان، تابىئىنلارنىڭ بۈيۈك ئىماملىرىدىن بولغان ۋە كۆپ ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەن تائۇس دېيىلگەن ئەبۇ ئابدۇرراھمانى يەمانى قەتئىييەن خەۋەر بەرگەن، ھۆكۈم قىلغان ۋە دېگەنكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا نەقەدەر مەجنۇن كەلگەن بولسا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كۆكسىگە قويىسلا قەتئىييەن شىپا تاپقان، شىپا تاپمىغىنى قالمىغان.

سائادەت ئەسرىگە يېتىشكەن بۇنداق بىر ئىمام، بۇنداق قەتئىي ۋە مۇتلەق شەكىلدە ھۆكۈم قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا كەلگەن كېسەللەردىن شىپا تاپمىغىنى قالمىغاندۇر. مادەم شىپا تاپقان، ئۇنداقتا مۇراجىئەتلەرمۇ مىڭلارچە بولىدۇ.

**ئون تۆتىنچى ئىشارەت:**

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ تۈرلىرىدىن چوڭ بىر تۈر، **دۇئاسى بىلەن زاھىر بولغان ھەيران قالارلىق ئىشلار**دۇر. شۇنداق، شۇ

تۈر قەتئىي ۋە ھەقىقىي مۇتەۋاتىردۇر . پارچىلىرى ۋە مىساللىرى ئۇ قەدەر كۆپتۇركى، سان- ساناقسىزدۇر . مىساللىرىنىڭ خېلى كۆپلىرى ئۆزىلا مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە چىققاندۇر. بەلكى تەۋاتۇرغا يېقىن مەشھۇر بولغاندۇر . بىر قىسمىنى شۇنداق ئىماملار نەقىل قىلغانكى، مەشھۇر مۇتەۋاتىردەك قەتئىيلىكنى ئىپادە قىلىدۇ . بىز ئۇ نۇرغۇنلىغان مىساللاردىن تەۋاتۇرغا يېقىن، مەشھۇر دەرىجىسىدە تارقالغان بەزى مىساللىرىنى نەمۇنە سۈپىتىدە ۋە ھەر مىسالدا بىر قانچە پارچىسىنى بايان قىلىمىز:

**بىرىنچى مىسال :** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يامغۇر دۇئاسى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە ۋە كۆپ قېتىم تەكرارلىنىش بىلەن، دائىما تېز سۈرەتتە قوبۇل بولغانلىقىنى، باشتا ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىم، بۈيۈك ھەدىس ئىماملىرى نەقىل قىلغاندۇر. ھەتتا بەزى قېتىملاردا مۇنبەرى شەرىف ئۈستىدە يامغۇر دۇئاسى ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈپ، تېخى چۈشۈرمەستىن يامغۇر ياغقان . ئالدىنقى ماۋزۇلاردا بايان قىلغىنىمىزدەك، بىر- ئىككى قېتىم قوشۇن سۇسىز قالغاندا (دۇئا بىلەن) بۇلۇت يىغىلىپ دەرھال يامغۇر ياغقان . ھەتتا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ يۈزى ئۈچۈن يامغۇر دۇئاسى قىلاتتى، ئۇنىڭ يۈزى ھۆرمىتىگە يامغۇر ياغاتتى. بۇ ھادىسە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ بىر شېئىرى بىلەن مەشھۇر بولغان. ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ھەزرەتى ئۆمەر ھەزرەتى ئاباسىنى ۋەسىلە قىلىپ شۇنداق دۇئا قىلغان : «يارەب! بۇ سېنىڭ ھەبىبىڭنىڭ (سەن ئەڭ سۆيگەن زاتنىڭ) تاغىسىدۇر . ئۇنىڭ يۈزى ھۆرمىتىگە يامغۇر بەر.» يامغۇر ياغقان.

ھەم ئىمامى بۇخارى ۋە مۇسلىم خەۋەر بېرىدۇكى، يامغۇر ئۈچۈن دۇئا تەلەپ قىلىندى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام دۇئا قىلدى . يامغۇر شۇنداق چۈشتىكى، كىشىلەر «دۇئا قىلىڭ، توختىسۇن.» دېيىشكە مەجبۇر بولۇشتى . دۇئا قىلدى، توختىدى.

**ئىككىنچى مىسال:** تەۋاتۇرغا يېقىن مەشھۇردۇركى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ساھابە ۋە ئىمان ئېيتقانلار تېخى قىرىقتا يەتمىگەن ۋە ئىبادىتىنى يوشۇرۇن قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا دۇئا قىلغان : اَللّٰهُمَّ اَعِزَّ اْلاِسْلاَمَ بِعُمَرِ ابْنِ الْخَطَّابِ اَوْ بِعَمْرِو ابْنِ الْهِشَامِ بىر- ئىككى كۈندىن كېيىن ھەزرەتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىمانغا كەلدى، ھەمدە ئىسلامىيەتنى ئېلان ۋە ئەزىز قىلىشقا سەۋەب بولدى. «فارۇق» دېگەن ئالىي ئۇنۋاننى ئالدى.

**ئۈچىنچى مىسال :** بەزى مەشھۇر ساھابىلەرگە ئايرىم- ئايرىم مەقسەتلەر ئۈچۈن دۇئا قىلغان. دۇئاسى شۇنداق پارلاق بىر سۈرەتتە قوبۇل بولغانكى، ئۇ دۇئانىڭ كارامىتى مۆجىزە دەرىجىسىگە چىققاندۇر. مەسىلەن: باشتا بۇخارى ۋە مۇسلىم خەۋەر بېرىدۇكى، ئىبنى ئابباسقا شۇنداق دۇئا قىلغان : اَللّٰهُمَّ فَقِّهْهُ فِى الدِّينِ وَعَلِّمْهُ التَّأْوِيلَ دۇئاسى شۇنداق مەقبۇل بولغانكى، ئىبنى ئابباس «قۇرئاننىڭ تەرجىمانى» دېگەن شانلىق ئۇنۋانىنى ۋە «ھەبرۇلئۈممەت»، يەنى ئۈممەتنىڭ ئەللامەسى دېگەن ئالىي ماقامنى قازانغان . ھەتتا ناھايىتى ياش بولسىمۇ ھەزرەتى ئۆمەر ئۇنى ئالىملار ۋە كونا ساھابىلەرنىڭ مەجلىسىگە قاتناشتۇراتتى.

ھەم باشتا ئىمامى بۇخارى، سەھىھ كىتابلار ئەھلى خەۋەر بېرىدۇكى، ئەنەسنىڭ ئانىسى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا: «سىزنىڭ خادىمىڭىز ئەنەسنىڭ ئەۋلاد ۋە ماللىرىنىڭ بەرىكەتلىك بولىشىغا دۇئا قىلىڭ» دەپ ئىلتىماس قىلغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اَللّٰهُمَّ اَكْثِرْ مَالَهُ وَوَلَدَهُ وَبَارِكْ لَهُ فِيمَا اَعْطَيْتَهُ دەپ دۇئا قىلغان . ھەزرەتى ئەنەس ئاخىرقى ئۆمرىدە قەسەم بىلەن دېگەنكى، مەن ئۆز قولۇم بىلەن يۈز ئەۋلادىمنى دەپنە قىلدىم . مېنىڭ مېلىم ۋە بايلىقىم ئېتىبارى بىلەنمۇ ھېچكىم مەندەك راھەت ياشىمىدى . مېنىڭ مېلىمنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىۋاتىسىلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدىندۇر.

ھەم باشتا ئىمام بەيھەقى، ھەدىس ئەھلى خەۋەر بېرىدۇكى، ئاشەرەئى مۇبەششەرەدىن بولغان ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفكە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مېلىنىڭ كۆپ ۋە بەرىكەتلىك بولىشىغا دۇئا قىلغان . ئۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇ قەدەر بايلىق تاپقانكى، بىر قېتىم يەتتەيۈز تۆگىسىنى يۈكلىرى بىلەن بىللە «فى سەبىلىللاھ» سەدىقە قىلىۋەتكەن . مانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىگە قاراڭلار . «بارەكەللاھ» دەڭلار...

ھەم ئىمامى بۇخارى باشتا بولۇپ راۋىلار نەقىل قىلىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇرۋە ئىبنى ئەبى جەئدەگە تىجارەتتە پايدا ئۈچۈن بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلغان. ئۇرۋە دەيدۇكى: « مەن بەزىدە كۇفە بازىرىدا تۇراتتىم، بىر كۈندە قىرىق مىڭ تاپاتتىم، ئاندىن ئۆيۈمگە قايتاتتىم.» ئىمامى بۇخارى دەيدۇكى: « توپىنى قولىغا ئالسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىر پايدا چىقىراتتى.»

ھەم ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرگە مېلىنىڭ كۆپ ۋە بەرىكەتلىك بولىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان . ھەزرەتى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۇ دەرىجىدە پۇل تاپقانكى، ئۇ ئەسىردە شۆھرەت تاپقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەت دۇئاسى بىلەن

هاسل بولغان بايلىقىدەكلا، ساخاۋەت بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان. بۇ تۆردىن كۆپ مىساللار بار. نەمۇنە ئۈچۈن بۇ تۆت مىسال بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ھەم باشتا ئىمامى تىرمىزى خەۋەر بېرىدۇكى، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئۈچۈن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام دۇئا قىلىپ اَللّٰهُمَّ اَجِبْ دَعْوَتَهُ دېگەن. سەئدنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان . ئۇ ئەسىردە سەئدنىڭ بەددۇئاسىدىن ھەممە ئادەم قورقاتتى. دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولىشىمۇ شۆھرەت تاپقان.

ھەم مەشھۇر ئەبۇ قەتادەگە اَفْلَحَ اللّٰهُ وَجْهَكَ اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَهُ فِي شَعْرِهِ وَ بَشَرِهِ دەپ، ياش پېتى قېلىشىغا دۇئا قىلغان . ئەبۇ قەتادە يەتمىش يېشىدا ۋاپات بولغاندا، ئۇن بەش ياشتىكى ياش بالىدەك ئىكەنلىكى سەھىھ نەقىل بىلەن مەشھۇر بولغان.

ھەم مەشھۇر شائىر نابىغەنىڭ مەشھۇر قىسسەسىدۇركى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىدا بىر شېئىرىنى ئوقۇغان . شېئىر شۇدۇر: بَلَغْنَا السَّمَاءَ مَجْدُنَا وَسَنَائُنَا ❁ وَ اِنَّا نُرِيدُ فَوْقَ ذٰلِكَ مَظْهَرًا يەنى، «شەرىپىمىز كۆككە چىقتى، بىز تېخىمۇ ئۈستىگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىمىز!» رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىلتىپات سورىتىدە : اِلَى اَيْنَ يَا اَبَا لَيْلاَ؟ دېدى. ئۇ: اِلَى الْجَنَّةِ يَا رَسُولَ اللّٰهِ دېدى. يەنى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىلتىپات بىلەن: «كۆكتىنمۇ يۇكسەك قەيەرنى خالايسەنكى، شېئىرىڭدا ئۇنى نىيەت قىلىۋاتىسەن؟» دېدى. نابىغە: «كۆكلەرنىڭ ئۈستىدە جەننەتكە كىرىشنى خالايمىز.» دېدى . ئاندىن يەنە بىر مەنىدار شېئىرىنى ئوقۇدى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام : لاَ يَفْضُضِ اللّٰهُ فَاكَ دەپ دۇئا قىلدى. يەنى: «سېنىڭ ئاغزىڭ بۇزۇلمىسۇن.» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مانا بۇ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن، ئۇ نابىغە يۈز يىگىرمە ياشقا كىرگەندە بىر چىشىمۇ چۈشۈپ كەتمىدى . ھەتتا بەزى چىشى چۈشۈپ كەتسە ئورنىغا يېڭىدىن چىقاتتى.

ھەم (سەھىھ نەقىل بىلەن) ئىمامى ئەلى ئۈچۈن « اَللّٰهُمَّ اكْفِهِ الْحَرَّ وَالْقَرَّ يەنى، يارەب! ئۇنىڭغا سوغۇق ۋە ئىسسىقنىڭ زەخمىتىنى كۆرسەتمە.» دەپ دۇئا قىلغان. مانا شۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن ئىمامى ئەلى قىشتا يازلىق كىيىم، يازدا قىشلىق كىيىم كىيەتتى . دەيتتىكى، ئۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن ھېچبىر ۋاقىت سوغۇق ۋە ئىسسىقنىڭ زەخمىتىنى چەكمەيمەن.

ھەم ھەزرەتى فاتىمە ئۈچۈن « اَللّٰهُمَّ لاَ تُجِعْهَا يەنى، ئۇنىڭغا ئاچلىق ئەلىمىنى بەرمە.» دەپ دۇئا قىلغان. ھەزرەتى فاتىمە دەيدۇكى: «ئۇ دۇئادىن كېيىن ئاچلىق ئەلىمىنى كۆرمىدىم.»

ھەم تۇفەيل ئىبنى ئەمر رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن قەۋمىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر مۆجىزە تەلەپ قىلدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام اَللّٰهُمَّ نَوِّرْ لَهُ دېگەن . شۇنىڭ بىلەن ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نۇر پەيدا بولغان، كېيىن ھاسىسىنىڭ ئۇچىغا كۆچكەن . بۇنىڭ بىلەن «زىننۇر» (نۇر ئىگىسى) دەپ مەشھۇر بولغان . مانا بۇ ۋەقەلەر مەشھۇر ھەدىسلەردىندۇركى، قەتئىيلىك پەيدا قىلغان.

ھەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا: «مەن ئۇنۇتقاق بولۇپ قېلىۋاتىمەن.» دەپ شىكايەت قىلغان. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولياغلىق شەكلىدە بىر نەرسىنى ئاچقان، ئاندىن مۇبارەك ئالقىنى بىلەن غايىبتىن بىر نەرسە ئالغاندەك ئالقىنىنى ئۇ يەرگە بوشاتقان . ئىككى- ئۈچ قېتىم شۇنداق قىلىپ، ئەبۇ ھۇرەيرەگە: «ئەمدى قولياغلىقنى قاتلا» دېگەن . ئۇمۇ قاتلىغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەنىۋى دۇئاسىنىڭ سىرى بىلەن، ئەبۇ ھۇرەيرە قەسەم قىلىپ: «ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر نەرسىنى ئۇنۇتمىدىم.» دېگەن . مانا بۇ ۋەقەلەر مەشھۇر ھەدىسلەردىندۇر.

**تۆتىنچى مىسال:** پەرۋىز دېيىلگەن پارس پادشاھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنى يىرتىۋەتكەن. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا خەۋەر كەلگەندە: «اَللّٰهُمَّ مَزِّقْهُ يارەب! ئۇ مەكتۇبىمنى قانداق پارچىلىغان بولسا، سەنمۇ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى پارچە-پارچە قىلىۋەت.» دەپ بەددۇئا قىلغان. مانا بۇ بەددۇئانىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ كىسرا پەرۋىزنىڭ ئوغلى شىرۋەيھ(شىرۇيا) ئۇنى خەنجەر بىلەن پارچىلىدى . سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسمۇ سەلتەنىتىنى پارچە- پارچە قىلدى. ساسانىيە دۆلىتىنىڭ ھېچبىر يەردە شەۋكىتى قالمىدى . ئەمما قەيسەر ۋە باشقا پادشاھلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىغا ھۆرمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولمىدى.

**ئىككىنچىسى:** تەۋاتۇرغا يېقىن مەشھۇردۇر ۋە قۇرئاننىڭ ئايىتى ئىشارەت قىلىدۇكى، ئىسلامىيەتنىڭ باشلىرىدا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مەسجىدى ھەرەمدە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، قۇرەيشنىڭ رەئىسلىرى توپلاندى، ئۇنىڭغا قارشى ئىنتايىن ناچار بىر مۇئامىلە قىلدى . ئۇمۇ شۇ چاغدا ئۇلارغا بەددۇئا قىلدى .

ئىبنى مەسئۇد دەيدۇكى، «قەسەم قىلىمەن، ئۇ ناچار مۇئامىلىدە بولغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ بەددۇئاسىنى ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلۈكىنى بەدىر غازىتىدا كۆردۈم.

**ئۈچىنچىسى:** مۇدەرىيە دېيىلىدىغان ئەرەبلەرنىڭ چوڭ بىر قەبىلىسى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاچارچىلىق بىلەن بەددۇئا قىلدى . نەتىجىدە يامغۇر چۈشمىدى، قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق باشلاندى . كېيىن مۇدەرىيە قەۋمىدىن بولغان قۇرەيش قەبىلىسى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئىلتىماس قىلدى . دۇئا قىلىنىۋىدى، يامغۇر ياغدى. قۇرغاقچىلىق كۆتۈرۈلدى . بۇ ۋەقە تەۋاتۇر دەرىجىسىدە مەشھۇردۇر.

**بەشىنچى مىسال:** خۇسۇسىي ئىنسانلارغا قىلغان بەددۇئاسىنىڭ تېز قوبۇل بولىشىدۇر. بۇنىڭ كۆپ مىساللىرى بار. قەتئىي بولغان ئۈچ مىسالنى نەمۇنە سۈپىتىدە بايان قىلىمىز:

**بىرىنچىسى:** ئۇتبە ئىبنى ئەبى لەھەبكە شۇنداق بەددۇئا قىلدى: اَللّٰهُمَّ سَلِّطْ عَلَيْهِ كَلْبًا مِنْ كِلاَبِكَ يەنى: «يارەب! ئۇنىڭغا بىر ئىتنى مۇسەللەت قىل.» كېيىن ئۇتبە سەپەردە كېتىۋاتقاندا، بىر شىر كېلىپ كارۋاننىڭ ئىچىدە ئۇنى تېپىپ يەپ تىتما- تىتما قىلىۋەتكەن. شۇ ۋەقە مەشھۇردۇر . ھەدىس ئىماملىرى نەقىل ۋە تەسھىھ قىلغان.

**ئىككىنچىسى:** مۇھەللىم ئىبنى جۇسامەدۇركى، ئامىر ئىبنى ئەزبەتنى خائىنلىق قىلىپ ئۆلتۈرگەن. ھالبۇكى ئامىرنى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام جىھاد ۋە جەڭ ئۈچۈن قوماندان قىلىپ بىر قىسىم بىلەن ئەۋەتكەنىدى . مۇھەللىممۇ بىللە ئىدى . بۇ خائىنلىق خەۋىرى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا يەتكەن ۋاقىتتا غەزەپلەنگەن. اَللّٰهُمَّ لاَ تَغْفِرْ لِمُحَلِّمِ دەپ بەددۇئا قىلغان . يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆلدى. قەبرىگە قويىدى، قەبرە تېشىغا چىقىرىۋەتتى. قانچە قېتىم قويسىمۇ يەر قوبۇل قىلمىدى . كېيىن ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىغا بىر تام قوپۇرۇپ ئۇ ئۇ شەكىلدە توسۇپ كۆمۈشكە مەجبۇر بولدى.

**ئۈچىنچىسى:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىر ئادەمنىڭ سول قولى بىلەن تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ : «كُلْ بِيَمِينِكَ يەنى، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يە.» دەپتۇ . ئۇ ئادەم: «لاَ اَسْتَطِيعُ ئوڭ قولۇم بىلەن يېيەلمەيمەن.» دەپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «لاَ اسْتَطَعْتَ كۆتۈرەلمىگەيسەن» دەپ بەددۇئا قىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم ئوڭ قولىنى ھېچ كۆتۈرەلمەپتۇ.

**ئالتىنچى مىسال:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ھەم دۇئاسى ھەم قولىنى تەككۈزىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان ھەيران قالارلىق ئىشلاردىن قەتئىي بولغان بىرقانچە ھادىسىنى بايان قىلىمىز.

**بىرىنچىسى:** ھەزرەتى خالىد ئىبنى ۋەلىدگە (سەيفۇللاھقا) بىرقانچە تال چېچىنى بېرىپ، نۇسرەت قازىنىشىغا دۇئا قىلغان . ھەزرەتى خالىد ئۇ چاچلارنى دوپپىسىدا ساقلىغان . ئۇ چاچ ۋە دۇئانىڭ بەرىكتى بىلەن قايسى جەڭگە كىرگەن بولسا زەپەر قۇچقان.

**ئىككىنچىسى:** سەلمانى فارىسى ئەڭ دەسلەپتە يەھۇدىيلارنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇنىڭ خوجايىنلىرى ئۇنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسە تەلەپ قىلدى. «ئۈچ يۈز خورما كۆچىتى تىكىپ، مېۋە بەرگەندىن كېيىن، قىرىق ئۇقىيە ئالتۇن بەرسەڭ ئازاد بولىسەن» دېدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالىنى بايان قىلدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۆز قولى بىلەن مەدىنە ئەتراپىغا ئۈچيۈز تۈپ كۆچەت تىكتى . پەقەت بىر تۈپىنى باشقىلار تىكتى. ئۇ يىل ئىچىدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تىككەن پۈتۈن كۆچەتلەر مېۋە بېرىپ، پەقەت باشقىلار تىككەن بىر تۈپىلا مېۋە بەرمىدى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنى قومۇرۇۋېتىپ يېڭىدىن تىكتى، كېيىن ئۇمۇ مېۋە بەردى. ھەمدە توخۇ تۇخۇمىچىلىك بىر پارچە ئالتۇنغا تۈكۈرۈكىنى سۈرۈپ، دۇئا قىلىپ سەلمانغا بەردى ۋە: « بېرىپ يەھۇدىيلارغا بەر» دېدى. سەلمان فارىسى بېرىپ ئۇ ئالتۇندىن قىرىق ئۇقىيەنى يەھۇدىيلارغا بەردى. ئۇ توخۇ تۇخۇمىچىلىك ئالتۇن يەنە بۇرۇنقىدەك قالدى. مانا بۇ ۋەقە، ھەزرەتى سەلمانى پاكنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مۆجىزىكارانە ھادىسىسىدۇر. مۆتىۋەر ۋە ئىشەنچلىك ئىماملار خەۋەر بەرگەندۇر.

**ئۈچىنچىسى:** ئۇممۇ مالىك ئىسىملىك بىر ساھابە «ئۇككە» دېيىلىدىغان بىر ياغ تۇلۇمدىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ياغ ھەدىيە قىلاتتى. بىر قېتىم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ئۇككەنى بېرىپتۇ . «ئۇنى بوشىتىپ سىقماڭلار» دەپتۇ . ئۇممۇ مالىك ئۇككەنى ئاپتۇ . قاچانكى باللىرى ياغ سورىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەتلىك دۇئاسى بىلەن ئۇككىدە ياغ بولاتتى . خېلى ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلدى. كېيىن سىققاندى، بەرىكەت كۆتۈرۈلدى.

**يەتتىنچى مىسال:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ۋە قولىنىڭ تېگىشى بىلەن سۇلارنىڭ تاتلىقلاشقان ۋە خۇشپۇراق

بەرگەنلىكىنىڭ كۆپ ھادىسىلىرى بار. ئىككى- ئۈچ دانىسىنى نەمۇنە سۈپىتىدە بايان قىلىمىز:

**بىرىنچىسى:** ئىمامى بەيھەقى باشتا، ئەھلى ھەدىس خەۋەر بېرىدۇكى، بىئرى قۇبا دېيىلىدىغان قۇدۇقنىڭ سۈيى بەزەن توختاپ قالاتتى. يەنى تۈگەپ كېتەتتى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تاھارەت سۈيىنى ئىچىگە تۆكۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، كۆپلەپ سۇ چىقتى، ئاندىن ھېچ توختاپ قالمىدى.

**ئىككىنچىسى:** باشتا ئەبۇ نۇئەيم «دەلائىلى نۇبۇۋۋەت»تە، ئەھلى ھەدىس خەۋەر بېرىدۇكى، ئەنەسنىڭ ئۆيىدىكى قۇدۇقتا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۈكۈرۈكىنى قېتىپ دۇئا قىلغان، ئۇ سۇ مەدىنەدىئ مۇنەۋۋەردە ئەڭ تاتلىق سۇ بولۇپ قالغان.

**ئۈچىنچىسى:** ئىبنى ماجە خەۋەر بىرىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا زەمزەم سۈيىدىن بىر چېلەك سۇ كەلتۈرۈلدى، ئۇ سۇدىن ئاغزىغا ئازراق ئېلىپ يەنە چېلەكتىكى سۇغا قوشۇۋەتتى. چېلەك مۇشكى ئەنبەردەك پۇراشقا باشلىدى.

**تۆتىنچىسى:** ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل خەۋەر بېرىدۇكى، بىر قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇ تارتىلدى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ چېلەككە ئاغزىنىڭ سۈيىدىن ئازراق قوشۇپ قۇدۇقتا تۆككەندىن كېيىن، مۇشكى ئەنبەردەك پۇراق تارتىشقا باشلىدى.

**بەشىنچىسى:** رىجالۇللاھتىن (ئەۋلىيالاردىن) ۋە ئىمامى مۇسلىم، ھەمدە مەغرىب ئالىملىرىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە مەقبۇل كۆرىدىغان زاتلىرىدىن ھەمماد ئىبنى سەلەمە خەۋەر بېرىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تېرىدىن قىلىنغان بىر تۇلۇمغا سۇ تولدۇرۇپ، ئاغزىغا پۈۋلەپ دۇئا قىپتۇ ۋە ئاغزىنى چىگىپ، بىر قىسىم ساھابىلەرگە: «ئاغزىنى ئاچماڭلار! پەقەت تاھارەت ئالىدىغان چاغدىلا ئېچىڭلار!» دەپ بېرىپتۇ. ئۇلار تاھارەت ئالىدىغان چاغدا ئېچىپتۇ، قارىسا ئىچىدە ساپ سۈت ۋە ئاغزىدا قايماق تۇرغۇدەك. مانا بۇ بەش پارچىنىڭ بەزىلىرى مەشھۇر، بەزىلىرىنى مۇھىم ئىماملار نەقىل قىلغان. بۇلار ۋە بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغانلارنىڭ ھەممىسى مەنىۋى تەۋاتۇردەك مۇتلەق بىر مۆجىزىنىڭ ھەقىقەتەن بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەككىزىنچى مىسال:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قولىنى سىرىپ قويىشى ۋە دۇئاسى بىلەن، سۈتسىز ۋە قىسىر ئۆچكىلەرگە قولىنىڭ تېگىشى ۋە دۇئاسى بىلەن ھەم سۈتلۈك ھەم سۈتىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ

مسالىرى ۋە پارچىلىرى ناھايىتى كۆپ. بىز پەقەت مەشھۇر ۋە قەتئىي بولغان بىر-ئىككى مىسالنى نەمۇنە سۈپىتىدە بايان قىلىمىز:

**بىرىنچىسى:** ئەھلى سىيەرنىڭ پۈتۈن مۆتىۋەر كىتابلىرى خەۋەر بېرىدۇكى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغاندا ئاتىكەت بىنتىل خۇزائىيە دېيىلىدىغان ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ . ئۇ يەردە ناھايىتى ئورۇق، سۈتسىز، قىسىر بىر ئۆچكە بار ئىكەن. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇممۇ مەئبەدكە: «بۇنىڭدا سۈت يوقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ . ئۇممۇ مەئبەد: « بۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قان دىدارىمۇ بولمىسا، سۈت نېمە ئىش قىلسۇن!» دەپتۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۆچكىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بېلىنى سىيلاپتۇ، يىلىنىغىمۇ قولىنى سۈرۈپ دۇئا قىپتۇ . ئاندىن: «كورا ئەكىلىپ سېغىڭلار!» دەپتۇ . ئۇلار سېغىپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن ئىچكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆيدىكىلەرمۇ قانغۇچە ئىچىپتۇ . ئۇ ئۆچكە قۇۋۋەتلىنىپتۇ ۋە ئۇ مۇبارەك ھالى بويىچە قاپتۇ.

**ئىككىنچىسى:** شاتى ئىبنى مەسئۇدنىڭ مەشھۇر قىسسەسىدۇركى، ئىبنى مەسئۇد مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى بەزى كىشىلەرنىڭ چوپانى (پادىچى) ئىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن بىللە، ئىبنى مەسئۇد ئۆچكىلىرى بىلەن تۇرغان يەرگە بېرىپتۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىبنى مەسئۇدتىن سۈت سوراپتۇ . ئىبنى مەسئۇد: «ئۆچكىلەر مېنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ مېلى» دەپتۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «قىسىر، سۈتسىز ئۆچكىدىن بىرىنى ئەكەل» دەپتۇ. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى تېكە كۆرمىگەن بىر ئۆچكىنى كەلتۈرۈپتۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىنى ئۆچكىنىڭ يىلىنىغا سۈرۈپ دۇئا قىپتۇ . ئاندىن ساغقان ئىكەن، ساپ سۈت چىقىپتۇ ۋە ئۇلار ئىچىشىپتۇ . ئىبنى مەسئۇد بۇ مۆجىزىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىپتۇ.

**ئۈچىنچىسى:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىكئانىسى، يەنى سۈت ئانىسى بولغان ھەلىمەئى سەئدىيەنىڭ ئۆچكىلىرىنىڭ مەشھۇر قىسسەسىدۇركى، ئۇ قەبىلىدە قىسمەن قۇرغاقچىلىق بار ئىدى. مال- چارۋىلار ئورۇق ۋە سۈتسىز ئىدى. تويغۇدەك بىر نەرسە يېمەيتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ يەرگە، سۈت ئانىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىلگەندە ئۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن، ھەلىمەئى سەئدىيەنىڭ ئۆچكىلىرى كەچلىرى باشقىلارنىڭ ئۆچكىلىرىگە ئوخشىماستىن ھەم تويغان ھەم يىلىنلىرى تولغان ھالەتتە قايتىپ

كىلەتتى . سىيەر كىتابلاردا مانا بۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن مىساللار بار . ئەمما بۇ نەمۇنىلەر ئەسلى مەقسەتكە يېتەرلىك.

**توققۇزىنچى مىسال:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بەزى زاتلارنىڭ بېشىنى ۋە يۈزىنى مۇبارەك قولى بىلەن سىيلاپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ھەيران قالارلىق ئىشلارنىڭ كۆپلىگەن پارچىلىرىدىن مەشھۇر بولغان بىر قانچىسىنى نەمۇنە سۈپىتىدە بايان قىلىمىز:

**بىرىنچىسى:** ئۆمەر ئىبنى سەئدنىڭ بېشىغا قولىنى سۈرۈپ دۇئا قىلغان. سەكسەن ياشقا كىرگەن ئۇ ئادەم ۋاپات بولغىنىدا چېچىدا ئاق يوق ئىدى.

**ئىككىنچىسى:** قەيس ئىبنى زەيدنىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ دۇئا قىلغان. ئۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن، يۈز ياشقا كىرگەندە ئۇ مەسىھنىڭ (قولىنى سۈرۈش) تەسىرى بىلەن پۈتۈن چېچى ئاق، پەقەتلا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىنى قويغان يەر قاپقارا پېتى قالغان.

**ئۈچىنچىسى:** ئابدۇرراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى خەتتاب ھەم ۋىجىك ھەم سەت ئىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا سۈرۈپ دۇئا قىلغان . بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن، ئۇ بوي جەھەتتە ھەممىدىن قامەتلىك، چىراي جەھەتتە ھەممىدىن چىرايلىق بىر سۈرەتكە كىرگەن.

**تۆتىنچىسى:** ئائىز ئىبنى ئەمرنىڭ ھۇنەين غازىتىدا يۈزى يارىلىنىپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى قانى سۈرتۈپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قولى تەگكەن يەر شۇنداق نۇرانىي بولۇپ پارلىغانكى، مۇھەددىسلەر كَغُرَّةِ الْفَرَسِ دەپ تەبىر قىلغان . يەنى، ئۇنىڭ قولى تەگكەن يەر تورۇق ئاتنىڭ پىشانىسىدىكى قاشقىدەك پارلايتتى.

**بەشىنچىسى:** قەتادە ئىبنى مىلھاننىڭ يۈزىگە قولىنى سۈرۈپ دۇئا قىلغان. قەتادەنىڭ يۈزى ئەينەكتەك پارقىراشقا باشلىغان.

**ئالتىنچىسى:** مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قىزى ۋە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئۆگەي قىزى زەينەپ كىچىك ۋاقتىدا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭ يۈزىگە تاھارەت سۈيىنى چېچىپ ئىلتىپات قىلغان. ئۇ سۇ تەگكەندىن كېيىن، زەينەپنىڭ ھۆسن ۋە جامالى ئاجايىپ سۈرەتكە كىرگەن ۋە ھەيران قالارلىق بىر جامال ئىگىسى بولغان.

مانا بۇلاردەك يەنە نۇرغۇن مىساللار بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنى ھەدىس ئىماملىرى نەقىل قىلغان. بۇ مىساللارنىڭ ھەر بىرىنى خەۋەرى ۋاھىد (بىر خەۋەر) ۋە زەئىپ دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئومۇمىيسى يەنىلا مەنىۋى تەۋاتۇر ھۆكمىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇتلەق بىر مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بىر ھادىسە ئايرىم- ئايرىم ۋە كۆپ شەكىلدە نەقىل قىلىنسا، ئەسلى ھادىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى قەتئىي بولىدۇ. نەقىل شەكىللىرىنىڭ ھەربىرى زەئىپ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنە ئەسلى ھادىسىنى ئىسپات قىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر گۇلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بەزىلەر «پالانى ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر «باشقا ئۆي ئۆرۈلدى» دېدى . يەنە باشقىسى باشقا بىر ئۆينى دېدى، ۋەھاكازا... ھەربىر رىۋايەت خەۋەرى ۋاھىدمۇ، زەئىپمۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەسلى ۋەقە، بىر ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئۇ قەتئىيدۇر. ئۇنىڭدا ھەممەيلەن بىرلىككە كەلگەن. ھالبۇكى، يۇقىرىدا دېيىلگەن ئالتە مىسال ھەم سەھىھتۇر، ھەم بەزىلىرى مەشھۇر دەرىجىسىگە چىققان. بۇلارنىڭ ھەربىرىنى زەئىپ دەپ پەرەز قىلساق، تەمسىلدە بىر ئۆينىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى مۇتلەق ھۆكۈم قىلىنغىنىدەك، يەنە ئۇ مىساللارنىڭ بىرلىشىشى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇتلەق بىر مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ پارلاق مۆجىزىلىرى ھەربىر تۈردە قەتئىي شەكىلدە مەۋجۇتتۇر. پارچىلىرىمۇ ئۇ ئومۇمىي ۋە مۇتلەق مۆجىزىنىڭ شەكىللىرى ۋەياكى نەمۇنىلىرىدۇر. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قولى، بارمىقى، تۈكۈرۈكى، نەپسى، سۆزى، يەنى دۇئاسى كۆپلىگەن مۆجىزىلەرنىڭ باشلانغۇچى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ باشقا ھېسلىرى، تۇيغۇلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرى نۇرغۇن ھەيران قالارلىق ئىشلارغا ئاساس بولغاندۇر . تارىخ ۋە سىيەر كىتابلار ئۇ ھەيران قالارلىق ئىشلارنى بايان قىلغان . ئەخلاق، سۈرەت ۋە تۇيغۇلىرىدا نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن.

**ئون بەشىنچى ئىشارەت:**

تاشلار، دەرەخلەر، ئاي، قۇياش ئۇنى تونىغان ۋە ئايرىم مۆجىزىسىنى كۆرسىتىش بىلەن نۇبۇۋۋەتىنى تەستىق قىلغاندەكلا، **ھايۋانات تائىپىسى، ئۆلۈكلەر تائىپىسى، پەرىشتىلەر تائىپىسىمۇ** ئۇ مۇبارەك زاتنى تونۇيدۇ ۋە پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىدۇ . ئۇلار ئۇنى تونىغانلىقىنى ھەربىر تائىپە ئۇنىڭ بەزى مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن كۆرسىتىدۇ ۋە پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەقلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇ ئون بەشىنچى ئىشارەتنىڭ ئۈچ تارمىقى بار:

**بىرىنچى تارماق:** ھايۋانات تۈرى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونۇيدۇ ۋە مۆجىزىلىرىنىمۇ ئىزھار قىلىدۇ . بۇ تارماقنىڭ كۆپلىگەن مىساللىرى بار . بىز بۇ يەردە مەشھۇر ۋە مەنىۋى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە قەتئىي بولغان ۋەياكى

مۇھەققىق ئىماملارنىڭ قارىشىچە مەقبۇل بولغان ۋە ياكى ئۈممەت قوبۇل قىلغان بىر قىسىم ھادىسىلەرنى نەمۇنە سۈپىتىدە بايان قىلىمىز:

**بىرىنچى ھادىسە:** مەنبۇى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە بىر شۆھرەت بىلەن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن كۇپپارلارنىڭ ئەگىشىپ كېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىرىۋالغان ھىرا غارىنىڭ ئىشىكىدە ئىككى نۆۋەتچىدەك ئىككى كەپتەرنىڭ كېلىپ ساقلىشى ۋە ئۆمۈچۈكنىڭمۇ پەردىدارىدەك ھەيران قالارلىق بىر شەكىلدە قېلىن تور بىلەن غار ئاغزىنى توسىشىدۇر. ھەتتا قۇرەيش رەئىسلىرىدىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قولى بىلەن بەدرى غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئۈبەي ئىبنى خەلەف غار ئاغزىغا قاراپتۇ. ھەمراھلىرى: «غارغا كىرەيلى» دەپتۇ. ئۇ: «قانداق كىرىمىز، بۇ يەردە بىر تور كۆردۈمكى، ھەزرەتى مۇھەممەد تۇغۇلماستىن بۇرۇن توقۇلغاندەك تۇرىدۇ . بۇ يەردە ئىككى كەپتەر تۇرىدۇ، ئادەم بولغان بولسا، ئۇلار بۇ يەردە تۇرامتى؟» دەپتۇ . مانا بۇنىڭدەك مۇبارەك كەپتەر تائىپىسى، مەككىنىڭ فەتھىدىمۇ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بېشى ئۈستىدە سايىۋەن بولغانلىقىنى ئىمامى جەلىل ئىبنى ۋەھب نەقىل قىلىدۇ . ھەم سەھىھ نەقىل بىلەن ھەزرەتى ئائىشەئى سىددىقە خەۋەر بېرىدۇكى، ئۆيىمىزدە داجىن دېيىلىدىغان كەپتەرگە ئوخشاش بىر قۇش بار ئىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۆيدە بولسا، ھېچ ئوشۇق ھەرىكىتى بولمايتتى، سۈكۈتتە تۇراتتى . قاچانكى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام چىقىپ كەتسە ئۇ قۇش ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇيىاقتىن بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى . پەقەتلا جىم تۇرمايتتى. **دېمەك ئۇ** قۇش رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تىڭشايتتى، ھوزۇرىدا تەمكىنلىك بىلەن سۈكۈتتە تۇراتتى.

**ئىككىنچى ھادىسە:** بەش- ئالتە يول بىلەن، مەنبۇى بىر تەۋاتۇر ھۆكمىنى ئالغان بۆرە ھادىسىسىدۇركى، بۇ ئاجايىپ قىسسە كۆپ يوللار بىلەن مەشھۇر ساھابىلەردىن نەقىل قىلىنغان. مەسىلەن: ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ، ئىبنى ئەبى ۋەھب، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئۇ ۋەقە ساھىبى چوپان (ئۇھبان) قاتارلىقلار تۈرلۈك يوللار بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، بىر بۆرە ئۆچكىلەردىن بىرنى تۇتۇۋاپتۇ . چوپان ئۆچكىنى بۆرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋاپتۇ. بۆرە: «ﷲتىن قورقمىدىڭ، مېنىڭ رىزقىمنى تارتىۋالدىڭ» دەپتۇ . چوپان: «ئاجايىپ ئىش، بۆرىمۇ سۆزلەمدۇ؟» دەپتۇ. بۆرە ئۇنىڭغا: «ئاجايىپ ئىش سېنىڭ ھالىڭدۇركى، بۇ يەرنىڭ ئارقىسىدا بىر زات بار، سىلەرنى جەننەتكە دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، پەيغەمبەردۇر، ئۇنى تونىمايۋاتىسىلەر!» دەپتۇ. پۈتۈن رىۋايەتلەر بۆرىنىڭ گەپ قىلغانلىقىدا بىرلىككە

كېلىش بىلەن بىللە، قۇۋۋەتلىك بىر يول بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە خەۋىرىدە دەيدۇكى، چوپان بۆرىگە : «مەن ئۇ يەرگە بارسام مېنىڭ ئۆچكىلىرىمگە كىم قارايدۇ؟» دەپتۇ. بۆرە: «مەن قاراپ تۇرىمەن.» دەپتۇ . چوپان چوپانلىقنى بۆرىگە قويۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەپتۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتىپتۇ . ئۇ قايتىپ بارسا بۆرە چوپانلىق قىلىۋاتقانىكەن، ئۆچكىلىرىگە ھېچقانداق زىيان- زەخمەت يەتمەپتۇ . بۆرىگە بىر ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ بېرىپتۇ. چۈنكى بۆرە ئۇنىڭغا ئۇستازلىق قىپتۇ.

بىر رىۋايەتتە، قۇرەيش رەئىسلىرىدىن ئەبۇ سۇفيان بىلەن سەفۋان بىر بۆرىنىڭ بىر كىيىكنى قوغلاپ ھەرەمى شەرىفكە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ . بۆرە قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇلار تەئەججۈپلىنىپتۇ. بۆرە سۆزلەپتۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى خەۋەر بېرىپتۇ . ئەبۇ سۇفيان سەفۋانغا: «بۇ قىسسەنى ھېچكىمگە دېمەيلى، مەككە قۇرۇغدىلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن.» دەپتۇ. قىسقىسى، بۆرە قىسسەسى قەتئىي ۋە مەنىۋى تەۋاتۇردەك قانائەت بېرىدۇ.

**ئۈچىنچى ھادىسە:** بەش- ئالتە يول بىلەن، مۇھىم ساھابىلەردىن نەقىل قىلىنغان تۆگە ھادىسەسىدۇر. مەسىلەن: ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئلەبە ئىبنى مالىك، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا قاتارلىقلار ئوخشىمىغان يوللار بىلەن ۋە ئۇ يوللارنىڭ بىشىدىكى ساھابىلەر بىرلىككە كېلىپ خەۋەر بېرىدۇكى، بىر تۆگە كېلىپ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئېھتىرام سالىمى تۈرىدىن سەجدە قىلىپ گەپ قىپتۇ . بىر قانچە رىۋايەتتە خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇ تۆگە بىر باغدا غەزەپلىنىپتۇ، ۋەھشىيلىشىپتۇ . ئېتىلىپ يېنىغا ھېچكىمنى يېقىن يولاتماپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كىرىپتۇ، تۆگە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلەن سەجدە قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا چۆكۈپتۇ . ئاندىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام نوقتا سالدى . تۆگە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا: « مېنى بەك مۇشەققەتلىك ئىشلارغا سالدى، ئەمدى بولسا مېنى ئۆلتۈرمىز دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپلەندىم.» دېدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۆگىنىڭ ئىگىسىدىن: «راستمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى.

ھەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەدىبا ئىسىملىك تۆگىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قايغۇسىدىن يېمىدى، ئىچمىدى، ئاخىرى

ئۆلۈپ كەتتى . ھەم ئۇ تۆگىنىڭ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن مۇھىم بىر قىسسەنى سۆزلەشكەنلىكىنى ئەبۇ ئىسھاق ئىسفەرانىدەك بەزى مۇھىم ئىماملار خەۋەر بەرگەن. ھەم سەھىھ نەقىل بىلەن، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بىر سەپەردە تۆگىسى بەك ھېرىپ كەتكەنىدى، ماڭالمايۋاتاتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ تۆگىنى شۇنداقلا بىر نوقۇپ قويىۋىدى، ئۇ تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئۇ قەدەر شاشلىششىپ، سۆيۈنۈپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ تېزلىكىدىن تىزگىنىنى باشقۇرغىلى بولمايتتى، باشقىلار يېتىشەلمەي قالغان. بۇنى ھەزرەتى جابىر خەۋەر بەرگەن.

**تۆتىنچى ھادىسە:** باشتا ئىمامى بۇخارى، ھەدىس ئىماملىرى خەۋەر بېرىدۇكى، بىر قېتىم كېچىدە مەدىنەئى مۇنەۋۋەرەنىڭ سىرتىدا دۈشمەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك بىر ھادىسە بولدى . جەسۇر ئاتلىقلار چىقىپ ئۇ تەرەپكە ئاتلاندى . يولدا بىر زاتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى . قارىسا ئۇ زات رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىكەن . ئۇ: «ھېچ ئىش يوق.» دېدى. مەشھۇر ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىغا مىنىپ، مۇقەددەس شىجائىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ھەممىدىن ئاۋۋال بېرىپ تەكشۈرۈپ قايتىپ كەلگەنىدى . ئەبۇ تەلھەگە: وَجَدْتُ فَرَسَكَ بَحْرًايەنى، «سېنىڭ ئېتىڭ ناھايىتى چاپقۇر ئىكەن.» دېدى . ھالبۇكى ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتى قەتۇف (قاشاڭ) دېيىلىدىغان، تېز چاپمايدىغان ئاتلاردىن ئىدى . ئۇ كېچىدىن كېيىن ھېچبىر ئات چېپىشتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەنىدى . ھەم سەھىھ نەقىل بىلەن، بىر قېتىم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام سەپەردە ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا ئېتىغا «تۇر!» دېدى . ئات تۇردى . ناماز تۈگىگىچىلىك ھېچبىر ئەزاسىنى قىمىرلاتمىدى.

**بەشىنچى ھادىسە:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ خىزمەتكارى سەفىنە، يەمەن ۋالىسى مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن ئەمىر ئېلىپ مېڭىپتۇ . يولدا بىر شىرغا دۇچ كەپتۇ. سەفىنە ئۇ شىرغا: «مەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ خىزمەتكارىمەن.» دەپتۇ. شىر ھوۋلاپ كېتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا چېقىلماپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە خەۋەر بېرىدۇكى، سەفىنە قايتىشىدا يولدىن ئېزىپ قاپتۇ، بىر شىر ئۇچراپتۇ. شىر ئۇنىڭغا چېقىلمايلا قالماستىن، ئۇنىڭغا يولنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ھەم ھەزرەتى ئۆمەردىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇ شۇنداق دېگەن: رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا بىر بەدەۋى كەلدى. ئەرەبچە «زەب» دېيىلىدىغان بىر ھايۋان يەنى، كېلەر قولىدا ئىدى . ئۇ: «ئەگەر بۇ ھايۋان ساڭا

ئىمان ئېيتسا، مەنمۇ ساڭا ئىمان ئېيتمەن، بولمىسا ئېيتمايمەن.» دېدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ ھايۋاندىن سورىدى، ئۇ كېلەر ئۇچۇق بىر تىل بىلەن، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شاھادەت كەلتۈردى.

ھەم مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە خەۋەر بېرىدۇكى، بىر كېيىك رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن سۆزلىشىپتۇ ۋە پەيغەمبەرلىكىگە شاھادەت كەلتۈرۈپتۇ.

مانا بۇنىڭدەك نۇرغۇن مىساللار بار. بىز قەتئىي شۆھرەت تاپقان بىرقانچە نەمۇنىنى كۆرسەتتۇق . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونىمىغانغا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغانغا دەيمىزكى:

**ئەي ئىنسانلار! ئىبرەت ئېلىڭلار... بۆرە، شىر رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونۇيدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ ھايۋانلاردىن، بۆرىدىن تۆۋەن چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭىزگە تىرىشىشىڭلارنى ئىقتىزا قىلىدۇ.**

**ئىككىنچى تارماق:** مىيىتلارنىڭ، جىنلارنىڭ ۋە مالائىكەلەرنىڭ (پەرىشتە) رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونۇشلىرىدۇر. بۇنىڭمۇ نۇرغۇن ھادىسىلىرى بار . نەمۇنە ئۈچۈن، شۆھرەت تاپقان ۋە ئىشەنچلىك ئىماملار خەۋەر بەرگەن بىرقانچە نەمۇنىنى ئاۋۋال مىيىتلاردىن باشلاپ كۆرسىتىمىز. ئەمما جىن ۋە مالائىكە بولسا، ئۇ مۇتەۋاتىردۇر... ئۇلارنىڭ مىساللىرى بىر ئەمەس، مىڭدۇر. ئۆلۈكلەرنىڭ سۆزلىشىنىڭ مىساللىرىدىن:

**بىرىنچىسى شۇدۇركى:** زاھىر ۋە باتىن ئالىملىرىنىڭ، تابىئىن زامانىدىكى ئەڭ بۈيۈك رەئىسى ۋە ئىمامى ئەلىنىڭ مۇھىم ۋە سادىق شاگىرتى بولغان ھەسەن بەسرى خەۋەر بېرىدۇكى، بىر ئادەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى . ھەمدە: « مېنىڭ كىچىك بىر قىزىم بار ئىدى، شۇ يېقىن ۋادىدا ئۆلدى، ئۇ يەرگە تاشلاپ قويدۇم» دېدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇنىڭغا: «يۈر، ئۇ يەرگە بارايلى.» دېدى. ئۇ يەرگە باردى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ ئۆلگەن قىز بالىنى چاقىردى. «ئەي پالانچى!» دەپ توۋلىدى. بىردىنلا ئۇ ئۆلگەن قىز لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ دېدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام : «قايتىدىن ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلامسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ياق، مەن ئۇلاردىن تېخىمۇ خەيرلىك بولغىنىنى تاپتىم.» دېدى.

**ئىككىنچىسى:** ئىمامى بەيهەقى ۋە ئىمامى ئىبنى ئەدىيدەك بەزى مۇھىم ئىماملار ھەزرەتى ئەنەس ئىبنى مالىكتىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئەنەس شۇنداق دېگەن: بىر ياشانغان ئايالنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىدى، تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. ئۇ سالىھ ئايال ناھايىتى ئازاپلاندى . ھەمدە، «يارەب! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن ۋە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساﻻمغا بەيئەت ۋە خىزمەت ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. مېنىڭ ھاياتىمدا تىرىكچىلىكىمنى تەمىن قىلىدىغان يالغۇز ئوغلۇمنى ئۇ رەسۇلىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىلتىپات قىلىپ قايتۇرۇپ بەر.» دېدى . ھەزرەتى ئەنەس شۇنداق دەيدۇ : ئۇ ئۆلگەن ئادەم ئورنىدىن تۇردى، بىز بىلەن بىللە تاماق يېدى.

مانا بۇ ئاجايىپ ھادىسىگە ئىمامى بۇسىرىينىڭ «قەسىدەئى بۇردە»دىكى شۇ مىسرالىرى ئىشارەت ۋە ئىپادە قىلىدۇ:

لَوْ نَاسَبَتْ قَدْرَهُ آيَاتُهُ عِظَمًا ❁ اَحْيَى اسْمُهُ حِينَ يُدْعَى دَارِسَ الرِّمَمِ

يەنى: «ئەگەر ئاﻻمەتلىرى ئۇنىڭ قەدرىگە مۇۋاپىق دەرىجىدە بۈيۈكلىكىنى ۋە مەقبۇللىقىنى كۆرسىتىدىغان بولسا، يېڭى ئۆلگەنلەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چىرىگەن سۆڭەكلەرمۇ تىرىلەتتى.»

**ئۈچىنچى ھادىسە:** باشتا ئىمامى بەيهەقىدەك راۋىلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھىل ئەنسارىدىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئابدۇللاھ شۇنداق دېگەن: سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىد بولۇپ قەبرىگە قويغان ۋاقتىمىزدا، مەن ئۇ يەردە ئىدىم . قەبرىگە قويىۋاتقاندا بىردىنلا ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقتى : مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ وَاَبُو بَكْرٍ الصِّدِّيقُ وَعُمَرُ الشَّهِيدُ وَعُثْمَانُ الْبَرُّ الرَّحِيمُ دېدى. شۇئان ئېچىپ قارىساق، ئۆلۈك، جانسىز. ئەنە شۇ ۋاقىت تېخى ھەزرەتى ئۆمەر خەلىپە بولماستىنلا، ئۇنىڭ شېھىد بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن.

**تۆتىنچى ھادىسە:** ئىمامى تەبەرانى ۋە ئەبۇ نۇئەيم «دەﻻئىلى نۇبۇۋۋەت»تە، نۇئمان ئىبنى بەشىردىن خەۋەر بېرىدۇكى، زەيد ئىبنى خارىجە بازار ئىچىدە تۇيۇقسىز يىقىلىپ ۋاپات بولدى . ئۆيىگە ئەكەلدۇق. ناماز شام ۋە خۇپتەن ئارىسىدا ئەتراپىدىكى ئاياللار يىغلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز: اَنْصِتُوا اَنْصِتُوا«يىغلىماڭلار!» دېدى . ئاندىن پاساھەتلىك بىر تىل بىلەن : مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ دەپ بىردەم سۆزلىدى. قارىساق، جانسىز ۋە ئۆلۈك ئىدى.

مانا، جانسىز مېيىتلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلغان يەردە، جانلىق بولغانلار تەستىق قىلمىسا، ئەلۋەتتە ئۇ جانى(گۇناھكار) جانلىقلار، جانسىزلاردىن تېخىمۇ جانسىز ۋە ئۆلۈكلەردىن تېخىمۇ ئۆلۈكتۇر.

ئەمدى، مالائىكىلەرنىڭ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا خىزمىتى ۋە كۆرۈنىشى، ھەمدە جىنلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ۋە ئىتائىتى، مۇتەۋاتىردۇر. قۇرئان نەسسى (ئېنىق ئىپادىلىرى) ۋە كۆپلىگەن ئايەتلەر بىلەن ئوچۇقتۇر. بەدىر غازىتىدا بەش مىڭ مالائىكە (قۇرئان نەسسى بىلەن) ئالدىنقى سەپتە، ساھابىلەردەك ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىپ ئەسكەر بولغان. ھەتتا ئۇ مالائىكىلەر پەرىشتىلەر ئىچىدە، بەدىر ساھابىلىرىدەك شەرەپ قازانغان. شۇ مەسىلىدە ئىككى جەھەت بار:

**بىرسى:** جىن ۋە مالائىكىنىڭ تائىپىلىرىنىڭ ھايۋان ۋە ئىنسان تائىپىلىرىدەك بار ئىكەنلىكى قەتئىي ۋە بىز بىلەن مۇناسىۋەتدار ئىكەنلىكىنى يىگىرمە توققۇزىنچى سۆزدە ئىككى كەررە ئىككى تۆت بولۇش دەرىجىسىدە قەتئىيلىك بىلەن ئىسپات قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىسپاتىنى ئۇ سۆزگە ھاۋالە قىلىمىز.

**ئىككىنچى جەھەت:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ شەرىپى بىلەن، ئۇنىڭ مۆجىزە ئەسىرى سۈپىتىدە ئۈممەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ ئۇلارنى كۆرۈش ۋە سۆزلىشىش ھادىسىسىدۇر . مانا، باشتا بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىم، ھەدىس ئىماملىرى بىرلىككە كېلىپ خەۋەر بېرىدۇكى، بىر قېتىم پەرىشتە، يەنى ھەزرەتى جەبرائىل ئاق لىباسلىق بىر ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان ۋاقتىتا، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، مَا اْلِاسْلاَمُ وَمَا اْلِايمَانُ وَمَا اْلِاحْسَانُ دەپتۇ . يەنى، «ئىمان، ئىسلام، ئىھسان نېمىدۇر؟ تونۇت!» رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بايان قىپتۇ . ئۇ يەردىكى ساھابىلەر جامائىتى ھەم دەرس ئاپتۇ، ھەم ئۇ زاتنى ئېنىق كۆرۈپتۇ . ئۇ زات مېھمان سۈپىتىدە كۆرۈنگىنى بىلەن ئۈستىدە ھېچبىر سەپەر ئالامىتى يوق ئىكەن . ئورنىدىن تۇرۇپ بىردىنلا غايىپ بوپتۇ . ئۇ چاغدا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «جەبرائىل سىلەرگە دەرس بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.» دەپتۇ.

ھەم ھەدىس ئىماملىرى سەھىھ ۋە قەتئىي خەۋەر بىلەن، ھەمدە مەنىۋى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە خەۋەر بېرىدۇكى،ساھابىلەر ھەزرەتى جەبرائىلنى كۆپ قېتىم ھۆسنى- جامال ساھىبى بولغان دىھيە سۈرىتىدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىدا كۆرەتتى . مەسىلەن: ھەزرەتى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ھارىس، ئائىشەئى سىددىقە ۋە ئۇممۇ سەلەمە قەتئىييەن خەۋەر بېرىدۇكى :« بىز ھەزرەتى جەبرائىلنى دىھيە سۈرىتىدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىدا كۆپ كۆرىمىز» ئەجەبا بۇ زاتلارنىڭ كۆرمىگەن تۇرۇپ كۆردۇق دېيىشى ھېچ مۇمكىنمىدۇر؟

ھەم قەتئيي سەھىھ نەقىل بىلەن ئاشەرەئى مۇبەششەرەدىن، ئىران فاتىھى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس خەۋەر بېرىدۇكى: « ئۇھۇد غازىتىدا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاق كىيىملىك ئىككى زاتنىڭ ئۇنى قوغدىغۇچىدەك مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئىككىلىسى مالائىكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەزرەتى جەبرائىل بىلەن ھەزرەتى مىكائىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.» ئەجەبا بۇنداق بىر ئىسلام قەھرىمانى كۆردۇق دېسە، كۆرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

ھەم ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمەتتەلىب (پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرە تۇغقىنى) سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى: « بەدىر غازىتىدا كۆك بىلەن يەر ئارىسىدا ئاق كىيىملىك ئاتلىق زاتلارنى كۆردۇق.»

ھەم ھەزرەتى ھەمزە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالامدىن « مەن ھەزرەتى جەبرائىلنى كۆرگەن بولسام» دەپ ئىلتىماس قىلىدى. كەئبىدە ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. تاقەت قىلالماي، بىھۇش بولۇپ يەرگە يىقىلدى . بۇ تۈرلۈك مالائىكىلەرنى كۆرۈش ھادىسىلىرى كۆپتۇر . بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بىر تۈرلۈك مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ ۋە دەلالەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ نۇبۇۋۋەت لامپىسىغا مالائىكىلەرمۇ پەرۋانىدۇر.

**جىنلار** بولسا، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇلارنى كۆرۈش ھادىسىسى، ساھابىلەر ئەمەس، بەلكى ئۈممەتنىڭ ئاۋاملىرى ئىچىدىمۇ كۆپ يۈز بەرگەندۇر . ئەمما ئەڭ قەتئيي، ئەڭ سەھىھ خەۋەر بىلەن ھەدىس ئىماملىرى بىزگە دەيدۇكى، ئىبنى مەسئۇد: « بەتنى نەھلدە جىنلار ھىدايەتكە ئېرىشكەن كېچىسى جىنلارنى كۆردۈم ۋە سۇدان قەبىلىسىدىن «زۇت» دېيىلىدىغان ئېگىز بويلۇق تائىپىگە ئوخشاتتىم . ئۇلارغا ئوخشايتتى.»

ھەم مەشھۇر بولغان ۋە ھەدىس ئىماملىرى تەخرىج ۋە قوبۇل قىلغان ھەزرەتى خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋەقەسىدۇركى ، ئۇززا دېيىلىدىغان بۇتنى چاققان ۋاقىتتا قارا بىر ئايال شەكلىدە ئۇ بۇتنىڭ ئىچىدىن بىر جىن چىقتى . ھەزرەتى خالىد قىلىچى بىلەن ئۇ جىننى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ ھادىسە ئۈچۈن: «ئۇززا بۇتى ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىناتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىنمايدۇ.» دېدى.

ھەم ھەزرەتى ئۆمەردىن مەشھۇر بىر خەۋەركى، ئۇ شۇنداق دېگەن: «بىز رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، قېرى ئادەم سۈرىتىدە، قولىدا بىر ھاسا، ‹ھامە› ئىسىملىك بىر جىن كەلدى . ئىمان ئېيتتى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا قىسقا سۈرىلەردىن بىرقانچە سۈرىنى دەرس

بەردى. دەرسنى ئېلىپ كەتتى.» شۇ ئاخىرقى ھادىسىنى گەرچە بەزى ئىماملار قوبۇل قىلالمىغان . ئەمما مۇھىم ئىماملار سەھىھلىكىگە ھۆكۈم قىلغاندۇر . قىسقىسى، بۇ تۈردە ئۇزۇن سۆزلەشكە كېرەك يوق. مىساللىرى كۆپتۇر.

ھەم دەيمىزكى:

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ نۇرى بىلەن، تەربىيەسى بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش نەتىجىسىدە، شەيخى گەيلانىيدەك مىڭلارچە ئەقتابلار، ئەسفىيالار مالائىكىلەر ۋە جىنلار بىلەن كۆرۈشكەن ۋە سۆزلەشكەندۇر. بۇ ھادىسە يۈز تەۋاتۇر دەرىجىسىدە بولۇپ مىساللىرى كۆپتۇر. شۇنداق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ مالائىكە ۋە جىنلار بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە سۆزلىشىشى بولسا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ تەربىيە ۋە مۆجىزىكارانە ئىرشادىنىڭ (يېتەكلىشىنىڭ) بىر ئەسىرىدۇر.

**ئۈچىنچى تارماق:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ۋە ئامانلىق ئىچىدە بولۇشى ناھايىتى ئوچۇق بىر مۆجىزىدۇر. ﴿وَاللّٰهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ئايەتى كەرىمەسىنىڭ ئوچۇق ھەقىقىتى ئۇنىڭ كۆپلىگەن مۆجىزىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام چىققان ۋاقىتتا پەقەتلا بىر تائىپە، بىر قەۋم، بىر قىسىم ئەھلى سىياسەت ياكى بىر دىنغا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل پادىشاھلارغا ۋە پۈتۈن ئەھلى دىنغا تەنھا ئۆزى جەڭ ئېلان قىلدى. ھالبۇكى ئۇنىڭ تاغىسى ئەڭ چوڭ دۈشمەن، قەۋم-قەبىلىسى دۈشمەن ھالەتتە تۇرسىمۇ، يىگىرمە ئۈچ يىل قاراۋۇلسىز، بىپىسىمسىز، مۇھاپىزەتسىز، ھەمدە نۇرغۇن قېتىم سۇيىقەستكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، كامالى سائادەت بىلەن، راھەت تۆشىكىدە ۋاپات بولۇپ، مەلەئى ئەئلاغا چىققۇچە مۇھاپىزەت ئاستىدا، ئامانلىق ئىچىدە بولۇشى ﴿وَاللّٰهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ نىڭ نەقەدەر قۇۋۋەتلىك بىر ھەقىقەتنى ئىپادە قىلغانلىقىنى ۋە نەقەدەر تەۋرەنمەس بىر تايىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى قۇياشتەك كۆرسىتىدۇ . بىز پەقەت نەمۇنە ئۈچۈن قەتئىي بولغان بىر قانچە ھادىسىنى سۆزلەيمىز:

**بىرىنچى ھادىسە:** سىيەر ۋە ھەدىس ئەھلى بىرلىككە كېلىپ خەۋەر بېرىدۇكى، قۇرەيش قەبىلىسى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى ئۆلتۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئورتاق پىكىرگە كەلدى . ھەتتا ئىنسان سۈرىتىگە كىرگەن بىر شەيتاننىڭ تەدبىرى بىلەن، قۇرەيش ئىچىگە فىتنە چۈشمەسلىك ئۈچۈن، ئىچىدە ھەر قەبىلىدىن ئاز دېگەندە بىر ئادەم بولغان ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم ئەبۇ جەھىل ۋە

ئەبۇ لەھەبنىڭ باشلامچىلىقىدا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سائادەت خانىسىگە باستۇرۇپ كەلدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىدا ھەزرەتى ئەلى بار ئىدى. ئۇنىڭغا: «سەن بۇ كېچە مېنىڭ ئورنۇمدا يات.» دېدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام قۇرەيشلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلىدى . قۇرەيشلەر كېلىپ ئۆينىڭ ئەتراپىنى قورشىدى . پەيغەمبىرىمىز شۇ چاغدا چىقىپ، ئازراق توپىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چاچتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى . ھېچبىرى ئۇنى كۆرمىدى . ھىرا غارىدا ئىككى كەپتەر ۋە بىر ئۆمۈچۈك پۈتۈن قۇرەيشكە قارشى ئۇنىڭغا قاراۋۇل بولۇپ، مۇھاپىزەت قىلدى.

**ئىككىنچى ھادىسە:** قەتئىي ۋەقەلەردىندۇركى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن بىللە غاردىن چىقىپ مەدىنە تەرىپىگە ماڭغاندا، قۇرەيش رەئىسلىرى چوڭ بىر مال قارشىلىقىدا، سۇراقە ئىسىملىك ناھايىتى جەسۇر بىر ئادەمنى ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىشتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى سىددىق كېتىۋېتىپ ئارقىسىدىن سۇراقەنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەبۇ بەكرى سىددىق جىددىيلەشتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام غاردا دېگىنىدەك، لاَ تَحْزَنْ اِنَّ اللّٰهَ مَعَنَا دېدى. سۇراقەگە بىر قارىۋېدى، سۇراقەنىڭ ئېتىنىڭ پۇتلىرى يەرگە پېتىپ قالدى. ئۇ ئېتىنىڭ پۇتلىرىنى چىقىرىپ يەنە ئارقىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئېتىنىڭ پۇتلىرى قايتا پېتىپ قېلىپ پاتقان يەردىن تۇماندەك بىر نەرسە چىقىۋاتاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ، ئۇ زاتقا چېقىلىش نە ئۆزىنىڭ ۋە نە باشقا ھەرقانداق بىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. «قۇتقاز!» دېدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام ئامانلىق بەردى . ئەمما: «بېرىپ ئىشنى شۇنداق توغرىلاكى، باشقىلار يەنە كېلىپ قالمىسۇن!» دېدى.

شۇ ھادىسە مۇناسىۋىتى بىلەن بۇنىمۇ بايان قىلىمىزكى، سەھىھ بىر سۈرەتتە خەۋەر بېرىلىدۇ: بىر چوپان ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇرەيشكە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئەسلەشكە قانچە تىرىشسىمۇ ئەسلىيەلمەپتۇ . قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ . كېيىن ئۇنىڭغا ئۇنۇتتۇرۇلغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

**ئۈچىنچى ھادىسە:** ئوخشىمىغان يوللار بىلەن ھەدىس ئىماملىرى خەۋەر بېرىدۇكى، غەتەفان ۋە ئەنمار غازاتلىرىدا، غەۋرەس ئىسىملىك جەسۇر بىر قەبىلە رەئىسى، ئۆزىنى ھېچكىمگە سەزدۈرمەستىن ئۇدۇل رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بېشى ئۇستىگە كېلىپ، قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالەتتە رەسۇلى ئەكرەم

ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا : «سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟» دەيدۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: «اللە» دەيدۇ . ئاندىن اَللّٰهُمَّ اكْفِنِيهِ بِمَا شِئْتَ دەپ دۇئا قىلىدۇ . بىردىنلا ئۇ غەۋرەس ئىككى مۈرىسى ئارىسىغا غەيبتىن بىر زەربە يەپ قولىدىن قىلىچى چۈشۈپ كېتىدۇ . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قىلىچنى قولىغا ئېلىپ: «ئەمدى سېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟» دەيدۇ ۋە ئەپۇ قىلىدۇ . ئۇ ئادەم تائىپىسىگە قايتىپ بارىدۇ . ئۇلار ئۇ جۈرئەتلىك، جەسۇر ئادەمگە ھەيران قېلىپ: «ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا بىر ئىش قىلالمىدىڭ؟» دەيدۇ . ئۇمۇ: «ھادىسە مۇنداق بولدى. مەن ھازىر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىمەن.» دەيدۇ.

ھەم شۇ ھادىسىدەك، بەدىر غازىتىدا بىر مۇناپىق رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى بىر غەپلەت ۋاقتىدا، ھېچكىم كۆرمەستە، ئارقىسىدىن قىلىچ كۆتۈرۈپ چاپاي دەۋاتقاندا، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا قاراپتۇ. ئۇ تىترەپ قىلىچ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**تۆتىنچى ھادىسە:** مەنئۋى تەۋاتۇرغا يېقىن بىر شۆھرەت بىلەن ۋە كۆپ قىسىم ئەھلى تەفسىر ﴿اِنَّا جَعَلْنَا فِى اَعْنَاقِهِمْ اَغْلاَلاً فَهِىَ اِلَى اْلاَذْقَانِ فَهُمْ مُقْمَحُونَ ۞ وَجَعَلْنَا مِنْ بَيْنِ اَيْدِيهِمْ سَدًّا وَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا فَاَغْشَيْنَاهُمْ فَهُمْ لاَ يُبْصِرُونَ﴾(ياسىن:8-9) ئايىتىنىڭ چۈشۈش سەۋەبى دەپ قارىغان بۇ ھادىسىنى ئەھلى تەفسىر ئەللامەلىرى ۋە ئەھلى ھەدىس ئىماملىرى خەۋەر بېرىدۇكى، ئەبۇ جەھىل: « مەن مۇھەممەدنى سەجدىدە كۆرسەم، ئۇنى مۇشۇ تاش بىلەن ئۇرىمەن» دەپ قەسەم قىلىپ، چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇ سەجدە قىلىۋاتقاندا، ئۇراي دەپ تاشنى كۆتۈرۈشكە قولى ھاۋادا قېتىپ قاپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەبۇ جەھىلنىڭ قولى ئاندىن ئەسلىگە كەپتۇ . بۇ بولسا، يا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ رۇخستى بىلەن، ياكى ئېھتىياج قالمىغانلىقتىن ئەسلىگە كەلگەن.

ھەم يەنە ئەبۇ جەھىل قەبىلىسىدىن، (بىر رىۋايەتتە) ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، يەنە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى ئۇرۇش ئۈچۈن چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ «ئۇ سەجدە قىلىۋاتقاندا ئۇرىمەن» دەپ مېڭىپتۇ . كۆزى ئېتىلىپ قاپتۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى مەسجىدى ھەرەمدە كۆرەلمەي قايتىپ كەپتۇ. ئۇنى ئەۋەتكەنلەرنىمۇ كۆرەلمەپتۇ، پەقەت ئاۋازلىرىنىلا ئاڭلاپتۇ.

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام نامازدىن چىققاندىن كېيىن، ئىھتىياج قالمىغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئېچىلىپتۇ.

ھەم سەھىھ نەقىل بىلەن، ئەبۇ بەكرى سىددىقتىن خەۋەر بېرىدۇكى،﴿تَبَّتْ يَدَا أَبِى لَهَبٍ﴾ سۈرىسى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل دېيىلگەن ﴿حَمَّا لَةَ الْحَطَبِ﴾ بىر تاش ئېلىپ، مەسجىدى ھەرەمگە كەپتۇ . ئەبۇ بەكىر بىلەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇ يەردە ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىلا كۆرۈپتۇ . ئۇنىڭدىن سوراپ: «ئەي ئەبۇ بەكىر! سېنىڭ دوستۇڭ نەدە؟ ئۇنىڭ مېنى مازاق قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇنى كۆرسەم بۇ تاش بىلەن ئاغزىغا ئۇرىمەن.» دەپتۇ . ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭ يېنىدا تۇرسا ئۇنى كۆرەلمەپتۇ . ﷲ نىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا بولغان بىر سۇلتانى لەۋلاكنى، بۇنداق بىر جەھەننەم ئوتۇنچىسى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كۆرەلمەيدۇ. شاللاق ئاغزىغا لەنەت!...

**بەشىنچى ھادىسە:** سەھىھ خەۋەر بىلەن خەۋەر بېرىلىدۇكى، ئامىر ئىبنى تۇفەيل ۋە ئەربەد ئىبنى قەيس ئىككىسى بىرلىشىپ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ . ئامىر: «مەن ئۇنى گەپكە تۇتۇپ تۇرىمەن، سەن ئۇرىسەن!» دەپتۇ. لېكىن ئۇ قارىسا ئەربەد ھېچنېمە قىلماي تۇرغىدەك. ئۇلار قايتقاندىن كېيىن، ئامىر ئەربەدكە: «نېمىشقا ئۇرمىدىڭ؟» دەپتۇ. ئەربەد: «قانداق ئۇرىمەن. ئۇرۇشقا نىيەت قىلغاندىلا، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەن كىرىۋالدىڭ. سېنى قانداق ئۇرىمەن؟» دەپتۇ.

**ئالتىنچى ھادىسە:** سەھىھ نەقىل بىلەن خەۋەر بېرىلىدۇكى، ئۇھۇد ياكى ھۇنەين غازىتىدا، شەيبە ئىبنى ئوسمانەل ھەجەبى (ھەزرەتى ھەمزە ئۇنىڭ ھەم تاغىسىنى ھەم دادىسىنى ئۆلتۈرگەنىدى) ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، يوشۇرۇن كەلدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئارقىسىدىن يالىڭاچلانغان قىلىچ كۆتۈردى. بىردىنلا قىلىچ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا قارىدى ۋە قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى . شەيبە شۇنداق دەيدۇ: «شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ماڭا دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك ئادەم بولمايتتى.» ھەمدە شۇ ھامان ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالام: «ئەمدى بېرىپ جەڭ قىل!» دېدى. شەيبە دەيدۇكى: «مەن جەڭگە باردىم، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئالدىدا جەڭ قىلدىم. ئەگەر ئۇ چاغدا دادام ئالدىمغا كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆلتۈرەتتىم.»

ھەم مەككىنىڭ فەتىھ كۈنىدە، فەدالە ئىسىملىك بىرسى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ يېنىغا ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بىلەن كەلدى . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ: « نەفسىڭ بىلەن نېمە دېيىشتىڭ؟» دېدى ۋە فەدالە ئۈچۈن مەغپىرەت دۇئاسى قىلدى.  فەدالە ئىمان ئېيتتى ۋە دېدى: « ئۇ ۋاقىت دۇنيادا ئۇنىڭدىن زىيادە سۆيۈملۈك ئادىمىم بولمايتتى.»

**يەتتىنچى ھادىسە:** -سەھىھ نەقىل بىلەن- يەھۇدىيلار سۈيىقەست نىيىتى بىلەن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئولتۇرغان يەرگە ئۈستىدىن چوڭ بىر تاشنى تاشلاي دەپ تۇرۇشىغا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام دەل شۇ ئاندا ﷲنىڭ ساقلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ .  ئۇ سۈيىقەستمۇ ئۈنۈمسىز قاپتۇ.

بۇ يەتتە مىسالغا ئوخشاش نۇرغۇن مىساللار بار. باشتا ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىم ۋە ھەدىس ئىماملىرى ھەزرەتى ئائىشەدىن نەقىل قىلىدۇكى، ﴿وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئانچە- مۇنچە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى مۇھاپىزەت قىلغان زاتلارغا: « يَا أَيُّهَا النَّاسُ انْصَرِفُوا فَقَدْ عَصَمَنِي رَبِّي عَزَّ وَجَلَّ يەنى: نۆۋەتچىلىككە كېرەك يوق، مېنىڭ رەببىم مېنى ساقلايدۇ.» دەيتتى.

مانا بۇ رىسالىمۇ باشتىن بۇ يەرگىچە كۆرسىتىدۇكى، شۇ مەۋجۇداتنىڭ ھەر تۈرى، ھەر ئالەمى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونۇيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدادۇر. مەۋجۇداتنىڭ ھەربىر تۈرىدە، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى كۆرۈنىدۇ. دېمەك، ئۇ زاتى ئەھمەدىيە(ئە.س.ۋ) جانابى ھەقنىڭ – (كائىناتنىڭ خالىقى ئېتىبارى بىلەن ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ رەببى ئۇنۋانى بىلەن) - مەمۇرىدۇر ۋە رەسۇلىدۇر. شۇنداق، ئالايلۇق بىر پادىشاھنىڭ چوڭ ئەمەلدارىنى  ۋە مۇپەتتىش مەمۇرىنى  ھەربىر دائىرە بىلىدۇ ۋە تونۇيدۇ ، قايسى دائىرىگە كىرسە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتدار بولىدۇ .  چۈنكى ھەممىنىڭ پادىشاھى نامىدىن بىر ۋەزىپىدارلىقى بار . ئەگەر مەسىلەن: پەقەتلا ئەدلىيە مۇپەتتىشى بولسا، ئۇ چاغدا ئەدلىيە دائىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتدار بولىدۇ. باشقا دائىرىلەر ئۇنى بەك تونۇپ كەتمەيدۇ . ھەربىي ئىشلار مۇپەتتىشى بولسا، مەمۇرى دائىرىلەر ئۇنى بىلمەيدۇ . بۇنىڭدىن چۈشىنىلىدۇكى، ﷲنىڭ پۈتۈن سەلتەنەت دائىرىلىرىدە پەرىشتىدىن چىۋىن ۋە ئۆمۈچۈككىچە  ھەربىر تائىپە ئۇنى تونۇيدۇ، بىلىدۇ ۋە ياكى بىلدۈرىلىدۇ . دېمەك، خاتەمەتۇل ئەنبىيا ۋە رەسۇلى رەببىل ئالەمىيندۇر، ھەمدە پۈتكۈل



www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈستىدە پەيغەمبەرلىكنىڭ شۇمۇلى (دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىك تەرپى) بار.

**ئون ئالتىنچى ئىشارەت:**

«ئىرھاسات» دېيىلىدىغان، نۇبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) كېلىشتىن بۇرۇن، ئەمما نۇبۇۋۋەت بىلەن ئالاقىدار بولۇپ مەيدانغا كەلگەن ھەيران قالارلىق ئىشلارمۇ نۇبۇۋۋەتنىڭ دەلىلىدۇر. بۇمۇ ئۈچ قىسىمدۇر:

**بىرىنچى قىسىم:** قۇرئاننىڭ قەتئىي ئايەتلىرى بىلەن؛ تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىگە دائىر بەرگەن خەۋەرلىرىدۇر . شۇنداق، مادەم ئۇ كىتابلار ساماۋىيدۇر، ۋە مادەم ئۇ كىتاب ساھىپلىرى پەيغەمبەرلەردۇر؛ ئەلۋەتتە ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ دىنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ئالەمنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ۋە يەر شارىنىڭ يېرىمىنى ئۆزى كەلتۈرگەن نۇر بىلەن نۇرلاندۇرغان بىر زاتتىن سۆزلىشى زۆرۈر ۋە قەتئىيدۇر . شۇنداق، كىچىك ھادىسىلەرنى خەۋەر بەرگەن ئۇ كىتابلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھادىسىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ھادىسىسىنى خەۋەر بەرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ مادەم بىلبەداھە (چوقۇم) خەۋەر بېرىدۇ، يا دىنلىرىنى بۇزۇلۇشتىن ۋە كىتابلىرىنى ئەمەلدىن قېلىشتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم يالغانغا چىقىرىدۇ، ياكى ئۇ ھەقىقەتلىك زات بىلەن دىنلىرىنىڭ خۇراپاتتىن ۋە بۇزۇلۇشتىن قۇتۇلىشى ئۈچۈن چوقۇم تەستىق قىلىدۇ . ھالبۇكى دوست ۋە دۈشمەننىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن يالغانغا چىقىرىش ئالامىتى ھېچبىر كىتابتا يوقتۇر . ئۇنداق بولسا تەستىق باردۇر . مادەم مۇتلەق بىر سۈرەتتە تەستىق باردۇر ۋە مادەم شۇ تەستىقنىڭ بولىشىنى تەقەززا قىلغان بىر دەلىل ۋە ئاساسلىق بىر سەۋەب باردۇر . بىزمۇ ئۇ تەستىقنىڭ بارلىقىغا دەلالەت قىلغان ئۈچ قەتئىي ھۆججەتنى ئىسپات قىلىمىز:

***بىرىنچى ھۆججەت :*** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قۇرئاننىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا دەيدۇكى: «كىتابلىرىڭلاردا مېنىڭ سۈپەتلىرىم ۋە مېنى تەستىق قىلغان بايانلار بار. مەن دەۋا قىلغان نەرسىلەردە، كىتابلىرىڭلار مېنى تەستىق قىلىدۇ.»

﴿قُلْ فَأْتُوا بِالتَّوْرَيةِ فَاتْلُو هَا اِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ ❀ قُلْ تَعَالَوْا نَدْعُ اَبْنَاءَنَا وَاَبْنَاءَكُمْ وَنِسَاءَنَا وَنِسَاءَكُمْ وَاَنْفُسَنَا وَاَنْفُسَكُمْ ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَلْ لَعْنَةَ اللّٰهِ عَلَى الْكَاذِبِينَ﴾ دەك ئايەتلەر بىلەن ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. «تەۋراتىڭلارنى ئەكىلىڭلار، ئوقۇڭلار، ئاندىن كېلىڭلار؛ بىز بالا- چاقلىرىمىزنىمۇ ئېلىپ، جانابى ھەقنىڭ دەرگاھىغا قول

ئېچىپ، يالغانچىلارغا لەنەت بىلەن دۇئا قىلىمىز!» دەپ، داۋاملىق ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇرغان تۇرۇقلۇق، ھېچبىر يەھۇدىي ئالىم ياكى ناسرانى (خرىستىئان) بىر پوپ ئۇنىڭ خاتاسىنى كۆرسىتەلمىدى. ئەگەر كۆرسەتكەن بولسا، ناھايىتى كۆپ بولغان، بەكمۇ جاھىل ۋە ھەسەتخور بولغان كاپىرلار، مۇناپىق يەھۇدىيلار ۋە پۇتكۇل كۇفۇر ئالەمى ھەر تەرەپتە ئېلان قىلىپ جار سالغان بولاتتى. ھەم دېگەن: « يا خاتالىقىمنى تېپىڭلار، ياكى سىلەر بىلەن ئۆلگۈچە جىھاد قىلىمەن!» ھالبۇكى ئۇلار ئۇرۇشنى، پەرىشانلىقنى ۋە ھىجرەتنى ئىختىيار قىلىشتى. دېمەك خاتاسىنى تاپالمىدى . بىر خاتالىق بولغان بولسا، ئۇلار قۇتۇلاتتى...

***ئىككىنچى مۆجىزە :*** تەۋرات، ئىنجىل ۋە زەبۇرنىڭ ئىبارىلىرى قۇرئاندەك مۆجىزىلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەم توختىماي تەرجىمە ئۈستىگە تەرجىمە قىلىنغانلىقتىن، نۇرغۇن يات سۆزلۈكلەر ئىچىگە كىردى. ۋە ئىزاھچىلىرىنىڭ سۆزلىرى ۋە خاتا تەئۋىللىرى (شەرھىلىرى) ئۇلارنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىلدى . ھەمدە بەزى نادانلارنىڭ ۋە بەزى غەرەزكارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىمۇ قوشۇلغان بولدى . شۇ شەكىلدە بۇ كىتابلاردا بۇزۇلۇش، ئۆزگەرتىلىشلەر كۆپەيدى . ھەتتا شەيخ رەھمەتۇللاھى ھىندى (مەشھۇر ئەللامە) يۈزلىگەن بۇزغۇنچىلىقلار مىقدارىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ئەسىرنىڭ ئالىمى ۋە مۇتەبەر كىتابلىرىنىڭ مىڭلارچە يېرىدىكى بۇزغۇنچىلىقلارنى پوپلارغا، ھەمدە يەھۇدىي ۋە ناسارا ئالىملىرىغا ئىسپات قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى . مانا بۇ قەدەر بۇزغۇنچىلىقلار بىلەن بىللە بۇ زاماندىمۇ مەشھۇر ھۈسەيىنى جىسرىي (رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ) ئۇ كىتابلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دائىر يۈز ئون تۆت دەلىلنى چىقىرىپ، «رىسالەئى ھەمىدىيە»دە يازغان. ئۇ رىسالىنى ماناستىرلىق مەرھۇم ئىسمايىل ھەققى تەرجىمە قىلغان. كىم ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرسە بولىدۇ.

ھەم نۇرغۇن يەھۇدىي ۋە ناسارا ئالىملىرى: «كىتابلىرىمىزدا مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۈپەتلىرى يېزىلغان » دەپ ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلغان. شۇنداق، مۇسۇلمان بولمىغان باشتا مەشھۇر رۇم پادىشاھلىرىدىن ھىرەقىل ئېتىراپ قىلغان. « شۇنداق، ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ.» دېگەن.

ھەم رۇم پادىشاھى مۇقەۋقىس نامىدا مىسىر ھاكىمى ھەمدە يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئىبنى سۇرىيا، ئىبنى ئەختەب ۋە قېرىندىشى كەئىب ئىبنى ئەسەد، زۇبەير بىن باتىيا قاتارلىق مەشھۇر ئالىم ۋە رەئىسلەر مۇسۇلمان بولمىغان تۇرۇقلۇق، «شۇنداق، كىتابلىرىمىزدا ئۇنىڭ سۈپەتلىرى بار، ئۇنىڭدىن سۆزلەيدۇ.» دەپ ئىقرار قىلغان.

ھەم يەھۇدىيلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ھەم ناسارالارنىڭ مەشھۇر پوپلىرىدىن، يۇقىرىقى كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن جاھىللىقنى تاشلاپ ئىمانغا كەلگەن زاتلار، سۈپەتلىرىنى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا كۆرسەتكەندۇر، ھەمدە باشقا يەھۇدىي ۋە ناسرانى ئالىملىرىنى ئۇنىڭ بىلەن قايىل قىلغاندۇر . مەسىلەن : مەشھۇر ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ۋەھەب ئىبنى مۇنەببىھ، ئەبى ياسىر ۋە شامۇل (بۇ زات يەمەن پادىشاھى تۇببەئ زامانىدا ياشىغانىدى. تۇببەئ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن غەيبىي ئىمان كەلتۈرگىنىدەك، بۇ زاتمۇ شۇنداق ئىمان كەلتۈرگەن.) ۋە سەئيەنىڭ ئىككى ئوغلى بولغان ئەسىد ۋە سەئلەبەدۇركى، ئىبنى ھەيبان دېيىلگەن بىر ئۆلىما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن بەنى نەدىر قەبىلىسىگە مېھمان بولغان ۋاقىتتا قَرِيبٌظُهُورُنَبِيٍّهذَادَارُهِجْرَتِهِ دېگەن ۋە ئۇ يەردە ۋاپات بولغان . كېيىن بۇ قەبىلە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقىتتا ئەسىد ۋە سەئلەبە مەيدانغا چىقىپ ئۇ قەبىلىگە: «وَاللّٰهِهُوَالَّذِىعَهَدَاِلَيْكُمْفِيهِابْنُهَيْبَان يەنى: ئىبنى ھەيبان خەۋەر بەرگەن زات بۇدۇر، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما ئۇلار قۇلاق سېلىشمىدى ۋە بالالىرىنى تاپتى.

ھەم يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئىبنى بۇنيامىن، مۇخەيرىق كەئبۇل ئەھباردەك كۆپلىگەن يەھۇدىي ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى كىتابلىرىدا كۆرگەنلىكتىن، ئىمان ئېيتقان ۋە باشقا ئىمان ئېيتمىغانلارنىمۇ قايىل قىلغاندۇر.

ھەم ناسارا ئالىملىرىدىن ئالدىنقى ئىشارەتلەردە تىلغا ئېلىنغان بۇھەيرائى راھىبدۇركى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تاغىسى بىلەن شامغا بارغان ۋاقىتتا ئون ئىككى يېشىدا ئىدى . بۇھەيرائى راھىب ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن قۇرەيشىيلەرنى تەكلىپ قىلغان . ئۇ كارۋانغا سايە تاشلاپ كېلىۋاتقان بۇلۇتنىڭ ھېلىھەم كارۋاننىڭ چۈشكەن جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. «دېمەك مەن ئىزدىگەن ئادەم ئۇ يەردە قاپتۇ!» دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۇنىمۇ كەلتۈرۈپتۇ . ئەبۇ تالىبقا: « سەن مەككىگە قايتىپ كەت! يەھۇدىيلار ھەسەتخوردۇر، بۇنىڭ سۈپەتلىرى تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغاندۇر، خائىنلىق قىلىدۇ» دېگەن.

ھەم نەستۇرۇل ھەبەشە ۋە ھەبەش رەئىسى بولغان نەجاشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى كىتابلىرىدا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، بىللە ئىمان ئېيتقان.

ھەم دەغاتىر ئىسىملىك بىر مەشھۇر ناسرانى ئالىمى ئۇ سۆپەتلەرنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان ۋە رۇملار ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن، ھەمدە شېھىد قىلىنغان.

ھەم ناسرانى رەئىسلىرىدىن ھارىس ئىبنى ئەبى شۇمەرىل غەسانىي ۋە شامنىڭ بۈيۈك دىنىي رەئىسلىرى ۋە پادىشاھلىرى، يەنى ساھىبى ئىلىيا، ھىرەقىل، ئىبنى ناتۇر ۋە جارۇتتەك مەشھۇر زاتلار كىتابلىرىدا سۆپەتلىرىنى كۆرگەن ۋە ئىمان ئېيتقان. ئەمما ھىرەقىل دۇنيا سەلتەنىتى ئۈچۈن ئىمانىنى ئاشكارىلىمىغان.

ھەم بۇلارغا ئوخشاش سەلمانى فارىسىيمۇ بۇرۇن ناسرانى ئىدى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۆپەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ئىزدىگەن.

ھەم تەمىم ئىسىملىك مۇھىم بىر ئالىم، ھەم ھەبەش رەئىسى مەشھۇر نەجاشى، ھەم ھەبەش ناساراسى، ھەم نەجران پوپلىرى ئومۇمەن بىرلىككە كېلىپ خەۋەر بېرىدۇكى: « بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆپەتلىرىنى كىتابلىرىمىزدا كۆردۇق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان ئېيتتۇق.»

***ئۈچىنچى ھۆججەت :*** بىر نەمۇنە سۈپىتىدە تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇرنىڭ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا ئائىت ئايەتلىرىنىڭ بىر قانچە نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتىمىز:

**بىرىنچىسى:** زەبۇردا شۇنداق بىر ئايەت بار:

اَللّٰهُمَّ ابْعَثْ لَنَا مُقِيمَ السُّنَّةِ بَعْدَ الْفَتْرَةِ «مۇقىمۇس سۈننە» بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىدۇر.

**ئىنجىلنىڭ ئايىتى:**

قَال الْمَسِيحُ اِنِّى ذَاهِبٌ اِلَى اَبِى وَاَبِيكُمْ لِيَبْعَثَ لَكُمُ الْفَارَقْلِيطَا يەنى: «مەن كېتىمەن، شۇندىلا سىلەرگە فارەقلىت كېلىدۇ.» يەنى، ئەھمەد (مۇھەممەد) كېلىدۇ.

**ئىنجىلنىڭ يەنە بىر ئايىتى :**

اِنِّى اَطْلُبُ مِنْ رَبِّى فَارَقْلِيطًا يَكُونُ مَعَكُمْ اِلَى اْلاَبَدِ يەنى، « مەن رەببىمدىن بىر فارەقلىت (ھەقنى باتىلدىن ئايرىيدىغان بىر پەيغەمبەرنى) تەلەپ قىلىمەنكى، ئۇ سىلەر بىلەن ئەبەدكىچە قەدەر بىللە بولىدۇ.» فارەقلىت، اَلْفَارِقُ بَيْنَ الْحَقِّ وَ الْبَاطِلِ مەنىسىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇ كىتابلاردىكى ئىسمىدۇر.

**تەۋراتنىڭ ئايىتى:**

اِنَّ اللّٰهَ قَالَ لِاِبْرَاهِيمَ اِنَّ هَاجَرَ تَلِدُ وَيَكُونُ مِنْ وَلَدِهَا مَنْ يَدُهُ فَوْقَ الْجَمِيعِ وَيَدُالْجَمِيعِ مَبْسُوطَةٌ اِلَيْهِ بِالْخُشُوعِ

**يەنى: «ھەزرەتى ئىسمائىلنىڭ ئانىسى بولغان ھاجەر ئەۋلاد ساھىبى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن شۇنداق بىرسى چىقىدۇكى، ئۇ بالىنىڭ قولى ھەممىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ ۋە ھەممىنىڭ قولى مۇھەببەت ۋە ئىتائەت بىلەن ئۇنىڭغا ئېچىلىدۇ.»**

**تەۋراتنىڭ ئىككىنچى بىر ئايىتى:**

**وقَالَ يَا مُوسَى اِنِّى مُقِيمٌ لَهُمْ نَبِيًّا مِنْ بَنِى اِخْوَتِهِمْ مِثْلَكَ وَ اُجْرِى قَوْلِى فِى فَمِهِ وَالرَّجُلُ الَّذِى لاَيَقْبَلُ قَوْلَالنَّبِىِّ الَّذِى يَتَكَلَّمُ بِاِسْمِى فَاَنَا اَنْتَقِمُ مِنْهُ**

يەنى: «بەنى ئىسرائىلنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان بەنى ئىسمائىلدىن ساڭا ئوخشاش بىرىنى ئەۋەتىمەن. مەن سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالىمەن. مېنىڭ ۋەھىيىم بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇنى قوبۇل قىلمىغانغا ئازاپ بېرىمەن.»

**تەۋراتنىڭ ئۈچىنچى بىر ئايىتى:**

قَالَ مُوسَى رَبِّ اِنِّى اَجِدُ فِى التَّوْرَيةِ اُمَّةً هُمْ خَيْرُ اُمَّةٍ اُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ يَاْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَ يُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ فَاجْعَلْهُمْ اُمَّتِى قَالَ تِلْكَ اُمَّةُ مُحَمَّدٍ

**ئەسكەرتىش:** مۇھەممەد ئىسمى ئۇ كىتابلاردا **مُشَفَّحْ** ، **اَلْمُنْحَمَنَّا** ۋە **حِمْيَاطَا** غا ئوخشاش سۈريانىچە ئىسىملار سۈرىتىدە، «مۇھەممەد» مەنىسىدىكى ئىبرانىچە ئىسىملار بىلەن كەلگەن . ئېنىق مۇھەممەد ئىسمى ئاز. ئېنىق قىسمىنىمۇ ھەسەتخور يەھۇدىيلار ئۆزگەرتىۋەتكەن.

**زەبۇرنىڭ ئايىتى:**

**يَادَاوُدُ يَأْتِى بَعْدَكَ نَبِىٌّ يُسَمَّى اَحْمَدَ وَمُحَمَّدًا صَادِقًا سَيِّدًا   اُمَّتُهُ مَرْ حُومَةٌ**

ھەم ئابدۇللاھ ئىسىملىك يەتتە مەشھۇر ساھابىدىن يۇقىرىقى كىتابلار ئۈستىدە كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس، مەشھۇر يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە مەشھۇر كەئبۇل ئەھبار دېيىلگەن بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بولغان زات، ئۇ زاماندا تېخى كۆپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان تەۋراتتا ئەينەن شۇ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئېلان قىلىپ كۆرسىتىشكەن . ئايەتنىڭ بىر پارچىسى شۇدۇركى، ھەزرەتى مۇساغا خىتاب قىلىغاندىن كېيىن، كېلىدىغان پەيغەمبەرگە خىتابەن شۇنداق دەيدۇ:

**يَا اَيُّهَا النَّبِىُّ اِنَّا اَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا  وَحِرْزًا**

**لْلاُمِّيِّينَ اَنْتَ عَبْدِى سَمَّيْتُكَ الْمُتَوَكِّلَ لَيْسَ بِفَظٍّ وَلاَ غَلِيظٍ**

**وَلاَ صَخَّابٍ فِي اْلاَسْوَاقِ وَلاَ يَدْفَعُ بِالسَّيِّئَةِ السَّيِّئَةَ بَلْ يَعْفُو وَيَغْفِرُ وَلَنْ يَقْبِضَهُ اللّٰهُ حَتَّى يُقِيمَ بِهِ الْمِلَّةَ الْعَوْجَاءَ بِاَنْ يَقُولُوا لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ**

**تەۋراتنىڭ يەنە بىر ئايىتى:**

**مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ مَوْلِدُهُ بِمَكَّةَ وَهِجْرَتُهُ بِطَيْبَةَ وَمُلْكُهُ بِالشَّامِ وَاُمَّتُهُ الْحَمَّادُونَ**

مانا بۇ ئايەتتە «مۇھەممەد» سۆزى مۇھەممەد مەنىسىدىكى سۈرىيانچە بىر ئىسىم بىلەن كەلگەن.

**تەۋراتنىڭ يەنە بىر ئايىتى:**

**اَنْتَ عَبْدِي وَرَسُولِي سَمَّيْتُكَ الْمُتَوَكِّلَ** مانا بۇ ئايەتتە، بەنى ئىسرائىلنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان بەنى ئىسمائىلدىن ۋە ھەزرەتى مۇسادىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرگە خىتاب قىلىدۇ.

**تەۋراتنىڭ يەنە بىر ئايىتى:**

**عَبْدِيَ الْمُخْتَارُ لَيْسَ بِفَظٍّ وَلاَ غَلِيظٍ** بۇ يەردىكى «مۇختار» نىڭ مەنىسى، «مۇستافا»دۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىدۇر.

ئىنجىلدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كېلىدىغان ۋە ئىنجىلنىڭ بىر قانچە ئايىتىدە «ئالەمنىڭ رەئىسى» ئۇنۋانى بىلەن خوشخەۋەر بەرگەن پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە دائىر:

**مَعَهُ قَضِيبٌ مِنْ حَدِيدٍ يُقَاتِلُ بِهِ وَ اُمَّتُهُ كَذٰلِكَ** بۇ ئايەت كۆرسىتىدۇكى: «قىلىچ ساھىبى ۋە جىھادقا ۋەزىپىدار بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ.» قەزىبى ھەدىد قىلىچ دېمەكتۇر . ھەم ئۈممىتىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلىچ ساھىبى، يەنى جىھاد بىلەن ۋەزىپىدار بولىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغان فەتىھ سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى:

**﴿وَ مَثَلُهُمْ فِي اْلاِنْجِيلِ كَزَرْعٍ اَخْرَجَ شَطْاَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ﴾** ئايىتى، ئىنجىلنىڭ يۇقىرىقى ئايىتىگە ئوخشاش، باشقا ئايەتلىرىگىمۇ ئىشارەت قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قىلىچ ساھىبى ۋە جىھادقا ۋەزىپىدار ئىكەنلىكىنى ئىنجىل بىلەن ئىپلان قىلىدۇ.

تەۋراتنىڭ بەشىنچى كىتابىنىڭ ئوتتۇز ئۈچىنچى بابىدا شۇ ئايەت بار: «مۇقەددەس ھەق، تۇرى سىنادىن تەۋەججۇھ (يۈزلىنىپ) بىزگە سائىردىن تۇلۇ قىلدى (تۇغدى) ۋە فاران تاغلىرىدا زاھىر بولدى.»

مانا شۇ ئايەت، «تۇرى سىنادا ھەقنىڭ تەۋەججۇھى» بۆلىكى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە شام تاغلىرىدىن ئىبارەت بولغان «سائىر» دىن «ھەقنىڭ تۇغىشى» بۆلىكى بىلەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى خەۋەر بەرگىنىدەك، بىرلىككە كېلىنگەن ھۆكۈم بىلەن ھىجاز تاغلىرىدىن ئىبارەت بولغان «فاران تاغلىرىدىن» ھەقنىڭ زاھىر (ئاشكارا) بولىشى بۆلىكى بىلەن، قەتئىي شەكىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ . ھەم فەتىھ سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا ﴿ذٰلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَيةِ﴾ ھۆكمىنى تەستىق قىلىپ، تەۋراتتا فاران تاغلىرىدىن زاھىر بولىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ھەققىدە شۇ ئايەت بار : «قۇدسىيلەرنىڭ (ئۇلۇغلارنىڭ) بايراقلىرى يانلىرىدىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىدۇر.» ئۇلارنى «قۇدسىيلەر» نامى بىلەن سۈپەتلەيدۇ . يەنى: «ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇلۇغ، سالىھ ئەۋلىيالاردۇر.»

ئەشئىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىنىڭ قىرىقىنچى بابىدا شۇ ئايەت بار: « ھەق سۇبھانەھۇ ئاخىرزاماندا ئۆزىنىڭ پاكلاشتۇرغۇچى ۋە تاللانغان قۇلىنى ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رۇھۇل ئەمىن ھەزرەتى جىبرىئىلنى ئەۋەتىپ، ئىلاھىي دىنىنى ئۇنىڭغا تەلىم بېرىدۇ . ئۇمۇ رۇھۇل ئەمىنىنىڭ تەلىمى بىلەن، ئىنسانلارغا تەلىم بېرىدۇ، ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھەق بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ . ئۇ بىر نۇردۇر، خەلقنى زۇلمەتلەردىن (قاراڭغۇلۇقلاردىن) چىقىرىدۇ . رەببىڭ ماڭا يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بىلدۈرگەن نەرسىنى مەن سىلەرگە بىلدۈرىۋاتىمەن.»

مانا شۇ ئايەت ناھايىتى ئوچۇق بىر سۈرەتتە، ئاخىرزامان پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

مىشائىل نامى بىلەن ئاتالغان مىخائىل پەيغەمبەرنىڭ كىتابىنىڭ تۆتىنچى بابىدا شۇ ئايەت بار: « ئاخىرزاماندا رەھمەتكە ئېرىشكەن بىر ئۈممەت قائىم بولۇپ، ئۇ يەردە ھەققە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، مۇبارەك تاغنى ئىختىيار قىلىدۇ ۋە ھەر ئىقلىمدىن بولغان نۇرغۇنلىغان خەلق ئۇ يەردە توپلىنىپ، بىر اللهقا ئىبادەت قىلىدۇ . ئۇنىڭغا شىرىك كەلتۈرمەيدۇ.»

مانا بۇ ئايەتتە زاھىر بىر سۈرەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ مۇبارەك تېغى بولغان ئەرەفات تېغىنى ۋە ئۇ يەردە ھەر ئىقلىمدىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ تەكبىر ۋە ئىبادەتلىرىنى، ھەمدە «ئۈممەتى مەرھۇمە» (رەھمەتكە ئېرىشكەن ئۈممەت) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى تەرىپلەيدۇ.

زەبۇرنىڭ يەتمىش ئىككىنچى بابىدا مۇنداق ئايەت بار:

« دىڭىزدىن دىڭىزغا ۋە دەريالاردىن زېمىننىڭ چەكلىرىگىچە مالىك بولىدۇ... ۋە ئۆزىگە يەمەن ۋە جەزايىر دۆلەتلىرى ھەدىيە ئەۋەتىشىدۇ... ھەمدە پادىشاھلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ ۋە بويسۇنىدۇ... ۋە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا سالاۋات ۋە ھەر كۈن ئۆزىگە بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلىنىدۇ... ۋە نۇرلىرى مەدىنەدىن پارلايدۇ... ۋە ئىسمى ئەبەدىل ئەبەد تىلغا ئېلىنىپ داۋام قىلىدۇ... ئۇنىڭ ئىسمى قۇياشنىڭ بار بولىشىدىن ئىلگىرى مەۋجۇتتۇر. ئۇنىڭ نامى قۇياش توختىغىچە يېيىلىدۇ...»

مانا شۇ ئايەت، ناھايىتى ئوچۇق شەكىلدە فەخرى ئالەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى سۈپەتلەيدۇ . ئەجەبا ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، دىنىنى شەرقتىن غەربىكە قەدەر تارقاتقان، ھۆكۈمدارلارنى جىزيەگە باغلىغان ۋە پادىشاھلارنى ئۆزىگە سەجدە قىلغاندەك باش ئەگدۈرگەن، ھەمدە ھەر كۈنى ئىنسانىيەتنىڭ بەشتىن بىرىسىنىڭ سالاۋات (دۇرۇت) ۋە دۇئالىرىنى قازانغان ۋە نۇرلىرى مەدىنىدىن پارلاپ چىققان مۇھەممەد ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن باشقا قايسى پەيغەمبەر بار؟ كىم كۆرسىتەلەيدۇ؟

ھەم تۆركچە يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ ئون تۆتىنچى باب ۋە ئوتتۇزىنچى ئايىتى شۇدۇر: « ئەمدى سىلەر بىلەن كۆپ سۆزلەشمەيمەن، چۈنكى بۇ ئالەمنىڭ رەئىسى كېلىۋاتىدۇ ۋە مەندە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ھېچبىرى يوقتۇر.» بۇنىڭدىكى «ئالەمنىڭ رەئىسى» تەبىرى، «فەخرى ئالەم» دېگەنلىكتۇر. فەخرى ئالەم ئۇنۋانى بولسا مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇنۋانىدۇر.

يەنە يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ ئون ئالتىنچى باب ۋە يەتتىنچى ئايىتى شۇدۇر: «شۇنداق، مەن سىلەرگە ھەقنى سۆزلەۋاتىمەن. مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىقتۇر. چۈنكى مەن كەتمىگىچە، سىلەرگە تەسەللىچى كەلمەيدۇ.» مانا قاراڭلار! ئالەمنىڭ رەئىسى ۋە ئىنسانلارغا ھەقىقي تەسەللى بەرگۈچى بولغان مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن باشقا يەنە كىم بار؟ شۇنداق، فەخرى ئالەم ئۇدۇر ۋە فاني ئىنسانلارنى ئەبەدىي يوقىلىشتىن قۇتقۇزۇپ تەسەللى بەرگەنمۇ ئۇدۇر.

يەنە يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ ئون ئالتىنچى باب، سەككىزىنچى ئايىتى: «ئۇمۇ كەلگەن ۋاقىتتا گۇناھلارنىڭ، سائادەتنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ (شەرھى) بويىچە دۇنيانى يېڭىدۇ.» مانا، دۇنيانىڭ بۇزۇلىشىنى تۈزۈلۈشكە ئېلىپ كەلگەن ۋە گۇناھلاردىن، شىرىكتىن قۇتقۇزغان، ھەمدە دۇنيانىڭ سىياسەت ۋە ھاكىمىيىتىنى

ئۆزگەرتكەن ئادەمدىن مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن باشقا يەنە كىم كەلگەن؟

ھەم يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ ئون ئالتىنچى باب، ئون بىرىنچى ئايەت: «چۈنكى بۇ ئالەمنىڭ رەئىسىنىڭ كېلىشىنىڭ ھۆكۈمى كېلىپ بولدى.» مانا، «ئالەمنىڭ رەئىسى»(ھاشىيە)* ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتنىڭ سەييىدى (خوجىسى) بولغان مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدۇر.

ھەم يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ ئون ئالتىنچى باب، ئون ئۈچىنچى ئايەت: «ئەمما ئۇ ھەق روھى كەلگەن ۋاقتىتا سىلەرنى پۈتۈنلەي ھەقىقەتكە ئىرشاد قىلىدۇ. چۈنكى ئۆزىدىن سۆزلىمەيدۇ. پۈتۈنلەي ئاڭلىغىنىنى سۆزلەيدۇ، بولىدىغان ئىشلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ.» مانا بۇ ئايەت ئېنىقتۇر. ئەجەبا پۈتۈن ئىنسانلارنى ئومۇمەن ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغان ۋە ھەربىر خەۋرىنى ۋەھىيدىن بەرگەن ۋە جەبرائىلدىن ئاڭلىغىنىنى سۆزلىگەن، ھەمدە قىيامەت ۋە ئاخىرەتتىن تەپسىلي خەۋەر بەرگەن، مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن باشقا يەنە كىم بار؟ ۋە كىم بولالايدۇ؟

ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇھەممەد، ئەھمەد، مۇختار مەنىسىدە، سۈريانىيچە ۋە ئىبرانىيچە ئىسىملىرى بار.

ھەزرەتى شۇئەيبنىڭ سەھىپىلىرىدە ئىسمى، مۇھەممەد مەنىسىدە **مُشَفَّحْ** تۇر.

ھەم تەۋراتتا يەنە مۇھەممەد مەنىسىدە: **مُنْحَمَنَّا**، ھەم ھەرەم پەيغەمبىرى مەنىسىدە: **حِمْيَاطَا**. زەبۇردا «ئەلمۇختار» ئىسمى بىلەن ئاتالغاندۇر. يەنە تەۋراتتا **اَلْخَاتَمُ الْخَاتَمْ**، ھەم تەۋراتتا ۋە زەبۇردا: **مُقِيمُ السُّنَّةِ**، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرى ۋە تەۋراتتا **مازماز** دۇر. ھەم تەۋراتتا **اَحْيَدْ** دۇر.

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام:

**اِسْمِى فِى الْقُرْآنِ مُحَمَّدٌ وَفِى اَلاِنْجِيلِ اَحْمَدُ وَفِى التَّوْرَيةِ اَحْيَدُ** دېگەن. ھەم ئىنجىلدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى **صَاحِبُ الْقَضِيبِ**

*(ھاشىيە): شۇنداق، ئۇ زات شۇنداق بىر رەئىس ۋە سۇلتاندۇركى، بىر مىڭ ئۈچيۈز ئەللىك يىلدا ۋە كۆپىنچە ئەسىرلەردىن ھەربىر ئەسىردە ئاز دېگەندە ئۈچيۈز ئەللىك مىليون ئەگەشكۈچىسى ۋە خەلقى بار. مۇكەممەل تەسلىمىيەت ۋە بويسۇنۇش بىلەن، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ھەر كۈن ئۇنىڭغا سالام يوللاش بىلەن بەيئەتنى يېڭىلايدۇ.

**وَالْهِرَاوَةِ** يەنى: «قىلىچ ۋە ھاسا ئىگىسى»دۇر . شۇنداق، قىلىچ ساھىبى بولغان پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەڭ بۈيۈكى، ئۈممىتى بىلەن بىللە جىھاد قىلىشقا ۋەزىپىدار بولغىنى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللامدۇر . يەنە ئىنجىلدا «تاج ساھىبى» دۇر. شۇنداق، «تاج ساھىبى» ئۇنۋانى رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللامغا مەخسۇستۇر. تاج، سەللە دېگەنلىكتۇر . بۇرۇنقى زاماندا مىللەتلەر ئىچىدە، پۈتۈن خەلقى سەللە ۋە ئىقال (باغ) يۈگگەنلەر ئەرەب قەۋمىدۇر. ئىنجىلدا: **صَاحِبُ التَّاجْ** قەتئىي شەكىلدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللام دېگەنلىكتۇر.

ھەم ئىنجىلدا **اَلْبَارَقْلِيطْ** ياكى **اَلْفَارَقْلِيطْ** دۇركى، ئىنجىل تەپسىرلىرىدە «ھەق ۋە باتىلنى بىر- بىرىدىن ئايرىغان ھەقپەرەست» مەنىسى بېرىلگەنكى، كېيىن كېلىدىغان ئىنسانلارنى ھەققە دەۋەت قىلىدىغان زاتنىڭ ئىسمىدۇر.

ئىنجىلنىڭ يەنە بىر يېرىدە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «مەن كېتىمەن، شۇندىلا دۇنيانىڭ رەئىسى كېلىدۇ.» دېگەن. ئەجەبا ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن دۇنيانىڭ رەئىسى بولىدىغان، ھەمدە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان، ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا ئىنسانلارنى ئىرشاد قىلىدىغان رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللامدىن باشقا يەنە كىم كەلدى؟ دېمەك، ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە دائىما خۇشخەۋەر بېرىپ: «بىرسى كېلىدۇ، ماڭا ئېھتىياج قالمايدۇ . مەن ئۇنىڭ بىر مۇقەددىمىسى ۋە خۇشخەۋەرچىسىمەن.» دېگەن. شۇ ئايەتى كەرىممۇ: ﴿**وَاِذْقَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَابَنِى اِسْرَائِيلَ اِنِّى رَسُولُ اللّٰهِ اِلَيْكُمْ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَىَّ مِنَ التَّوْرَيةِ وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأْتِى مِنْ بَعْدِى اسْمُهُ اَحْمَدُ**﴾ (ھاشىيە)* شۇنداق، ئىنجىلدا ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە كۆپ قېتىم خۇشخەۋەر بەرگەن . ئىنسانلارنىڭ

*(ھاشىيە): **أُمَّتُهُ الْحَمَّادُونَ** مەشھۇر سەييياھ ئەۋلىيا چەلەبىھەزرەتى شەمئۇنى سافانىڭ مەقبەرىسىدە، كىيىك تېرىسىدە يېزىلغان ئىنجىلى شەرىفتە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇغان . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللام ھەققىدە نازىل بولغان ئايەت : **ايتون** بىر ئوغلان، **ازربيون** يەنى: ئىبراھىم نەسلىدىن بولىدۇ . **پروفتون** پەيغەمبەر بولىدۇ . **لوغسلين** يالغانچى بولمايدۇ . **بنت** ئۇنىڭ **افزولات** تۇغۇلغان يېرى مەككە بولىدۇ . **كە كالوشير** سالىھلىق بىلەن كېلىدۇ. **تونومنين** ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمى **مواميت**(*) ئەھمەد مۇھەممەد بولىدۇ . **اسفدوس** ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر، **تاكرديس** بۇ دۇنيانىڭ خوجىسى بولىدۇ . **بيستبيث** مۇ، ئۇ دۇنيانىڭ خوجىسى بولىدۇ.

(*) بۇ «مەۋامىت» كەلىمىسى «مەمەد»تىن ۋە «مەمەد»مۇ «مۇھەممەد»تىن ئۆزگىرىپ كەتكەن.

ئەڭ مۇھىم بىر رەئىسى كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ زاتنىمۇ بەزى ئىسىملار بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇ ئىسىملار ئەلۋەتتە سۇرىيانىيچە ۋە ئىبرانىيچىدۇر. ئەھلى تەھقىق شۇنداق كۆرگەن . ئۇ ئىسىملار، «ئەھمەد، مۇھەممەد، فارىقۇن بەينەل ھەققى ۋەلباتىل» مەنىسىدىدۇر. دېمەك ئىيسا ئەلەيھىسسالام، ئەھمەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن بىشارەت بەرگەن.

**سوئال:** ئەگەر دېسەڭ: « نېمىشقا ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەر پەيغەمبەردىن زىيادە خۇشخەۋەر بەرگەن، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىپادىلىرىدە بولسا، پەقەتلا خەۋەر بار، خۇشخەۋەر تەرزى ئاز؟»

**جاۋاب:** چۈنكى، ئەھمەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ يالغانغا چىقىرىشىدىن، ئېغىر تۆھمەتلىرىدىن ۋە دىنىنىمۇ مۇدھىش بۇزغۇنچىلىقلاردىن قۇتقۇزۇش بىلەن بىللە، بۇ زات ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تونىمىغان بەنى ئىسرائىلنىڭ قىيىن شەرىئىتى ئورنىغا، ئاسان ۋە مۇجەسسەم، ھەمدە ئەھكام بويىچە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنىڭ نوقسانلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر ئالىي شەرىئەتكە ساھىپتۇر. مانا بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قېتىم، « ئالەمنىڭ رەئىسى كېلىدۇ! » دەپ خۇشخەۋەر بەرگەن.

تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇردا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سەھىپىلىرىدە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئاخىردا كېلىدىغان بىر پەيغەمبەردىن سۆزلەنگەن . بىر قىسىم نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك نۇرغۇن ئايەتلەر بار . ھەم كۆپلىگەن ئىسىملار بىلەن ئۇ كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان. ئەجەبا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئايەتلەردە تەكرار- تەكرار تىلغا ئېلىنغان ئاخىرزامان پەيغەمبىرى ھەزرەتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن باشقا كىم بولالايدۇ؟...

**ئىككىنچى قىسىم:ئىرھاسات**دېيىلگەن پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىدىن مەقسەت شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن، فەترەت زامانىدا* كاھىنلار، ھەم ئۇ زامانىنىڭ قىسمەن ئەۋلىيا ۋە ئارىفى بىللاھ (ئۆلىما) بولغان ئىنسانلىرى، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەن ۋە خەۋەرلىرىنى تاراتقان. شېئىرلىرى بىلەن كېلىدىغان ئەسىرلەرگە قالدۇرغان. ئۇلار كۆپتۇر . بىز سىيەر ۋە تارىخ ئەھلى نەقىل ۋە قوبۇل قىلغانلىرىنىڭ مەشھۇر بولغان ۋە تارالغانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىمىز.

---

*فەترەت زامانى: پەيغەمبەرسىز قالغان ۋە ھەق شەرىئەت ھۆكۈملىرى يوقالغان غەپلەت دەۋرى. - ت

مەسىلەن: يەمەن پادىشاھلىرىدىن تۇببەئ ئىسىملىك بىر پادىشاھ، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى بۇرۇنقى كىتابلاردا كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان . مۇنداق بىر شېئىرنى ئېيتقان:

**شَهِدْتُ عَلَى اَحْمَدَ اَنَّهُ رَسُولٌ مِنَ اللّٰهِ بَارِى النَّسَمِ**

**فَلَوْ مُدَّ عُمْرِى اِلَى عُمْرِهِ لَكُنْتُ وَزِيرًا لَهُ وَابْنَ عَمٍّ**

يەنى: « مەن ئەھمەدنىڭ (ئە.س.ۋ) پەيغەمبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمەن. مەن ئۇنىڭ زامانىغىچە ياشىيالىسام، ئۇنىڭغا ۋەزىر ياكى نەۋرە تۇغقىنى بولاتتىم.» (يەنى، ئەلىگە ئوخشاش ئۇنىڭغا پىدائىي بىر خادىم بولاتتىم.)

**ئىككىنچىسى:** مەشھۇر قۇس ئىبنى سەئىدەدۇركى، ئەرەب قەۋمىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋە مۇھىم خاتىبى، ئەھلى تەۋھىد ۋە قەلبى ھەقىقەتكە ئوچۇق بىر زاتتۇر . مانا بۇ زاتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى شۇ شېئىر بىلەن ئېيتقان:

**اَرْسَلَ فِينَا اَحْمَدَ خَيْرَ نَبِىٍّ قَدْ بُعِثَ ✿ صَلَّى عَلَيْهِ اللّٰهُ مَا عَجَّ لَهُ رَكْبٌ وَ حُثَّ**

**ئۈچىنچىسى:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەجدادىدىن بولغان كەئب ئىبنى لۇئەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى ئىلھام ئەسەرى سۈپىتىدە شۇنداق ئېيتقان:

**عَلَى غَفْلَةٍ يَأْتِى النَّبِىُّ مُحَمَّدٌ فَيُخْبِرُ اَخْبَارًا صَدُوقًا خَبِيرُهَا**

يەنى: « غەپلەت ئۈستىگە مۇھەممەد پەيغەمبەر كېلىدۇ، توغرا خەۋەرلەرنى بېرىدۇ.»

**تۆتىنچىسى:** يەمەن پادىشاھلىرىدىن سەيف ئىبنى زىيەزەن، بۇرۇنقى كىتابلاردا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا مۇشتاق (خۇشتار) بولغان. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب يەمەنگە قۇرەيش كارۋىنى بىلەن بارغان ۋاقتىدا، سەيف ئىبنى زىيەزەن ئۇلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا: **اِذَا وُلِدَ بِتِهَامَةَ وَلَدٌ بَيْنَ كَتْفَيْهِ شَامَةٌ كَانَتْ لَهُ اْلاِمَامَةُ وَاِنَّكَ يَا عَبْدَ الْمُطَّلِبِ لَجَدُّهُ** دەپتۇ. يەنى: «ھىجازدا بىر بالا دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىسىدا تامغىغا ئوخشاش بىر بەلگە بار. ئۇ بالا پۈتۈن ئىنسانلارغا ئىمام بولىدۇ!» كېيىن ئابدۇلمۇتتەلىبنى يوشۇرۇن چاقىرىپ، «ئۇ بالىنىڭ بوۋىسى سەن بولىسەن.» دەپ كارامەتلىك شەكىلدە نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن خەۋەر بەرگەن...

**بەشىنچىسى:** ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل (خەدىجەئى كۇبرانىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدىن بىرى) يېڭى ۋەھىي كەلگەندە، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام جىددىيلىشىپ كەتكەن. خەدىجەئى كۇبرا ئۇ ھادىسىنى مەشھۇر ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلگە بايان قىلىپ بەرگەن. ۋەرەقە، «ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەت!» دېگەن. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ۋەرەقەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ۋەھىي چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى سۆزلەپ بەرگەن. ۋەرەقە:

**بَشِّرْ يَا مُحَمَّدُ اِنِّى اَشْهَدُ اَنَّكَ اَنْتَ النَّبِىُّ الْمُنْتَظَرُ وَبَشَّرَ بِكَ عِيسَى**

يەنى: «جىددىيلەشمە، ئۇ ھالەت ۋەھىيدۇر. ساڭا خۇشخەۋەر! سەن كۈتىلىۋاتقان پەيغەمبەرسەن! ئىيسا سەندىن بشارەت بەرگەن.»

**ئالتىنچىسى:** ئەسقەلانىۇل ھىميەرى نامدىكى ئارىفى بىللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن، قۇرەيشىيلەرنى كۆرگەن ۋاقىتتا: «ئىچىڭلاردا نۇبۇۋۋەت دەۋاسى قىلغانلار بارمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئۇلار: «يوق» دەيتتى. نۇبۇۋۋەت كەلگەن ۋاقىتتا يەنە سورىغان . ئۇلار: «بار، بىرى نۇبۇۋۋەت دەۋاسى قىلىۋاتىدۇ.» دېگەن. ئۇ: «مانا، ئالەم ئۇنى ساقلاۋاتاتتى.» دېگەن.

**يەتتىنچىسى:** ناسارا ئالىملىرىدىن ئىبنى ئەلا، رەسۇلۇللاھقا نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن ۋە پەيغەمبەرنى كۆرمەي تۇرۇپ خەۋەر بەرگەن. نۇبۇۋۋەت كەلگەندىن كېيىن ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى كۆرگەن ۋە شۇنداق دېگەن:

**وَالَّذِى بَعَثَكَ بِالْحَقِّ لَقَدْ وَجَدْتُ صِفَتَكَ فِى ٱلاِنْجِيلِ وَبَشَّرَ بِكَ ابْنُ الْبَتُولِ**

يەنى: « مەن سېنىڭ سۈپىتىڭنى ئىنجىلدا كۆرۈپ ئىمان ئېيتقان . ئىبنى مەريەم (ھەزرەتى ئىيسا) ئىنجىلدا سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى خۇشخەۋەر بەرگەن.»

**سەككىزىنچىسى:** ئالدىنقى ئىشارەتلەردە سۆزلەنگەن ھەبەش پادىشاھى نەجاشى شۇنداق دېگەن: **لَيْتَ لِى خِدْمَتَهُ بَدَلاً عَنْ هذِهِ السَّلْطَنَةِ** يەنى: «كاشكى شۇ پادىشاھلىقنىڭ ئورنىغا مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ خىزمەتكارى بولغان بولسام . ئۇ خىزمەتكارلىق سەلتەنەتتىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى.»

ئەمدى، ﷲنىڭ ئىلھامى بىلەن غەيبتىن خەۋەر بەرگەن بۇ ئارىفلاردىن كېيىن، غەيبتىن روھ ۋە جىن ۋاستىسى بىلەن خەۋەر بەرگەن **كاھىنلارنىڭمۇ** ناھايىتى ئېنىق شەكىلدە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ۋە نۇبۇۋۋىتىنى خەۋەر بەرگەنلىكىنى سۆزلەيمىز . ئۇلار كۆپتۇر. بىز ئۇلاردىن

مەشھۇرلىرىنى ۋە مەنىۋى تەۋاتۇر ھۆكمىگە ئۆتكەن، ھەمدە كۆپىنچە تارىخ ۋە سىيەردە نەقىل قىلىنغان بىر قانچىسىنى سۆزلەيمىز . ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قىسسەلىرىنى ۋە سۆزلىرىنى سىيەر كىتابلىرىغا ھاۋالە قىلىپ، پەقەت قىسقىچە بايان قىلىمىز.

**بىرىنچىسى:** شىق ئىسىملىك مەشھۇر بىر كاھىندۇركى، بىر كۆزى، بىر قولى، بىر پۇتى بار ئىكەن. خۇددى بىر يېرىم ئىنسان... مانا بۇ كاھىنىنىڭ، مەنىۋى تەۋاتۇر دەرىجىسىدە قەتئىي بىر سۈرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋاسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى قايتا- قايتا خەۋەر بەرگەنلىكى تارىخلاردا قەيت قىلىنغان.

**ئىككىنچىسى:** مەشھۇر شام كاھىنى سەتىھتۇركى، سۆڭەكسىز، خۇددى ئەزاسىز بىر تەن، يۈزى كۆكسى ئىچىدە، ئاجايىب بىر مەخلۇق، ھەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بىر كاھىندۇر. غەيبتىن بەرگەن توغرا خەۋەرلىرى، ئۇ زاماندىكى ئىنسانلار ئارىسىدا شۆھرەت تاپقان . ھەتتا كىسرا (يەنى پارس پادىشاھى) كۆرگەن ئاجايىب بىر چۈشىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ۋاقتىدا ساراييىنىڭ ئون تۆت دانە تۈۋرىكىنىڭ تاج قىسمىنىڭ يىقىلىش سىرىنى سەتىھتىن سوراش ئۈچۈن مۇيزان دېيىلىدىغان ئالىم بىر ئەلچىسىنى ئەۋەتكەن. سەتىھ: « سىلەردىن ئون تۆت ئادەم پادىشاھ بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن سەلتەنەتىڭلار يوقىلىدۇ. ھەم بىرسى كېلىپ دىن ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ زات سىلەرنىڭ دىن ۋە دۆلىتىڭلارنى يوقىتىدۇ! » مەنىسىدىكى گەپلەرنى دەپ كىسراغا خەۋەر ئەۋەتكەن. مانا شۇ سەتىھ، ئېنىق بىر سۈرەتتە ئاخىرزامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىشىنى خەۋەر بەرگەن.

ھەم كاھىنلاردىن سەۋاد ئىبنى قەرىب دەۋسى، خۇنافىر، ئەفئاسىيە، نەجران، جىزل ئىبنى جىزلىل كىندى، ئىبنى خەلەسەت دەۋسى ۋە فاتىمە بىنتى نوئمانى نەججارىيەدەك مەشھۇر كاھىنلار، سىيەر ۋە تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغىنىدەك، ئاخىرزامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ پەيغەمبەرمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن.

ھەم ھەزرەتى ئوسماننىڭ تۇغقانلىرىدىن سەئد ئىبنى بىنتى كۇرەيز كاھىنلىق ۋاستىسى بىلەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى غەيبتىن خەۋەر ئالغان. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھەزرەتى ئوسمانى زىننۇرەيىنگە: « سەن بېرىپ ئىمان ئېيت.» دېگەن. ئوسمان ئۇ ۋاقىت كەلگەن، ئىمان ئېيتقان. دەل شۇ سەئد ئۇ ۋەقەنى مۇنداق شېئىر بىلەن سۆزلىگەن:

**هَدَى اللّٰهُ عُثْمَانًا بِقَوْلِي اِلَى الَّتِي بِهَا رُشْدُهُ وَاللّٰهُ يَهْدِي اِلَى الْحَقِّ**

ھەم كاھىنلاردەك «ھاتىف» دېيىلىدىغان، ئۆزى كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان جىنلار، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىنى تەكرار- تەكرار خەۋەر بەرگەن. مەسىلەن:

زەيياب ئىبنۇل ھارىسكە جىننىي ھاتىف مۇنداق دەپ توۋلىغان، ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەب بولغان:

**يَاذَيَابُ يَاذَيَابُ اِسْمَعِ الْعَجَبَالْ عُجَابَ**

**بُعِثَ مُحَمَّدٌ بِالْكِتَابِ يَدْعُو بِمَكَّةَ فَلاَ يُجَابُ**

يەنە بىر جىننىي ھاتىف، سامىئە ئىبنى قەررەتىل غەتەفانىيگە مۇنداق دەپ توۋلىغان بەزىلەرنى ئىمانغا كەلتۈرگەن:

**جَاءَالْحَقُّ فَسَطَعَ وَدُمِّرَ بَاطِلٌ فَانْقَمَعَ**

بۇ ھاتىفلەرنىڭ بىشارەتلىرى ۋە خەۋەرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر ۋە مەشھۇردۇر.

ھەم كاھىنلار، ھاتىفلەر خەۋەر بەرگىنىدەكلا، بۇتلارمۇ، ئۇ بۇتلار ئۈچۈن قىلىنغان قۇربانلىقلارمۇ رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى خەۋەر بەرگەن. مەسىلەن:

مەشھۇر قىسسەلەردىن بىرى شۇكى، مازەن قەبىلىسىنىڭ بۇتى ۋارقىراپ: **هٰذَا النَّبِيُّ الْمُرْسَلُ جَاءَ بِالْحَقِّ الْمُنْزَلِ** دەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى خەۋەر بەرگەن. ھەم ئاببەاس ئىبنى مىرداسنىڭ مۇسۇلمان بولىشىغا سەۋەبچى بولغان مەشھۇر ۋەقە شۇدۇركى، ئۇنىڭ دىمار ئىسىملىك بىر بۇتى بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ بۇتتىن مۇنداق ئاۋاز كەپتۇ:

**اَوْدَى ضِمَارُ وَكَانَ يُعْبَدُ مُدَّةً قَبْلَ الْبَيَانِ مِنَ النَّبِيِّ مُحَمَّدٍ** يەنى: «مۇھەممەد كېلىشتىن بۇرۇن ماڭا ئىبادەت قىلىناتتى. ئەمدى مۇھەممەدنىڭ بايانى كەلدى. ئەمدى ئۇ زالالەت بولماسلىقى كېرەك.»

ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بۇتقا قىلىنغان قۇربانلىقتىن مۇنداق سۆزنى ئاڭلىغانىكەن:

**يَا آلَ الذَّبِيحِ اَمْرٌ نَجِيحٌ رَجُلٌ فَصِيحٌ يَقُولُ لاَاِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ**

مانا بۇ نەمۇنىلەرگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن ۋەقەلەر بار، ئىشەنچلىك كىتابلار قوبۇل قىلىپ، نەقىل قىلىشقان.

كاھىنلار، ئارىفى بىللاھلار، ھاتىفلەر، ھەتتا بۇتلار ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنى خەۋەر بەرگىنىدەك ۋە ئۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەربىرىمۇ بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ ئىمانىغا سەۋەب بولغىنىدەك،

بەزى تاشلار ئۈستىدە، قەبرىلەردە ۋە قەبرىلەرنىڭ مازار تاشلىرىدا قەدىمقى يېزىقلار بىلەن يېزىلغان **مُحَمَّدٌ مُصْلِحٌ اَمِينٌ** دەك ئىبارىلەر تېپىلغان. ئۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر ئىمان ئېيتقان.

شۇنداق، قەدىمقى يېزىقلار بىلەن بەزى تاشلارغا يېزىلغان **مُحَمَّدٌ مُصْلِحٌ اَمِينٌ** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدىن ئىبارەتتۇر . چۈنكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇ زامانغا يېقىن مەزگىللەردە پەقەتلا يەتتە مۇھەممەد ئىسمى بار، باشقىسى يوق. ئۇ يەتتە ئادەمنىڭ ھېچبىر جەھەتتە « مۇسلىھى ئەمىن» تەبىرىگە لاياقىتى يوق.

**ئۈچىنچى قىسىم:** ئىرھاساتتىن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام تۇغۇلغان ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن ھەيران قالارلىق ئىشلار ۋە ھادىسىلەردۇر. ئۇ ھادىسىلەر ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئالاقىدار بىر سۈرەتتە ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ھەم پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇنقى بەزى ھادىسىلەر باركى، توغرىدىن توغرا ئۇنىڭ بىردىن مۆجىزىسىدۇر. بۇلار كۆپتۇر. نەمۇنە سۈپىتىدە، مەشھۇر بولغان ۋە ھەدىس ئىماملىرى قوبۇل قىلغان ۋە ساغلاملىقى جەزىملەشتۈرۈلگەن بىر قانچە نەمۇنىنى بايان قىلىمىز:

**بىرىنچىسى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كېچىدە، ھەم ئانىسى، ھەم ئانىسىنىڭ يېنىدا بولغان ئوسمان ئىبنى ئاسنىڭ ئانىسى، ھەم ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئانىسى كۆرگەن ئەزىم بىر نۇردۇركى، ئۈچىلىسى شۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ۋاقىتتا شۇنداق بىر نۇر كۆردۇقكى، ئۇ نۇر شەرق ۋە غەربنى بىزگە يورۇتتى.»

**ئىككىنچىسى:** ئۇ كېچىدە كەئبىدىكى بۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى يىقىلغان.

**ئۈچىنچىسى:** مەشھۇر كىسرانىڭ ئايۋىنىنىڭ (يەنى مەشھۇر سارىيىنىڭ) ئۇ كېچىدە تەۋرىنىپ يېرىلىشى ۋە ئون تۆت تۈۋرۈكىنىڭ تاج قىسمىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدۇر.

**تۆتىنچىسى:** ساۋانىڭ مۇقەددەس سانىلىپ كەلگەن كىچىك كۆلىنىڭ ئۇ كېچىدە پېتىشى ۋە ئىستەخىر ئابادتا مىڭ يىلدىن بېرى ياندۇرۇلۇپ قويۇلغان، ئۆچمىگەن، مەجۇسىيلار (ئوتپەرەسلەر) مەبۇد دەپ قاراپ كەلگەن ئوتنىڭ پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان كېچىدە ئۆچۈپ قېلىشى قاتارلىقلار... مانا بۇ ئۈچ-تۆت ھادىسە ئىشارەت قىلىدۇكى، ئۇ يېڭى دۇنياغا كەلگەن زات ئاتەشپەرەستلىكنى (ئوتپەرەستلىكنى) يوقىتىدۇ. پارس سەلتەنىتىنىڭ سارىيىنى پارچىلايدۇ. ﷲنىڭ ئىزنى (رۇخستى) بىلەن بولمىغان نەرسىلەرنى مۇقەددەس دەپ بىلىشتىن مەنئىي قىلىدۇ.

**بەشىنچىسى:** گەرچە پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان كېچىدە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ كېچىگە ناھايىتى يېقىن بولۇش جەھەتى بىلەن، تۆۋەندىكى ھادىسىلەرمۇ ئىرھاساتى ئەھمەدىيەدۇر:

﴿اَلَمْ تَرَكَيْفَ﴾ سۈرىسىدە قەتئىي ھالدا بايان قىلىنغان «پىل ۋەقەسى»دۇركى، كەئبىنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئەبرەھە ئىسىملىك ھەبەش پادىشاھى فىلى مەھمۇدى ئىسىملىك غايەت زور بىر پىلنى ئالدىغا سېلىپ كەلگەن. مەككىگە ئاز قالغاندا پىل ماڭغىلى ئۇنىمىغان. باشقا ئامال قىلالماي قايتىپ كېتىشكەن . ئەبابىل قۇشلىرى ئۇلارنى مەغلۇپ ۋە پەرىشان قىلىۋەتكەن . بۇ ئاجايىپ قىسسە تارىخ كىتابلىرىدا تەپسىلاتى بىلەن مەشھۇردۇر . مانا بۇ ھادىسىمۇ، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىنىڭ دەلىللىرىدىندۇر . چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىشىغا ئاز قالغاندا، قىبلىسى، تۇغۇلغان يېرى ۋە سۆيۈملۈك ۋەتىنى بولغان كەئبەئى مۇكەررەمە، غەيبىي ۋە ھەيران قالارلىق بىر شەكىلدە ئەبرەھەنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلغان.

**ئالتىنچىسى:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كىچىك چاغلىرىدا، ھەلىمەئى سەئدىيەنىڭ يېنىدىكى ۋاقىتتا، ھەلىمە ۋە ھەلىمەنىڭ يولدىشىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن؛ قۇياش بىئارام قىلماسلىقى ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر بۇلۇت پارچىسىنىڭ ئۇنىڭغا سايە چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە خەلققە سۆزلەپ بەرگەن. ھەمدە ئۇ ۋەقە ساغلاملىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان.

ھەم ئون ئىككى يېشىدا شام تەرەپكە بارغان ۋاقىتتا، بۇھەيرائى راھىبنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن، بىر پارچە بۇلۇت رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە كۆرسەتكەن.

ھەم يەنە، نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىر قېتىم خەدىجەئى كۇبرانىڭ مەيسەرە ئىسىملىك خىزمەتكارى بىلەن تىجارەتتىن كەلگەن ۋاقىتتا، خەدىجەئى كۇبرا رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بېشىدا، ئىككى پەرىشتىنىڭ بۇلۇت شەكلىدە سايە چۈشۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۆز خىزمەتكارى بولغان مەيسەرەگە دېگەن

مەيسەرەمۇ خەدىجەئى كۇبراغا: « پۈتۈن سەپىرىمىزدە مەنمۇ مۇشۇنداق كۆرگەنىدىم» دېگەن.

**يەتتىنچىسى:** سەھىھ نەقىل بىلەن تۇراقلىقتۇركى، نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغان، ئۇ

يەر تاقىر ئىكەن، بىردىنلا يېشىللەنگەن، دەرەخنىڭ شاخلىرى ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئىگىلىپ، ئۇنىڭغا سايە تاشلىغان.

**سەككىزىنچىسى:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام كىچىك ۋاقتىدا، ئەبۇ تالىبنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئەبۇ تالىب بالا- چاقىلىرى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن تاماق يېسە، قورساقلىرى تويىاتتى . قاچانكى ئۇ زات تاماقتا ئۇلار بىلەن بولمىسا، ئۇلارنىڭ قورساقلىرى تويمايتتى . شۇ ھادىسە ھەم مەشھۇردۇر، ھەم قەتئىيدۇر.

ھەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا، ئۇنى باققان ۋە خىزمىتىنى قىلغان ئۇمىمۇ ئەيمەن شۇنداق دېگەن: «رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مەيلى كىچىكلىكىدە بولسۇن، ياكى چوڭ بولغاندا بولسۇن، ھېچقاچان ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن شىكايەت قىلىپ باقمىدى.»

**توققۇزىنچىسى:** ئىنكىئانىسى بولغان ھەلىمەئى سەئدىيەنىڭ مېلى ۋە ئۆچكىلىرىنىڭ سۈتىنىڭ، قەبىلىسىدىكىلەرگە ئوخشىمىغان شەكىلدە ناھايىتى بەرىكەتلىك ۋە كۆپ بولىشىدۇر . بۇ ۋەقە ھەم مەشھۇردۇر، ھەم قەتئىيدۇر.

ھەم ئۇنى چىۋىن بىئارام قىلمايتتى. ئۇنىڭ مۇبارەك تېنىگە ۋە كىيىملىرىگە قونمايتتى. ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان سەييىد ئابدۇلقادىر گەيلانىغىمۇ (قۇددىسە سىررۇھۇ) ئەجدادى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ھالەت ئىرسىيەت قالغان ئىدىكى، ئۇنىڭغىمۇ چىۋىن قونمايتتى.

**ئونىنچىسى:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇ تۇغۇلغان كېچىدە، يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشىنىڭ كۆپىيىشىدۇركى، شۇ ھادىسە ئون بەشىنچى سۆزدە دەلىللىرى بىلەن قەتئىييەن ئىسپات قىلىنغىنىمىزدەك، ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى، شەيتانلار ۋە جىنلارنىڭ غەيبىي خەۋەرلەردىن كېسىلگەنلىكىگە ئالامەت ۋە ئىشارەتتۇر. مادەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ۋەھيي بىلەن دۇنياغا چىقتى، ئەلۋەتتە ۋەھيىگە بىر شۈبھە ئارىلىشىپ قالماسلىقى ۋە ۋەھيىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كاھىنلارنىڭ ۋە غەيبىتىن خەۋەر بەرگەنلەرنىڭ ۋە جىنلارنىڭ چالا- پۇچۇق، يالغانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن خەۋەرلىرىگە چەك قويۇش لازىمدۇر.

شۇنداق، نۇبۇۋۋەت كېلىشتىن بۇرۇن كاھىنلىق كۆپ ئىدى. قۇرئان نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا خاتىمە بەردى . ھەتتا كۆپلىگەن كاھىنلار ئىمان ئېيتتى. چۈنكى، جىنلار تائىپىسىدىن بولغان خەۋەرچىلىرىنى ئۇنىڭدىن كېيىن تاپالمىدى. دېمەك قۇرئان ئۇلارغا خاتىمە بەردى. ھازىر بولسا، ئۇ بۇرۇنقى زامانىدىكى

كاھىنلاردەك، مەديۇم شەكلىدە بىر تۈرلۈك كاھىنلىق ياۋرۇپادا ئىسپىرتىزماچىلارنىڭ ئىچىدە باش كۆتۈرۈپتۇ . ھازىرچە تېمىمىزدىن يىراقلىمايلى.

**خۇلاسە:** رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتىدىن بۇرۇن نۇبۇۋۋىتىنى تەستىق قىلغۇزغان ۋە تەستىق قىلغان نۇرغۇن ۋەقەلەر ۋە بەكمۇ كۆپ زاتلار ئوتتۇرىغا چىققان.

**شۇنداق، دۇنياغا مەنەن رەئىس بولىدىغان(ھاشىيە)*، دۇنيانىڭ مەنىۋى شەكلىنى ئۆزگەرتىدىغان، دۇنيانى ئاخىرەتكە ئېتىز قىلىپ كۆرسىتىدىغان، دۇنيانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ قەدر-قىممەتلىرىنى ئېلان قىلىدىغان، جىن ۋە ئىنسانلارغا ئەبەدىي سائادەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىدىغان، فانىي بولغان جىن ۋە ئىنسانلارنى ئەبەدىي ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغان، دۇنيانىڭ يارىتىلىش ھىكمىتىنى ۋە چۈشىنىلمەس تىلسىم ۋە سىرلىرىنى ئاچىدىغان، كائىنات خالىقىنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىدىغان ۋە بىلدۈرىدىغان، ھەمدە ئۇ ياراتقۇچىنى تونۇپ، ھەممىگە تونۇتتۇرىدىغان بىر زات؛ ئەلۋەتتە، ئۇ تېخى كەلمەستىن ھەر نەرسە، ھەر تۈر، ھەر تائىپە، ئۇنىڭ كېلىشىنى سۆيىدۇ ۋە كۈتىدۇ؛ قارشى ئالىدۇ ۋە ئالقىشلايدۇ . ھەمدە ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن بىلدۈرۈلسە، ئۇمۇ بىلدۈرىدۇ.**
يۇقىرىقى ئىشارەتلەردە ۋە مىساللاردا مەخلۇقاتنىڭ ھەربىر تۈرى گويا ئۇنى قارشى ئالغاندەك ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋە مۆجىزە تىلى بىلەن نۇبۇۋۋىتىنى تەستىق قىلىدىغانلىقىنى كۆردۇق...

**ئون يەتتىنچى ئىشارەت:**

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ قۇرئاندىن كېيىن ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىسى، **ئۆزىنىڭ زاتىدۇر**. يەنى: ئۇنىڭدا مۇجەسسەم بولغان ئالىي ئەخلاقىدۇركى، ھەربىر خىسلەتتە ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىدە ئىكەنلىكىدە دوست ۋە دۈشمەن بىرلىككە كەلگەندۇر. ھەتتا شىجائەت قەھرىمانى بولغان ھەزرەتى ئەلى تەكرار- تەكرار: «جەڭ شىددەتلىك بولغان چاغلاردا بىز رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئارقىسىدا پاناھلىناتتۇق» دەيتتى. ۋەھاكازا... پۈتۈن

---

*(ھاشىيە) : شۇنداق، سۇلتانى لەۋلاك لەۋلاكە (ئە.س.ۋ) شۇنداق بىر رەئىستۇركى، بىر مىڭ ئۈچيۈز ئەللىك يىلدىن بېرى سەلتەنىتى داۋاملىشىۋاتىدۇ . بىرىنچى ئەسىردىن كېيىن ھەربىر ئەسىردە كەم دېگەندە ئۈچيۈز ئەللىك مىليون ئەگەشكۈچىسى ۋە خەلقى بار. يەر شارىنىڭ يېرىمىنى بايرىقىنىڭ ئاستىغا ئالغان، ھەمدە ئەگەشكۈچىلىرى كامالى تەسلىمىيەت بىلەن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى سالاتۇ- سالام بىلەن بەيئىتىنى يېڭىلاپ، ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ .

ماختىلىدىغان ئەخلاقلاردا ئەڭ يۇكسەك ۋە يېتىشكىلى بولمايدىغان بىر دەرىجىگە ساھىب ئىدى. شۇ چوڭ مۆجىزىسىنى، مەغرىب ئەللامەسى قازى ئىيازنىڭ شىفائى شەرىفىگە ھاۋالە قىلىمىز. ھەقىقەتەن ئۇ زات، ئۇ ماختىلىدىغان ئەخلاقلار مۆجىزىسىنى ئىنتايىن گۈزەل شەكىلدە بايان قىلىپ ئىسپات قىلغان. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى بۈيۈك، ھەمدە دوست ۋە دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تەستىق قىلىنغان بىر مۆجىزىسى ئۇنىڭ **ئەزىم شەرىئىتىدۇركى،** ئۇنىڭ ئوخشىشى كېلىپ باقمىغان ۋە كەلمەيدۇ . شۇ بۈيۈك مۆجىزىنىڭ قىسمەن بايانىنى پۈتۈن يېزىلغان ئوتتۇز ئۈچ سۆز، ئوتتۇز ئۈچ مەكتۇپ، **ئوتتۇز بىر لەمئا ۋە ئون ئۈچ شۇئاغا ھاۋالە قىلىمىز...**

ھەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ مۇتەۋاتىر ۋە قەتئىي بولغان چوڭ بىر مۆجىزىسى **«ئاينىڭ پارچىلىنىشى»دۇر.** شۇنداق، ئاينىڭ پارچىلانغانلىقى كۆپ يوللار بىلەن، مۇتەۋاتىر بىر سۈرەتتە ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئىمامى ئەلى، ئەنەس، ھۇزەيفەلەردەك نۇرغۇنلىغان چوڭ ساھابىلەر ئوخشىمىغان يوللار بىلەن خەۋەر بېرىش بىلەن بىللە، قۇرئاندىكى ﴿**اِقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ**﴾ (قەمەر:1) ئايىتى، ئۇ چوڭ مۆجىزىنى ئالەمگە ئېلان قىلغاندۇر. ئۇ زاماننىڭ جاھىل قۇرەيش مۇشرىكلىرى، شۇ ئايەت بەرگەن خەۋەرنى ئىنكار قىلىپ قارشى چىقمىغان . بەلكى پەقەتلا « سېھىردۇر» دېيىشكەن. دېمەك، كافىرلار نەزىرىدىمۇ ئاينىڭ پارچىلانغانلىقى قەتئىيدۇر. شۇ بۈيۈك مۆجىزىنى ئاينىڭ پارچىلانغانلىقىغا دائىر يېزىلغان ئوتتۇز بىرىنچى سۆزگە زەيل (قوشۇمچە) بولغان «شەققى قەمەر» رىسالىسىگە ھاۋالە قىلىمىز.

ھەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، يەر ئاھالىسىگە ئاينىڭ پارچىلانغانلىق مۆجىزىسىنى كۆرسەتكىنىدەك، ساماۋات ئاھالىسىگىمۇ بۈيۈك **مىئراج** مۆجىزىسىنى كۆرسەتكەن . مىئراج دېيىلگەن شۇ بۈيۈك مۆجىزىنى ئوتتۇز بىرىنچى سۆز بولغان «**مىئراج رىسالىسى**»گە ھاۋالە قىلىمىز. چۈنكى ئۇ رىسالە، ئۇ بۈيۈك مۆجىزىنىڭ نەقەدەر نۇرانىي، ئالىي ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى قەتئىي دەلىللەر بىلەن ھەتتا دىنسىزلارغا قارشىمۇ ئىسپات قىلغاندۇر. بۇ يەردە پەقەتلا، مىئراج مۆجىزىسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان بەيتۇل مۇقەددەس ساياھىتى ۋە ئەتىگەندە قۇرەيش قەۋمىنىڭ ئۇنىڭدىن بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ تەسۋىرىنى تەلەپ قىلغاندا ھاسىل بولغان بىر مۆجىزىنى سۆزلەيمىز:

مىئراج كېچىسىنىڭ ئەتىگىنىدە، مىئراجنى قۇرەيشلەرگە خەۋەر بەردى. قۇرەيشلەر يالغانغا چىقاردى . ئۇلار: «ئەگەر بەيتۇل مۇقەددەسكە بارغان

بولساڭ، بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئىشىكلىرىنى، تاملىرىنى ۋە ئەھۋاللىرىنى بىزگە تەسۋىرلەپ باق!» دېيىشتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالام ۋەسسالام دېدىكى:

**فَكَرَبْتُ كَرْبًا لَمْ اَكْرُبْ مِثْلَهُ قَطُّ فَجَلَّى اللّٰهُ لِى بَيْتَ الْمَقْدِسِ وَكَشَفَ الْحُجُبَ بَيْنِى وَبَيْنَهُ حَتَّى رَاَيْتُهُ فَنَعَتُّهُ وَاَنَا اَنْظُرُ اِلَيْهِ**

يەنى: «ئۇلارنىڭ يالغانغا چىقىرىشلىرىدىن ۋە سوئاللىرىدىن ئىنتايىن سىقىلدىم. ھەتتا ھېچقاچان ئۇنداق سىقىلىپ باقمىغان ئىدىم. بىردىنلا جانابى ھەق بەيتۇل مۇقەددەسنى ماڭا كۆرسەتتى . مەنمۇ بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ، ھەر نەرسىسىنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم.» مانا شۇ چاغدا قۇرەيشلەر ئۇنىڭ بەيتۇل مۇقەددەستىن توغرا ۋە مۇكەممەل خەۋەر بەرگەنلىكىنى كۆرۈشتى...

ھەم رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام قۇرەيشلەرگە: «يولدا كېتىۋاتقىچە سىلەرنىڭ بىر كارۋىنىڭلارنى كۆردۈم. كارۋىنىڭلار ئەتە پالانى ۋاقىتتا يېتىپ كېلىدۇ.» دېگەن . ئاندىن ھەممەيلەن ئۇ كارۋانغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان. كارۋان بىر سائەت كېچىكىپ قالغان . رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ خەۋىرىنىڭ توغرا چىقىشى ئۈچۈن، ئەھلى تەھقىقنىڭ تەستىقى بىلەن، قۇياش بىر سائەت تۇرغان. يەنى يەر شارى ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا چىقىرىش ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى، ساياھىتىنى بىر سائەت توختاتقان ۋە ئۇ توختاشنى قۇياشنىڭ تۇرۇشى بىلەن كۆرسەتكەن. **مانا، مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ بىر سۆزىنىڭ تەستىق قىلىنىشى ئۈچۈن، چوڭ يەر شارى ۋەزىپىسىنى تەرك قىلىدۇ؛ يوغان قۇياش شاھىت بولىدۇ. بۇنداق بىر زاتنى تەستىق قىلمىغان ۋە ئەمرىنى تۇتمىغاننىڭ نە دەرىجىدە** بەدبەخت ئىكەنلىكىنى... ۋە ئۇنى تەستىق قىلىپ ئەمرىگە ﴿سَمِعْنَاوَاَطَعْنَا﴾ دېگەنلەرنىڭ نەقەدەر بەختىيار ئىكەنلىكىنى چۈشەن، **اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلَى الْاِيمَانِ وَالْاِسْلاَمِ** دە.

**ئون سەككىزىنچى ئىشارەت:**

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەبەدىي، ھەمدە يۈزلەرچە نۇبۇۋۋەت مۆجىزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە قىرىق جەھەت بىلەن مۆجىزىلىكى ئىسپات قىلىنغان بىر مۆجىزىسىمۇ، **قۇرئانى ھەكىمدۇر**. مانا بۇ چوڭ مۆجىزىسىنىڭ بايانىغا دائىر «يىگىرمە بەشىنچى سۆز» تەخمىنەن يۈز ئەللىك بەت بىلەن، قىرىق مۆجىزىلىك تەرىپىنى ئىخچام ھالدا بايان ۋە ئىسپات قىلغاندۇر . ئۇنداقتا شۇ مۆجىزىلەر ئامبىرى بولغان چوڭ مۆجىزىنى ئۇ سۆزگە ھاۋالە قىلىپ، پەقەتلا ئىككى- ئۈچ نۇكتەنى بايان قىلىمىز:

**بىرىنچى نۇكتە:ئەگەر دېيىلسە:** قۇرئانىنىڭ مۆجىزىسى بالاغەتتىدۇر*. ھالبۇكى پۈتۈن تەبىقىنىڭ ئۇ مۆجىزىدىن نىسىۋىلىرىنى ئېلىش ھەقلىرى بار. لېكىن بالاغەتتىكى مۆجىزىنى پەقەتلا مىڭدا بىر بولغان مۇھەققىق ئالىملار چۈشىنەلەيدۇ؟...

**جاۋاب:** قۇرئانى ھەكىمنىڭ ھەر تەبىقىگە قارىتا بىر تۈرلۈك مۆجىزىسى بار. ۋە بىر تەرزدە مۆجىزىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

**مەسىلەن:** ئەھلى بالاغەت ۋە پاساھەت تەبىقىسىگە قارىتا بالاغەتتىكى ھەيران قالارلىق مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ . ھەمدە شائىرلار ۋە خاتىپلار تەبىقىسىگە قارىتا ئۆزگىچە، گۈزەل، يۈكسەك بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئۇسلۇپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياققان تۇرۇقلۇق، ھېچكىم ئۇنى تەقلىد قىلالمايدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى ئۇ ئۇسلۇبنى قېرىتالمايدۇ، دائىما ياش ۋە ساپتۇر. شۇنداق ئىنتىزاملىق نەسرىي ۋە قاپىيەلىك بىر باياندۇركى، ھەم ئالىي ھەم تاتلىقتۇر. ھەمدە كاھىنلار ۋە غەيبتىن خەۋەر بەرگەنلەر تەبىقىسىگە قارىتا ھەيران قالارلىق غەيبىي خەۋەرلىرىدىكى مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەمدە تارىخ ۋە ئالەم ھادىسىلىرى ئىلىملىرىنىڭ ئالىملىرىغا قارىتا قۇرئاندىكى خەۋەرلەر ۋە بۇرۇنقى ئۇممەتلەرنىڭ ھادىسىلىرى ۋە ئەھۋاللىرى، شۇنداقلا كېلەچەككە، قەبرىگە ۋە ئاخىرەتكە ئائىت ۋەقەلەردىكى مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ . جەمئىيەتشۇناسلارغا ۋە سىياسىيونلارغا قارىتا قۇرئانىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرىدىكى مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ . شۇنداق، ئۇ قۇرئاندىن چىققان ئەزىم شەرىئەت ئۇ مۆجىزىنىڭ سىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھەم ئىلاھىي مەرىپەت، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتى بىلەن كۆپ مەشغۇل بولىدىغان تەبىقىگە قارىتا ئىچىدە بولغان مۇقەددەس ئىلاھىي ھەقىقەتلىرىدىكى مۆجىزىنى كۆرسىتىدۇ ياكى بۇ خىل مۆجىزىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ . ھەمدە تەرىقەت ۋە ۋەلايەت ئەھلىگە قارىتا قۇرئانىنىڭ بىر دېڭىزدەك دائىما مەۋج ئۇرىۋاتقان ئايەتلىرىنىڭ سىرلىرىدىكى مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەھاكازا...

قىرىق تەبىقىدىن ھەر تەبىقىگە قارىتا بىر دېرىزە ئاچىدۇ، مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ . ھەتتا، پەقەتلا قۇلىقى بولغان، مەنىنى قىسمەن چۈشىنەلەيدىغان ئاۋام تەبىقىسىگە قارىتا، قۇرئانىنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن باشقا كىتابلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى قۇلاق ئىگىسى بولغان ئادەم تەستىق قىلىدۇ ۋە ئۇ ئاۋام

* بالاغەت: خىتاب قىلىنغان كىشىلەرگە قارىتا ئۇيغۇن، ئىنتىزاملىق، ھەقىقەتلىك ۋە گۈزەل سۆز قىلىش سەنئىتى؛ ئەھۋالنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ سۆز سۆزلەش.-ت



uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەبىقسىدىن بولغان ئادەم دەيدۇكى: « يا بۇ قۇرئان بىز ئاڭلاپ باققان پۈتۈن كىتابلارنىڭ تۆۋىنىدە. بۇنى ھېچبىر دۈشمەنىمۇ دېيەلمەيدۇ . ھەمدە يۇز دەرىجە ئىمكانسىزدۇر. ئۇنداق بولسا، بىز ئاڭلاپ باققان پۈتۈن كىتابلارنىڭ يۇقىرىسىدا . ئۇنداقتا ئۇ مۆجىزىدۇر.» مانا بۇ قۇلاق ئىگىسى بولغان ئاۋاملار ئىدراك قىلغان مۆجىزىنى ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن قىسمەن ئىزاھلايمىز. يەنى:

قۇرئانى مۆجىزۇلبايان مەيدانغا چىققان ۋاقىتتا پۈتۈن ئالەمگە جەڭ ئېلان قىلدى ۋە ئىنسانلاردا ئىككى شىددەتلىك ھېس ئويغاتتى:

**بىرى**، دوستلىرىدا تەقلىد قىلىش ھېسسى؛ يەنى، سۆيۈملۈك قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىغا قارىتا، ئۇنىڭغا ئوخشاشقا تىرىشىش ئارزۇسى ۋە ئۇنىڭدەك سۆزلەش ھېسسى...

**ئىككىنچىسى**، دۈشمەنلەردە بىر تەنقىد ۋە قارشىلىشىش ھېسسى؛ يەنى، قۇرئان ئۇسلۇبىغا قارشى تۇرۇش بىلەن، مۆجىزە دەۋاسىنى ئاقتۇرماسلىق ھېسسى.

مانا بۇ ئىككى شىددەتلىك ھېس بىلەن ئەرەپچە مىليونلارچە كىتابلار يېزىلدى، ھەممىسى مەيداندا. ھازىر پۈتۈن بۇ كىتابلارنىڭ ئەڭ بالاغەتلىكلىرى، ئەڭ پاساھەتلىكلىرى قۇرئان بىلەن بىللە ئوقۇلغان ۋاقىتتا، كىم ئاڭلىسا قەتئىييەن دەيدۇكى، قۇرئان بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايدۇ . دېمەك قۇرئان بۇلار بىلەن بىر دەرىجىدە ئەمەس. ئۇنداقتا، قۇرئان يا ھەممىسىنىڭ تۆۋىنىدە بولىشى كېرەك. بۇنداق بولىشى يۇز دەرىجە ئىمكانسىز بولۇش بىلەن بىللە، ھېچكىم، ھەتتا شەيتان بولسىمۇ بۇنداق دېيەلمەيدۇ. (ھاشىيە)* ئۇنداقتا قۇرئانى مۆجىزۇلبايان، يېزىلغان پۈتۈن كىتابلارنىڭ ئۈستىدىدۇر.

ھەتتا، مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەن ساۋاتسىز ۋە ئاۋام تەبىقسىدىكى بىر ئادەمگىمۇ زېرىكتۈرمەسلىك بىلەن مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق، ئۇ ئاۋام تەبىقسىدىكى ئادەم دەيدۇكى: « ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەشھۇر بېيىتنى ئىككى- ئۈچ قېتىم ئاڭلىسام مېنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ . ئەمما قۇرئان ھېچ زېرىكتۈرمەيدۇ، ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەستۇر.»

ھەم ئۇنى يادلاشقا تىرىشقان باللار تەبىقسىگە قارىتامۇ، قۇرئانى ھەكىم ئۇ نازۇك، زەئىپ، كاللىسى ئاددى ۋە بىر بەت كىتابنىمۇ يادىدا تۇتالمايدىغان ئۇ

---

* (ھاشىيە) : يىگىرمە پالتىنچى مەكتۇپنىڭ ئەھمىيەتلىك بىرىنچى قىسمى، شۇ جۈملىنىڭ ھاشىيە ۋە ئىزاھاتىدۇر.

باللارنىڭ كىچىك كالللىرىدا ئۇ بۈيۈك قۇرئاننىڭ، نۇرغۇن يەرلىرىدە ئاسان ئارىلىشىپ كېتىدىغان، بىر- بىرىگە ئوخشايدىغان ئايەتلەر ۋە جۈملىلەر كۆپ بولسىمۇ ناھايىتى ئاسانلا يەرلىششى بىلەن مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەتتا، ئازغىنە سۆزدىن ۋە ۋاراق- چۇرۇكلاردىن ئاسانلا بىئارام بولىدىغان كېسەللەرگە ۋە سەكراتتا ياتقانلارغا قارىتا، قۇرئاننىڭ يىقىملىق ئاۋازى ۋە ساداسى، زەمزەم سۈيىدەك ئۇلارغا خۇش ۋە تاتلىق تۇيۇلىشى جەھەتى بىلەن، بىر تۈرلۈك مۆجىزىسىنى ئۇلارغىمۇ ھېس قىلدۇرىدۇ.

**خۇلاسە:** قۇرئانى ھەكىم قىرىق خىل ئوخشىمىغان تەبىقىگە ۋە ئايرىم- ئايرىم ئىنسانلارغا قىرىق جەھەت بىلەن مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ ياكى مۆجىزىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ . ھېچكىمنى مەھرۇم قويمايدۇ . ھەتتا، پەقەتلا كۆزى بولغان (ھاشىيە)*، قۇلاقسىز، قەلبسىز، ئىلمىسىز تەبىقىگە قارىتامۇ، قۇرئاننىڭ بىر تۈرلۈك مۆجىزە ئالامىتى بار. يەنى:

ھافىز ئوسمان نۇسخىسى ۋە باسمىسى بىلەن بولغان قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىدىكى يېزىلغان سۆزلەر بىر- بىرىگە قارايدۇ. مەسىلەن: كەھف سۈرىسىدە **وَثَامِنُهُمْ كَلْبُهُمْ** كەلىمىسى ئاستىدا ۋاراقلار تىشلىسە، فاتىر سۈرىسىدىكى **قِطْمِيرٍ** كەلىمىسى، كىچىككىنە بىر پەرق بىلەن كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇ ئىتنىڭ ئىسمىمۇ چۈشىنىلىدۇ . ياسىن سۈرىسىدىكى ئىككى **مُحْضَرُونَ** بىر- بىرىگە ئۈستمۇ- ئۈست چۈشىدۇ. سافقات سۈرىسىدىكى **مُحْضَرِينَ** بىلەن **مُحْضَرُونَ** ھەم بىر- بىرىگە ھەم ئۇلارغا قارايدۇ. بىرى تىشلىسە، باشقىلىرى ئازراق سۈرۈلگەن ھالدا كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن: سەبەئ سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا، فاتىر سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئىككى **مَثْنَى** بىر- بىرىگە قارايدۇ. پۈتۈن قۇرئاندىكى ئۈچ **مَثْنَى** نىڭ ئىككىسىنىڭ بىر- بىرىگە قارىشى تاسادىپى ئەمەس. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىساللار نۇرغۇن . ھەتتا بىر كەلىمە، بەش- ئالتە يەردە ۋاراقلار ئارقىسىدا، كىچىككىنە سۈرۈلۈپ كەتكەن ھالدا بىر- بىرىگە قارايدۇ.

---

**(ھاشىيە): قۇرئاننىڭ پەقەتلا كۆزى بولغان، قۇلاقسىز، قەلبسىز تەبىقىگە قارىتا بولغان مۆجىزىلىك تەرىپى بۇ يەردە ناھايىتى قىسقا، ئىخچام ۋە كەم بولۇپ قالغان. ئەمما بۇ مۆجىزىلىك تەرىپى يىگىرمە توققۇزىنچى ۋە ئوتتۇزىنچى مەكتۇپلاردا (*) ئىنتايىن پارلاق ۋە نۇرانىي، زاھىر ۋە ئوچۇق كۆرسىتىلگەندۇر. ھەتتا كور بولسىمۇ كۆرەلەيدۇ. ئۇ مۆجىزىلىك تەرەپنى كۆرسىتىدىغان بىر قۇرئان يازدۇردۇق . ئىنشائاللە نەشىر قىلىنىدۇ، ھەركىم ئۇ گۈزەل تەرەپنى كۆرىدۇ.*

*(*): ئوتتۇزىنچى مەكتۇپ ناھايىتى پارلاق بولىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر ۋە نىيەت قىلىنغانىدى. ئەمما ئورنىنى باشقىسىغا، يەنى «ئىشاراتۇل ئىيجاز»غا بەردى. ئۆزى مەيدانغا چىقمىدى.*

قۇرئاننىڭ بىر- بىرىگە قارىغان ئىككى بېتىدە، بىر- بىرىگە قارىغان جۈملىلىرى قىزىل قەلەم بىلەن يېزىلغان بىر قۇرئانىنى مەن كۆردۈم ۋە شۇ ۋاقىت «شۇ ۋەزىيەتمۇ بىر تۈرلۈك مۆجىزىنىڭ ئالامىتىدۇر.» دېدىم. كېيىن قارىسام، قۇرئاننىڭ ئوخشىمىغان ۋاراقلىرى ئارقىسىدا بىر- بىرىگە قارىغان نۇرغۇن جۈملىلىرى باركى، مەنىدار بىر سۈرەتتە بىر- بىرىگە قارايدۇ . قۇرئاننىڭ رەتلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرشادى بىلەن؛ نەشىر قىلىنغان ۋە بېسىلغان قۇرئانلارمۇ ﷲنىڭ ئىلهامى بىلەن بولغانلىقتىن، قۇرئانى ھەكىمنىڭ يېزىلىشى ۋە ئۇ بېسىلىشىدىمۇ بىر تۈرلۈك مۆجىزىلىك ئالامەتنىڭ ئىشارىتى بار. چۈنكى ئۇ ۋەزىيەت تاسادىپىلىقنىڭ ئىشىمۇ ئەمەس، ئىنسان پىكرىنىڭ ئويلاپ چىقىرىشىمۇ ئەمەستۇر . ئەمما ئۇ يەردىكى بەزى سۈرۈلۈپ كېتىشلەر بېسىلغان چاغدىكى نوقساندۇر . تامامەن ئىنتىزاملىق بولغان بولسا، كەلىمىلەر بىر- بىرىنىڭ ئۈستىگە دەلمۇ- دەل چۈشەتتى.

ھەم قۇرئاننىڭ مەدىنىدە نازىل بولغان مۇتەۋاسسىت (ئوتتۇرىھال) ۋە ئۇزۇن سۈرىلىرىنىڭ ھەربىر بېتىدە «لەفزۇللاھ» («ﷲ» سۆزى) بەك ئاجايىپ بىر شەكىلدە تەكرارلانغان . كۆپىنچىسى يا بەش، يا ئالتە، يا يەتتە، يا سەككىز، يا توققۇز، يا ئون بىر قېتىمدىن تەكرارلىنىش بىلەن بىللە، بىر ۋاراقنىڭ ئىككى يۈزىدە ۋە بىر- بىرىگە ئۇدۇل كەلگەن ئىككى بەتتە، گۈزەل ۋە مەنىدار بولغان سان جەھەتتىن مۇناسىپ كېلىش كۆرۈنىدۇ. (ھاشىيە- 1،2،3،4)*

---

*(ھاشىيە-1 ) : ھەم زىكىر ۋە مۇناجات ئەھلىگە قارىتا، قۇرئاننىڭ زىننەتلىك ۋە قاپىيەلىك سۆزلىرى، پاساھەتلىك ۋە سەنئەتلىك ئۇسلۇبى، ھەمدە ئۆزىگە دىققەتنى تارتىدىغان بالاغەتنىڭ گۈزەللىكلىرى كۆپ بولۇش بىلەن بىللە؛ يۈكسەك ئەستايىدىللىقنى، ئىلاھىي ھوزۇرنى ۋە زېھىننىڭ يىغىلىشنى تەمىنلەيدۇ، بۇزمايدۇ . ھالبۇكى ئۇ تۈرلۈك پاساھەت گۈزەللىكلىرى ۋە سۆز سەنئىتى، نەزم ۋە قاپىيە جىددىيەتنى (ئەستايىدىللىقنى) بۇزىدۇ . ئوشۇقچە نازۇكلۇقنى پۈرىتىدۇ، ھوزۇرنى قاچۇرىدۇ، دىققەت- نەزەرنى چاچىدۇ . ھەتتا مۇناجاتلارنىڭ ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ جىددىيسى، نەزم جەھەتتە ئەڭ يۈكسىكى كۆرۈلگەن، مىسرىنىڭ قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىقنىڭ دەپئى قىلىنىش سەۋەبى بولغان ئىمامى شافىئىنىڭ مەشھۇر بىر مۇناجاتىنى كۆپ قېتىم ئوقۇيتتىم. كۆردۈمكى، بەكمۇ نەزملىك، قاپىيەلىك بولغانلىقى ئۈچۈن مۇناجاتنىڭ يۈكسەك جىددىيلىكنى بۇزىۋەتكەن. سەككىز- توققۇز يىلدىن بېرى زىكرىمدۇر. ھەقىقىي جىددىيەتنى ئۈنىڭدىكى قاپىيە ۋە نەزم بىلەن بىرلەشتۈرەلمىدىم. ئۈنىڭدىن چۈشەندىمكى، قۇرئاننىڭ خاس، فىترىي، ئۆزگىچە بولغان قاپىيەلىرىدىكى نەزم ۋە خىسلەتلەردە بىر تۈرلۈك مۆجىزە باردۇركى، ھەقىقىي جىددىيەتنى ۋە

مۇتلەق ھوزۇرنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، بۇزمايدۇ. مۇناجات ۋە زىكىر ئەھلى، بۇ تۈرلۈك مۆجىزىنى ئەقلىي جەھەتتىن ئىدراك قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، قەلبىي جەھەتتىن ھېس قىلالايدۇ.

*(ھاشىيە-2): **قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىنىڭ مەنىۋىي بىر مۆجىزىلىك سىرى شۇدۇركى، قۇرئان، ئىسمى ئەئزەمگە ئىگە بولغان رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ناھايىتى بۈيۈك ۋە بەكمۇ پارلاق ئىمانىنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادە قىلىدۇ.**

**ھەم مۇقەددەس بىر خەرىتىدەك ئاخىرەت ئالەمىنىڭ ۋە رۇبۇبىيەت ئالەمىنىڭ يۈكسەك ھەقىقەتلىرىنى بايان قىلغان ئىنتايىن بۈيۈك، كەڭرى ۋە ئالىي بولغان ھەق دىنىنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى فىترىي بىر شەكىلدە ئىپادە قىلىدۇ، دەرس بېرىدۇ.**

**ھەم كائىنات خالىقىنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇداتىنىڭ رەببى ئىكەنلىكى بويىچە، چەكسىز ئىززەت ۋە ھەشەمەتى بىلەن بولغان خىتابىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ سۈرەتتىكى قۇرئان ئىپادىسىگە ۋە بۇ تەرزدىكى قۇرئان بايانىغا قارىتا، ﴿قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ اْلاِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى اَنْ يَاْتُوابِمِثْلِ هذَا اْلقُرْآنِ لاَ يَاْتُونَ بِمِثْلِهِ﴾(ئىسرا:88) سىرى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەقلى بىرلىشىپ بىر ئەقىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قارشىسىغا چىقالمايدۇ، ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ . اَيْنَ الثَّرَا مِنَ الثُّرَيَّا چۈنكى، شۇ ئۈچ ئاساس نۇقتىئىنەزىردە، قەتئىييەن ئۇنى تەقلىد قىلغىلى ۋە دورىغىلى بولمايدۇ!...**

*(ھاشىيە-3) : قۇرئانى ھەكىمنىڭ پۈتۈن سەھىپىلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئايەت تامام بولىدۇ. ئاخىرى گۈزەل بىر قاپىيە بىلەن تۈگەيدۇ. بۇنىڭ سىرى شۇدۇركى، ئەڭ چوڭ ئايەت بولغان مۇدايەنە ئايىتى سەھىپىلەر ئۈچۈن؛ ئىخلاس ۋە كەۋسەر سۈرىسى بولسا قۇرلار ئۈچۈن بىر ئۆلچەم دەپ قارالغانلىقتىن، قۇرئانى ھەكىمنىڭ بۇ گۈزەل خاسىيىتى ۋە مۆجىزە ئالامىتى كۆرۈنىدۇ.

*(ھاشىيە-4) : بۇ ماقامنىڭ بۇ قىسمىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، ھەشەمەتلىك ۋە بۈيۈك بولغان، ھەمدە رىسالەئى نۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نۇقتىسىدا ناھايىتى زىنىنەتلىك، سۆيۈملۈك ۋە ئىشتىياقنى ئاشۇرىدىغان كارامەتنىڭ بەك ئاز ۋە قىسمەن بولغان بەزى ۋەزىيەتلىرىگە، قىسقا نەمۇنىلىرىغا ۋە كىچىك ئىشارەتلىرىگە ئالدىراڭغۇلۇق بالاسى بىلەن كۆپايىنىلگەن. ھالبۇكى، ئۇ بۈيۈك ھەقىقەت ۋە ئۇ سۆيۈملۈك كارامەت بولسا، **تەۋافۇق** (دەل كېلىش) نامى ئاستىدا بەش-ئالتە تۈرلىرى بىلەن رىسالەئى نۇرنىڭ كارامەت زەنجىرىنى، قۇرئاننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر تۈرلۈك مۆجىزىسىنىڭ جىلۋىلىرىنى ۋە غەيبىي ئىشارەتلىرىنىڭ بىر ئىشارەت مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. كېيىن، قۇرئاندا «لەفزۇللاھ»نىڭ تەۋافۇقىدىن چىققان بىر مۆجىزە جىلۋىلىرىنى كۆرسىتىدىغان ھەل بىلەن بىر قۇرئان يازدۇرۇلدى . ھەم «رۇمۇزاتى سەمانىيە» نامىدىكى سەككىز كىچىك رىسالە، قۇرئاننىڭ ھەرپلىرىنىڭ تەۋافۇقلىرىدىن چىققان نەپىس مۇناسىۋەتلەرنى ۋە غەيبىي ئىشارەتلىرىنى بايان قىلىپ يېزىلدى . ھەم رىسالەئى نۇرنى تەۋافۇق سىرى بىلەن تەستىق قىلغان، تەقدىرلىگەن ۋە

**ئىككىنچى نۇكتە:** ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا سېھىر راۋاج تاپقانلىقتىن، مۇھىم مۆجىزىلىرى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر شەكىلدە كەلگەنلىكى ۋە ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا تىبابەت ئىلمى راۋاج تاپقانلىقتىن، مۆجىزىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ تۈردىن كەلگەنلىكىدەك، رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ زامانىدىمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھەممىدىن بەك بۇ تۆت نەرسە راۋاج تاپقان:

**بىرىنچىسى:** بالاغەت ۋە پاساھەت.

**ئىككىنچىسى:** شېئىر ۋە خاتىپلىق.

**ئۈچىنچىسى:** كاھىنلىق ۋە غەيبتىن خەۋەر بېرىش.

**تۆتىنچىسى:** ئۆتكەن زامان ھادىسىلىرىنى ۋە كائىنات ۋەقەلىرىنى بىلىش ئىدى.

قۇرئانى مۆجىزۇلبايان كەلگەن ۋاقىتتا، بۇ تۆت تۈرلۈك مەلۇمات ئىگىلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلدى:

باشتا ئەھلى بالاغەتنى پۈتۈنلەي تىز چۆكتۈردى. ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن قۇرئاننى ئاڭلىدى.

ئىككىنچىسى، شائىرلار ۋە خاتىپلار، يەنى نوتۇقنى ياخشى سۆزلەيدىغان ۋە شېئىرنى گۈزەل ئوقۇيدىغانلارغا قارىتا شۇنداق بىر ھەيرانلىق بەردىكى، بارماقلىرىنى چىشلەپ قېلىشتى. ئالتۇن بىلەن يېزىلغان ئەڭ گۈزەل شېئىرلىرىنى ۋە كەئبە تاملىرىغا ئېسىپ چىقىرىلىنىش ئۈچۈن تېپىلغان مەشھۇر «مۇئەللەقاتى سەبئە»لىرىنى چۈشۈرگۈزۈۋەتتى. قىممىتىنى يوقاتقۇزدى.

ھەمدە غەيبتىن خەۋەر بەرگەن كاھىنلار ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. ئۇلارنىڭ غەيبىي خەۋەرلىرىنى ئۇلارغا ئۇنۇتتۇردى. جىنلىرىنى قوغلىۋەتتى . كاھىنلىققا خاتىمە بەردى.

ھەم بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ۋەقەلىرىگە ۋە ئالەم ھادىسىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ۋاقىپ بولغانلارنى خۇراپاتتىن ۋە يالغاندىن قۇتقۇزۇپ، ئۆتكەن زاماننىڭ ھەقىقىي ھادىسىلىرىنى ۋە نۇرلۇق بولغان ئالەم ۋەقەلىرىنى ئۇلارغا دەرس بەردى.

ئالقىشلىغان غەۋسۇل ئەئزەمنىڭ كارامىتى، ھەزرەتى ئەلىنىڭ ئۈچ كارامىتى ۋە قۇرئاننىڭ ئىشارەتلىرى نامىدىكى بەش دانە رىسالە يېزىلدى . دېمەك «مۆئجىزاتى ئەھمەدىيە» نىڭ يېزىلىشىدا ئۇ بۈيۈك ھەقىقەت يىغىنچاق ھالدا ھېس قىلىنغان. ئەمما ئەپسۇسكى، مۆئەللىف پەقەت بىر تىرنىقنىلا كۆرۈپ كۆرسەتكەن ۋە ئارقىسىغا قارىماستىن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالغان .

مانا بۇ تۆت تەبىقە، قۇرئانغا قارىتا بەكمۇ ھەيرانلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ، شاگىرت بولدى. ھېچبىرى، ھېچبىر ۋاقىت بىر سۈرىگىمۇ مۇئارەزىگە (قارشى) چىقالمىدى...

**ئەگەر دېيىلسە:** ھېچكىمنىڭ قارشىلىق بىلدۈرمىگەنلىكىنى ۋە مۇئارەزىگە چىقىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىمىز؟

**جاۋاب:** ئەگەر مۇئارەزىگە چىقىش مۇمكىن بولغان بولسا، چوقۇم تەشەببۇس قىلىناتتى. چۈنكى مۇئارەزىگە چىقىشقا ئېھتىياج شىددەتلىك ئىدى . چۈنكى، دىنلىرى، ماللىرى، جانلىرى، بالا-چاقىلىرى تەھلىكىگە (خەتەرگە) چۈشۈۋاتاتتى. مۇئارەزە بىلدۈرگەن بولسا قۇتۇلاتتى. ئەگەر مۇئارەزىگە چىقىش مۇمكىن بولغان بولسا، چوقۇم مۇئارەزىگە چىققان بولاتتى . ئەگەر چىققان بولسا، ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان كاپىرلار، مۇناپىقلار كۆپ، ھەممە بەك كۆپ بولغانلىقتىن، چوقۇم مۇئارەزىگە تەرەپدار بولۇپ، ھەركىمگە تارقىتاتتى (ئىسلامىيەتكە قارشى نىمە تاپسا تارقاتقاندەكلا). ئەگەر تارقاتقان بولسا ۋە مۇئارەزە بىلدۈرگەن بولسا، چوقۇم تارىخلاردا، كىتابلاردا دەبدەبىلىك شەكىلدە قەيت قىلىناتتى. ھازىر بار بولغان پۈتۈن تارىخلار ۋە كىتابلارنىڭ ھېچبىرىدە مۇسەيلىمەئى كەززابنىڭ بىر قانچە سۆزلىرىدىن باشقا ھېچنىمە يوق . ھالبۇكى قۇرئانى ھەكىم يىگىرمە ئۈچ يىل توختىماستىن جېنىغا تىگىدىغان ۋە تەكەببۇرلىقنى غىدىقلايدىغان بىر شەكىلدە جەڭ ئېلان قىلدى ۋە دېدى:

**«شۇ قۇرئانىنىڭ ئوخشىشىنى مۇھەممەددىل ئەمىندەك بىر ساۋاتسىز تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بېقىڭلار. بۇنى چىقىرالمايسىلەر. بوپتۇ، ئۇ كىشى ساۋاتسىز بولمىسۇن، چوڭ ئالىم ۋە يازغۇچى بولسۇن. بۇنىمۇ قىلالمايسىلەر. بوپتۇ، بىر ئادەم بولمىسۇن، پۈتۈن ئالىملىرىڭلار ۋە بالاغەتچىلىرىڭلار توپلانسۇن، بىر- بىرىگە ياردەم قىلسۇن. ھەتتا ئىشەنگەن ئىلاھلىرىڭلارمۇ سىلەرگە ياردەم قىلسۇن. بوپتۇ بۇنىڭ بىلەنمۇ قىلالمايسىلەر، بۇرۇن يېزىلغان بالاغەتلىك ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، ھەتتا كېلەچەكتىكىلەرنىمۇ ياردەمگە چاقىرىپ، قۇرئانىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. بوپتۇ بۇنىمۇ قىلالمايسىلەر، پۈتۈن قۇرئان بولمىسۇن، پەقەت ئون سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ بېقىڭلار. بوپتۇ، ئون سۈرىسىنىڭ ھەقىقي توغرا بولغان ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيسىلەر، ھېكايىلەردىن، ئاساسسىز قىسسەلەردىن تۈزۈپ چىقىڭلار. پەقەتلا نەزمىگە ۋە بالاغىتىگە ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار. بوپتۇ بۇنىمۇ قىلالمايسىلەر، بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار. بوپتۇ**

**ئۇزۇن سۈرە بولمىسۇن، قىسقا بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار. بولمىسا، دىن، جان، مال، بالا - چاقاڭلار دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ تەھلىكىگە (ھالاكەتكە) چۈشىدۇ!»**

مانا بۇ سەككىز تەبىقىدە ئۇلارنى يېڭىپ، قۇرئانى ھەكىم يېگىرمە ئۈچ يىل ئەمەس، بەلكى مىڭ ئۈچيۈز يىل مابەينىدە پۈتۈن ئىنس ۋە جىنغا قارشى بۇ جەڭنى ئېلان قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى بۇرۇنقى زاماندا ئۇ كاپىرلار جان، مال ۋە بالا-چاقىسىنى خەتەرگە ئېتىپ، ئەڭ دەھشەتلىك يول بولغان ئۇرۇش يولىنى ئىختىيار قىلىپ، ئەڭ ئاسان ۋە قىسقا بولغان مۇئارەزە يولىنى تەرك قىلدى . دېمەك مۇئارەزە مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مانا، ئەجەبا ھېچبىر ئەقىل ئىگىسى، بولۇپمۇ ئۇ زاماندا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئادەملەر، بولۇپمۇ قۇرەيشىيلەردەك زىرەك ئادەملەر؛ بىر ئەدىب قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى يېزىپ، قۇرئاننىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇشنى تەمىن قىلىسىلا بولىدىغان تۇرسا، ئەڭ قىسقا ۋە ئاسان يولنى تەرك قىلىپ، جان، مال، بالا- چاقىسىنى خەتەرگە ئېتىپ، ئەڭ مۈشكۈل يولنى تاللامدۇ؟

**خۇلاسە:** مەشھۇر جاھىزنىڭ دېگىنىدەك: «مۇئارەزەئى بىلھۇرۇف (ھەرپ بىلەن مۇئارەزە قىلىش) مۇمكىن بولمىدى، مۇھارەبەئى بىسسۇيۇف (قىلىچ بىلەن جەڭ قىلىش) قا مەجبۇر بولدى...»

**ئەگەر دېيىلسە:** بەزى مۇھەققىق ئالىملار دېگەنكى: «قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىگە ئەمەس، بىر ئايىتىگە، ھەتتا بىر جۈملىسىگە، ھەتتا بىر كەلىمىسىگىمۇ مۇئارەزە قىلىغىلى بولمايدۇ ۋە قىلىنمىغان.» بۇ سۆزلەر مۇبالىغىدەك كۆرۈنىدۇ ۋە ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ . چۈنكى ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىدىمۇ قۇرئاننىڭ جۈملىلىرىگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن جۈملىلەر بار . بۇ سۆزنىڭ ھېكمىتى ۋە سىرى نېمە؟

**جاۋاب:** قۇرئاننىڭ بۇ خىل مۆجىزىسىگە ھۆكۈم بېرىشتە ئىككى مەزھەب (يول) بار. ئۈستۈن كۆرۈلگەن ۋە كۆپ ساندىكىلەرنىڭ مەزھىپى بۇدۇركى، قۇرئاندىكى بالاغەت گۈزەللىك ۋە مەنىۋى قىممەت ئىنسان قۇدرىتىنىڭ ئۈستىدىدۇر.

**ئىككىنچى مەزھەب ئۇدۇركى،** قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىگە مۇئارەزە قىلىش، ئىنسان ئىقتىدارى ئىچىدىكى ئىشتۇر. ئەمما جانابى ھەق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە مەنئىي قىلىۋەتكەن. مىسال، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرالايدۇ، ئەمما مۆجىزە ئەسىرى سۈپىتىدە بىر پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: «سەن ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن!» دېسە، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرالمىسا، مۆجىزە بولىدۇ .

ئۇستۇن كۆرۈلمىگەن بۇ ئىككىنچى مەزھەپ سەرفە مەزھىپى دېيىلىدۇ. يەنى جانابى ھەق ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىگە قارشى چىقىشىنى مەنئىي قىلىۋەتكەن. ئەگەر مەنئىي قىلىنمىغان بولسا، ئىنس ۋە جىن بىر سۈرىسىگە قارشىلىق بىلدۈرەلەيتتى. بۇ مەزھەپ بويىچە، «بىر كەلىمىسىگىمۇ مۇئارەزە قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن ئالىملارنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتتۇر . چۈنكى، مادەم جانابى ھەق مۆجىزە ئۈچۈن ئۇلارنى مەنئىي قىلغان، ئۇلار مۇئارەزىگە ئاغزىنى ئاچالمايدۇ. ئېغىزلىرىنى ئاچقان تەقدىردىمۇ، اللهنىڭ ئىزنى بولمىسا، كەلىمىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ.

ئەمما كۆپ ئىنسانلار ئۇستۇن كۆرگەن ئۇ بىرىنچى مەزھەبنىڭ قارىشى بويىچىمۇ، ئۇ ئالىملار بايان قىلغان پىكىرنىڭ بىر نازۇك تەرىپى باركى، قۇرئانى ھەكىمنىڭ جۈملىلىرى، كەلىمىلىرى بىر- بىرىگە قارايدۇ . بەزىدە بىر كەلىمە ئون يەرگە قارايدۇ. ئۇ ئۇنىڭدا ئون خىل بالاغەتلىك نۇكتە ۋە ئون مۇناسىۋەت بولىدۇ. «ئىشاراتۇل ئىيجاز» نامىدىكى تەپسىردە، فاتىھەنىڭ بەزى جۈملىلىرى ئىچىدە ۋە ﴿الم ذٰلِكَ الْكِتَابُ لَارَيْبَ فِيهِ﴾ جۈملىلىرى ئىچىدە شۇ نۇكتەلەردىن بەزى نەمۇنىلەرنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. مەسىلەن: نەقىشلىك ئىسىل بىر سارايدا، خىلمۇ- خىل، ئوخشىمىغان نەقىشلەرنىڭ تۈگۈنى ھۆكمىدىكى بىر تاشنى (خىشنى) پۈتۈن نەقىشلەرگە قارايدىغان بىر يەردە ئورۇنلاشتۇرۇش، پۈتۈن ئۇ تامنى نەقىشلىرى بىلەن بىلىشكە باغلىق بولغىنىدەك؛ ياكى ئىنساننىڭ بېشىدىكى كۆز قارىچۇقىنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇش، پۈتۈن بەدەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئاجايىپ ۋەزىپىلىرىنى ۋە كۆزنىڭ ئۇ ۋەزىپىلەرگە قارىتا ۋەزىيەتلىرىنى بىلىش بىلەن بولغىنىدەك، ئەھلى ھەقىقەتنىڭ ناھايىتى ئىلگىرىلەپ كەتكەن بىر قىسمى، قۇرئاننىڭ كەلىمىلىرىدە ناھايىتى كۆپ مۇناسىۋەتلەرنى ۋە باشقا ئايەتلەردىكى جۈملىلەرگە قارىغان تەرەپلىرىنى، ئالاقىلىرىنى كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ھەرپ ئىلمىنىڭ ئالىملىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، قۇرئاننىڭ بىر ھەرپىدە بىر بەتچىلىك سىرلارنى، ئەھلى بولغانلارغا بايان قىلىپ ئىسپات قىلغاندۇر . ھەم مادەم قۇرئان ھەر نەرسىنى ياراتقۇچىنىڭ سۆزىدۇر؛ ھەربىر كەلىمىسى، يۈرەك ۋە ئۇرۇق ھۆكمىگە ئۆتەلەيدۇ. (ئەتراپى سىرلاردىن تەشكىل تاپقان مەنىۋى تەن ئۈچۈن بىر يۈرەك ۋە بىر مەنىۋى دەرەخ ئۈچۈن بىر ئۇرۇق ھۆكمىگە ئۆتەلەيدۇ.) دېمەك ئىنساننىڭ سۆزلىرىدە قۇرئاننىڭ كەلىمىلىرىدەك كەلىمىلەر، بەلكى جۈملىلەر، ئايەتلەر بولىشى مۇمكىن . ئەمما ئۇلارنىڭ قۇرئاندىكى نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەر كۆزلەنگەن بىر تەرز بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېرىدە، دەل جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىنى قورشىغان بىر ئىلىم لازىم بولىدۇ.

**ئۈچىنچى نۇكتە:** قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىنىڭ خۇلاسىسىنىڭ خۇلاسىسى ھۆكمىدىكى يىغىنچاق ماھىيىتى ئۈچۈن بىر چاغلاردا ئەرەپچە ئىبارە بىلەن بولغان ھەقىقەتلىك بىر تەپەككۇرنى، جانابى ھەق مىنىڭ قەلبىمگە ئىھسان قىلغانىدى . ھازىر ئۇ تەپەككۇرنى ئەينەن ئەرەپچە يازىمىز، ئاندىن مەنىسىنى بايان قىلىمىز. يەنى:

سُبْحَانَمَنْشَهِدَعَلَىوَحْدَانِيَّتِهِوَصَرَّحَبِاَوْصَافِجَمَالِهِوَجَلاَلِهِوَكَمَالِهِاَلْقُرْآنُالْحَكِيمُالْمُنَوَّرُ
جِهَاتُهُالسِّتُّاَلْحَاوِيلِسِرِّاِجْمَاعِكُلِّكُتُبِالْاَنْبِيَاءِوَالْاَوْلِيَاءِوَالْمُوَحِّدِينَالْمُخْتَلِفِينَفِىالْاَعْصَارِوَالْمَ
شَارِبِوَالْمَسَالِكِالْمُتَّفِقِينَبِقُلُوبِهِمْوَعُقُو

لِهِمْعَلَىتَصْدِيقِاَسَاسَاتِالْقُرْآنِوَكُلِّيَّاتِاَحْكَامِهِعَلَىوَجْهِالْاِجْمَالِوَهُوَمَحْضُالْوَحْىِبِاِجْمَاعِالْمُ
نْزِلِوَالْمُنْزَلِوَالْمُنْزَلِعَلَيْهِوَعَيْنُالْهِدَايَةِبِالْبَدَاهَةِوَمَعْدَنُاَنْوَارِالْاِيمَانِبِالضَّرُورَةِوَمَجْمَعُالْحَقَائِقِبِالْ
يَقِينِوَمُوصِلٌاِلَىالسَّعَادَةِبِالْعَيَانِوَذُوالْاَثْمَارِالْكَامِلِينَبِالْمُشَاهَدَةِوَمَقْبُولُالْمَلَكِوَالْاِنْسِوَالْجَانِّبِا
لْحَدْسِالصَّادِقِمِنْتَفَارِيقِالْاَمَارَاتِوَالْمُؤَيَّدُبِالدَّلاَئِلِالْعَقْلِيَّةِبِاتِّفَاقِالْعُقَلاَءِالْكَامِلِينَوَالْمُصَدَّقُمِنْ
جِهَةِالْفِطْرَةِالسَّلِيمَةِبِشَهَادَةِاِطْمِئْنَانِالْوِجْدَانِوَالْمُعْجِزَةُالْاَبَدِيَّةُالْبَاقِوَجْهُاِعْجَازِهِعَلَىمَرِّالزَّ
مَانِبِالْمُشَاهَدَةِوَالْمُنْبَسِطُدَائِرَةُاِرْشَادِهِمِنَالْمَلاَاْلاَعْلَىاِلَىمَكْتَبِالصِّبْيَانِيَسْتَفِيدُمِنْعَيْنِدَرْسِاَلْمَ
لٰئِكَةُمَعَالصَّبِيِّينَوَكَذَاهُوَذُوالْبَصَرِالْمُطْلَقِيَرَىالْاَشْيَاءَبِكَمَالِالْوُضُوحِوَالظُّهُورِوَيُحِيطُبِهَاوَيُقَلِّ
بُالْعَالَمَفِيَدِهِوَيُعَرِّفُهُلَنَاكَمَايُقَلِّبُصَانِعُالسَّاعَةِالسَّاعَةَفِىكَفِّهِوَيُعَرِّفُهَالِلنَّاسِفَهٰذَاالْقُرْآنُالْعَ
ظِيمُالشَّانِهُوَالَّذِىيَقُولُمُكَرَّرًااَللّٰهُلاَاِلٰهَاِلاَّهُوَ فَاعْلَمْ اَنَّهُ لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ

مانا بۇ ئەرەپچە تەپەككۇرنىڭ تەرجىمىسى ۋە مەنىسى شۇدۇركى، يەنى: **قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىنىڭ ئالتە تەرىپى پارلاقتۇر ۋە نۇرلۇقتۇر، ۋەسۋەسە ۋە شۈبھىلەر ئىچىگە كىرەلمەيدۇ .** چۈنكى ئارقىسى ئەرشكە تايىنىدۇ . ئۇ جەھەتتە ۋەھىي نۇرى بار. ئالدىدا ۋە نىشانىدا ئىككى دۇنيا سائادىتى بار . ئەبەدكە، ئاخىرەتكە قول ئۇزاتقاندۇر، جەننەت ۋە سائادەت نۇرى بار. ئۈستىدە مۆجىزە تامغىسى پارلايدۇ. ئاستىدا دەلىل ۋە پاكىت تىرەكلىرى بار . ئىچى ساپ ھىدايەت . ئوڭ تەرىپى ﴿**اَفَلاَ يَعْقِلُونَ**﴾ لار بىلەن ئەقىللەرنى سۆزلىتىپ «سەدەقتە» دېگۈزىدۇ. سول تەرىپىدە قەلبلەرگە رۇھانىي زوقلارنى بېرىش بىلەن ۋىجدانلارنى شاھىت كۆرسىتىپ «بارەكەللاھ» دېگۈزگەن قۇرئانى مۆجىزۇلبايان غا قايسى بۇلۇڭدىن، قايسى جەھەتتىن ۋەسۋەسە ۋە شۈبھىلەرنىڭ ئوغرىلىرى كىرەلەيدۇ!...

شۇنداق، قۇرئانى مۆجىزۇلبايان ئەسىرلىرى، يوللىرى، مەسلەكلىرى خىلمۇ- خىل بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ ۋە مۇۋەھھىدىنلەرنىڭ (تەۋھىد ئەھلىنىڭ) كىتابلىرىنىڭ خۇلاسىۋى سىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. يەنى، پۈتۈن ئۇ قەلب ۋە ئەقىل ئەھلى قۇرئانى ھەكىمنىڭ يىغىنچاق ئەھكامىنى ۋە ئاساسلىرىنى تەستىق قىلغان بىر سۈرەتتە، ئۇ ئاساسلارنى كىتابلىرىدا زىكىر قىلىپ قوبۇل قىلغاندۇر.

دىمەك ئۇلار قۇرئاننىڭ ساماۋى دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى ھۆكمىدىدۇر . ھەم قۇرئانى ھەكىم ۋەھيىگە تايىنىدۇ ۋە ۋەھيىدۇر. چۈنكى، قۇرئانى نازىل قىلغان زاتى زۇلجەلال (ﷲ) مۆجىزا تى ئەھمەدىيە (ئە.س.ۋ) ئارقىلىق، قۇرئاننىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئىسپات قىلىدۇ. ھەمدە نازىل بولغان قۇرئانمۇ ئۈستىدىكى مۆجىزە بىلەن ئەرشتىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەمدە قۇرئان چۈشكەن رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ۋەھيى دەسلەپتە چۈشكەن چاغدىكى جىددىلىششى، ۋەھيى چۈشكەن ۋاقىتتىكى بىھۇش ۋەزىيىتى ۋە ھەركىمدىن زىيادە قۇرئانغا قارىتا ئىخلاس ۋە ھۆرمىتى كۆرسىتىدۇكى، (بۇ قۇرئان) ۋەھيى بولۇپ ئەزەلدىن كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا مېھمان بولغان.

ھەم بۇ قۇرئان ئوچۇق ھالدا ھىدايەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ مۇخالىپى كۆرىۋاتقىنىمىزدەك، كۇفۇرنىڭ زالالىتىدۇر. ھەم زۆرۈر ھالدا قۇرئان ئىمان نۇرلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر. **ئەلۋەتتە ئىمان نۇرىنىڭ ئەكسى زۇلمەتتۇر. كۆپ سۆزلەردە بۇنى قەتئىي ئىسپات قىلدۇق.**

ھەم قۇرئان، شەكسىز ھەقىقەتلەرنىڭ مەجمۇئەسىدۇر. خىياللار ۋە خۇراپاتلار ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. ئۇ تەشكىل قىلغان ھەقىقەتلىك ئىسلام ئالەمى، ئىزھار قىلغان شەرىئەت ۋە كۆرسەتكەن ئالىي كامالەتلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن، غەيب ئالىمگە ئائىت بولغان تېمىلىرىدىمۇ شاھادەت ئالىمدىكى تېمىلىرىدەك ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىچىدە زىتلىق يوقلۇقىنى ئىسپات قىلىدۇ.

ھەم قۇرئان ئېنىق ۋە شۈبھىسىز، ئىككى دۇنيا سائادىتىگە يەتكۈزىدۇ. ئىنسانىيەتنى ئۇنىڭغا باشلايدۇ. كىمنىڭ گۇمانى بولسا، قۇرئانى بىر ئوقۇسۇن ۋە نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسۇن. ھەم قۇرئان بەرگەن مېۋىلەر ھەم مۇكەممەلدۇر، ھەم ھاياتداردۇر. ئۇنداق بولسا، قۇرئان دەرىخىنىڭ يىلتىزى ھەقىقەتتىدۇر. ھاياتداردۇر. چۈنكى مېۋىنىڭ ھاياتى، دەرەخنىڭ ھاياتىغا دەلالەت قىلىدۇ. مانا قارا، ھەر ئەسىردە ئەسفىيا ۋە ئەۋلىيادەك قانچىلىك مۇكەممەل ۋە كامىل ھايات ئىگىلىرى ۋە نۇر ئىگىلىرى بولغان مېۋىلەرنى بەرگەن!

ھەم سانسىزلىغان پەرقلىق ئىشارەتلەردىن پەيدا بولغان بىر ھەدس (تېز ئىدراك قىلىش) ۋە قانائەت بىلەن قۇرئان، ھەم ئىنس، ھەم جىن، ھەم پەرىشتە قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئىشتىياق كۆرسىتىدىغان بىر مۆجىزىدۇركى، ئوقۇلغان ۋاقىتتا ئۇلار ھەۋەس بىلەن پەرۋانىدەك ئەتراپىغا توپلىنىدۇ.

ھەم قۇرئان ۋەھي بولۇش بىلەن بىللە، ئەقلي دەلىللەر بىلەن كۈچەيتىلگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن. شۇنداق، كامىل ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بۇنىڭغا شاھىتتۇر. باشتا ئىلمى كالام ئالىملىرى ۋە ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشدتەك پەلسەپىنىڭ داھىيلىرى بىرلىككە كېلىپ، قۇرئاننىڭ ئاساسلىرىنى ئۇسۇللىرى بىلەن، دەلىللىرى بىلەن ئىسپات قىلغاندۇر. ھەم قۇرئان، ساغلام فىترەتلىكلەر (تەبىئەتلىكلەر) نەزىرىدە توغرىلىقى تەستىق قىلىنغاندۇر. ئەگەر بىر چاتىقى ياكى كېسىلى بولمىسا، ھەربىر ساغلام فىترەت ئادەم ئۇنى تەستىق قىلىدۇ. چۈنكى، ۋىجداننىڭ ھوزۇرى ۋە قەلبىنىڭ ئىستىراھىتى **ئۇنىڭ نۇرلىرى** بىلەن بولىدۇ. دېمەك ساغلام فىترەت بولغان ۋىجدانىي ھوزۇرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۇنى تەستىق قىلىدۇ. شۇنداق، فىترەت ئەھۋال تىلى بىلەن قۇرئانغا: «**فىترەتىمىزنىڭ كامالى سەنسىز بولمايدۇ!**» دەيدۇ . شۇ ھەقىقەتنى كۆپ يەرلەردە ئىسپات قىلدۇق.

ھەم قۇرئان، كۆرىۋاتقىنىمىزدەك ۋە ئوچۇق ھالدا، **ئەبەدىي ۋە دائىمىي بىر مۆجىزىدۇر. ھەر ۋاقىت مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ . باشقا مۆجىزىلەردەك ئۆچمەيدۇ. ۋاقتى تۈگىمەيدۇ، ئەبەدىيدۇر.**

**ھەم قۇرئاننىڭ ئىرشاد مەرتىۋىسىدە شۇنداق بىر كەڭرىلىك باركى،** بىر دەرسىدە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام بىر نارىسىدە بالا بىلەن بىر قاتاردا ئۇ دەرسنى ئاڭلايدۇ ۋە ئۆلۈشلىرىنى ئالىدۇ. ھەمدە ئىبنى سىنادەك داھىي پەيلاسوپ، ئەڭ ئادەتتىكى بىر ئەھلى قىرائەت بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، بىر دەرسنى ئوقۇيدۇ. ھەتتا بەزەن ئۇ ئاۋام تەبىقىسىدىكى ئادەم، ئىمانىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ساپلىقى جەھەتى بىلەن ئىبنى سىنادىن تېخىمۇ بەكرەك مەنپەئەت كۆرىدۇ.

ھەم قۇرئاننىڭ ئىچىدە شۇنداق بىر كۆز باركى، پۈتۈن كائىناتنى كۆرىدۇ، قورشايدۇ ۋە بىر كىتابنىڭ بەتلىرىدەك كائىناتنى كۆز ئالدىدا تۇتىدۇ، تەبىقىلىرىنى ۋە ئالەملىرىنى بايان قىلىدۇ. بىر سائەتنىڭ سەنئەتكارى سائەتنى ئۆرۈپ- چۆرۈپ، ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئىزاھ قىلغاندەك، قۇرئانمۇ قولىدا كائىناتنى تۇتۇپ، شۇنداق قىلىدۇ. مانا شۇنداق بىر قۇرئانى ئەزىمۇششاندۇركى، ﴿**فَاعْلَمْ اَنَّهُ لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ**﴾ دەيدۇ، ۋەھدانىيەتنى (تەۋھىدنى) ئېلان قىلىدۇ.

**اَللّٰهُمَّ اجْعَلِ الْقُرْآنَ لَنَا فِالدُّنْيَا قَرِينًا وَ فِى الْقَبْرِ مُونِسًا وَ فِى الْقِيَامَةِ شَفِيعًا وَعَلَى الصِّرَاطِ نُورًا وَمِنَ النَّارِ سِتْرًا وَ حِجَابًا وَفِى الْجَنَّةِ رَفِيقًا وَاِلَى الْخَيْرَاتِ كُلِّهَا دَلِيلاً وَاِمَامًا اَللّٰهُمَّ نَوِّرْ قُلُوبَنَا وَ قُبُورَنَا بِنُورِ اْلاِيمَانِ وَالْقُرْآنِ وَنَوِّرْبُرْهَانَ الْقُرْآنِ بِحَقِّ وَبِحُرْمَةِ مَنْ اُنْزِلَ عَلَيْهِ الْقُرْآنُ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ الصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ مِنَ الرَّحْمٰنِ الْحَنَّانِ آمِينَ**

**ئون توققۇزىنچى نۇكتەلىك ئىشارەت :**

ئالدىنقى ئىشارەتلەردە رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام جانابى ھەقنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكى ناھايىتى قەتئىي ۋە شۈبھىسىز بىر شەكىلدە ئىسپات قىلىندى. پەيغەمبەرلىكى مىڭلارچە دەلىللەر بىلەن تۇراقلىق بولغان مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، ﷲنىڭ بىرلىكىنىڭ ۋە ئەبەدىي سائادەتنىڭ ئەڭ پارلاق بىر دەلىلى ۋە ئەڭ قەتئىي بىر پاكىتىدۇر. بىز بۇ ئىشارەتتە، ئۇ نۇرانىي، پارلاق دەلىلگە ۋە توغرا سۆزلۈك پاكىتقا، خۇلاسىسىنىڭ خۇلاسىسى قاتارىدا قىسقىچە بىر كىچىك تەرىپنامە يازىمىز. چۈنكى، مادەم ئۇ دەلىلدۇر ۋە نەتىجىسى ﷲ نى تونۇشتۇر. ئەلۋەتتە دەلىلنى تونۇش ۋە دەلالەت جەھەتىنى بىلىش لازىمدۇر. ئۇنداق بولسا، بىزمۇ ناھايىتى قىسقا بىر خۇلاسە بىلەن دەلالەت جەھەتىنى ۋە توغرىلىقىنى بايان قىلىمىز. يەنى:

رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، شۇ كائىناتنىڭ مەۋجۇداتىدەكلا، خالىقى كائىناتنىڭ (ﷲنىڭ) بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئۆز زاتى ئارقىلىق دەلالەت قىلغىنىدەك، ئۇ زاتىي دالالىتىنى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ دالالىتى بىلەن بىللە، تىلى بىلەن ئېلان قىلغاندۇر. مادەم دەلىلدۇر، ئۇنداقتا بىز ئۇ دەلىلنىڭ ھۆججەت ۋە توغرا ئىكەنلىكىگە، راستلىقىغا ۋە ھەققانىيىتىگە **«ئون بەش ئاساس»** بىلەن ئىشارەت قىلىمىز:

**بىرىنچى ئاساس:** ھەم زاتى (ئۆزى) بىلەن، ھەم تىلى بىلەن، ھەم ئەھۋالىنىڭ دالالىتى بىلەن كائىناتنىڭ سەنئەتكارىغا دەلالەت قىلغان (دەلىل بولغان) شۇ دەلىل، ھەم كائىناتنىڭ ھەقىقىتى بويىچە تەستىق قىلىنىدۇ، ھەم سادىقتۇر . چۈنكى، پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ۋەھدانىيەتكە (ﷲنىڭ بىرلىكىگە) دەلالەتلىرى ئەلۋەتتە ۋەھدانىيەتنى سۆزلىگەن زاتنى تەستىق قىلىش ھۆكمىدىدۇر. دېمەك، ئۇ سۆزلىگەن دەۋامۇ پۈتۈن كائىنات بويىچە تەستىق قىلىنىدۇ. ھەم ئۇ بايان قىلغان مۇتلەق كامال بولغان ئىلاھي ۋەھدانىيەت ۋە مۇتلەق خەير بولغان ئەبەدىي سائادەت، پۈتۈن ئالەم ھەقىقەتلىرىنىڭ ھۆسن ۋە كامالىغا مۇۋاپىق ۋە ئۇيغۇن بولغانلىقتىن، ئۇ، دەۋاسىدا ئەلۋەتتە سادىقتۇر (راستچىلدۇر) . دېمەك رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ﷲنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئەبەدىي سائادەتكە بىر تەستىقلانغان ۋە سادىق بولغان سۆزلىگۈچى دەلىلدۇر.

**ئىككىنچى ئاساس:** ھەم ئۇ سادىق دەلىل، مادەم پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈستىدە، مىڭلارچە مۆجىزىلەر، ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان بىر شەرىئەت ۋە پۈتكۈل ئىنس ۋە جىننى قورشىغان بىر دەۋەت ساھىبى بولغانلىقتىن، ئەلۋەتتە پۈتۈن

پەيغەمبەرلەرنىڭ رەئىسىدۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ سىرىنى ۋە ئورتاق نۇقتىلىرىنى ئۆزىگە جەملىگەندۇر. دېمەك پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرلەشكەن قۇۋۋىتى ۋە مۆجىزىلىرىنىڭ شاھادىتى، ئۇنىڭ راستچىل ۋە ھەق ئىكەنلىكىگە بىر تايىنىش نۇقتىسى بولغان بولىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭ تەربىيەسى، ئىرشادى ۋە شەرىئىتىنىڭ نۇرى بىلەن كامال تاپقان پۈتكۈل ئەۋلىيا ۋە ئەسفىيالارنىڭ سۇلتانى ۋە ئۇستازىدۇر . ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ كارامەتلىرىنىڭ سىرىنى، بىرلىككە كەلگەن تەستىقلىرىنى ۋە تەھقىقلىرىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئۆزىگە جەملىگەندۇر . چۈنكى ئۇلار ئۇستازى ئاچقان ۋە ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ قويغان يولدا مېڭىپ ھەقىقەتنى تاپقاندۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ پۈتۈن كارامەتلىرى، تەھقىقلىرى ۋە بىرلىككە كېلىشلىرى ئۇ مۇقەددەس ئۇستازىنىڭ راستچىللىقى ۋە ھەقلىكىگە بىر تايىنىش نۇقتىسى بولغان بولىدۇ. ھەم ئۇ ۋەھدانىيەت دەلىلىنىڭ (ئە.س.ۋ)، ئالدىنقى ئىشارەتلەردە كۆرۈلگىنىدەك، ئۇ قەدەر قەتئىي ۋە مۇتەۋاتىر، ئوچۇق مۆجىزىلىرى ۋە ھەيران قالارلىق ئىرھاساتلىرى، ھەمدە شۈبھىسىز پەيغەمبەرلىك دەلىللىرى بار ۋە ئۇ زاتنى شۇنداق تەستىق قىلىدۇكى، پۈتۈن كائىنات توپلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ!

**ئۈچىنچى ئاساس:** ھەم ئۇ ئوچۇق مۆجىزىلەرنىڭ ساھىبى بولغان ۋەھدانىيەت ۋاستىچىسىنىڭ ۋە ئەبەدىي سائادەت خۇشخەۋەرچىسىنىڭ مۇبارەك زاتىدا شۇنداق ئالىي ئەخلاق، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدە شۇنداق يۈكسەك پەزىلەت، ھەمدە تەبلىغ قىلغان شەرىئەت ۋە دىنىدا شۇنداق ئېسىل خىسلەتلەر باردۇركى، ئەڭ شىددەتلىك دۈشمەنمۇ تەستىق قىلىدۇ. ئىنكار قىلىشقا ئىمكان تاپالمايدۇ . مادەم زاتىدا، ۋەزىپىسىدە ۋە دىنىدا ئەڭ يۈكسەك ۋە گۈزەل ئەخلاقلار، ھەمدە ئەڭ ئۈستۈن ۋە مۇكەممەل خاراكتېرلار، ھەمدە ئەڭ قىممەتلىك ۋە مەقبۇل خىسلەتلەر بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇ زات، مەۋجۇداتتىكى كامالەتنىڭ ۋە ئالىي ئەخلاقنىڭ ئۆرنىكى، ۋەكىلى، مۇجەسسىمى ۋە ئۇستازىدۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، زاتىدا، ۋەزىپىسىدە ۋە دىنىدا بولغان شۇ كامالەتلەر ئۇنىڭ ھەقلىقىغا، راستچىللىقىغا ئۇ قەدەر قۇۋۋەتلىك بىر تايىنىش نۇقتىسىدۇركى، ھېچبىر جەھەتتە تەۋرەنمەيدۇ.

**تۆتىنچى ئاساس:** ھەم كامالەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ئالىي ئەخلاقلارنىڭ مۇئەللىمى بولغان ئۇ ۋەھدانىيەت ۋە سائادەت ۋاستىچىسى (ئە.س.ۋ) ئۆزلىكىدىن سۆزلىمەيدۇ، بەلكى سۆزلەتتۈرۈلىدۇ . شۇنداق، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن

سۆزلەتتۇرۇلدۇ . ئەزەلي ئۇستازىدىن دەرس ئالدۇ، ئاندىن دەرس بېرىدۇ. چۈنكى مىڭلارچە پەيغەمبەرلىك دەلىللىرى ئىچىدە، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئالدىنقى ئىشارەتلەردە قىسمەن بايان قىلىنغان پۈتۈن ئۇ مۆجىزىلەرنى ئۇنىڭ قولىدا يارىتىش بىلەن كۆرسەتتىكى، ئۇ، **ئۇنىڭ** نامىدىن سۆزلەيدۇ، **ئۇنىڭ** سۆزلىرىنى تەبلىغ قىلىدۇ. ھەم ئۇنىڭغا كەلگەن قۇرئان بولسا، ئىچىدە، تېشىدا قىرىق مۆجىزىلىك تەرىپى بىلەن كۆرسىتىدۇكى، ئۇ جانابى ھەقنىڭ تەرجىمانىدۇر. ھەم ئۇ ئۆز زاتىدا پۈتۈن ئىخلاس ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن، ھەمدە ئەستايىدىللىقى ۋە راستچىللىقى بىلەن، ھەمدە باشقا پۈتۈن ئەھۋال ۋە ھالەتلىرى بىلەن كۆرسىتىدۇكى، ئۇ ئۆز نامىدىن، ئۆز پىكرى بىلەن دېمەيدۇ، بەلكى ياراتقۇچىسى نامىدىن سۆزلەيدۇ. ھەم ئۇنى تىڭشىغان پۈتۈن ھەقىقەت ئەھلى، كەشف ۋە تەھقىق بىلەن تەستىق قىلغان ۋە ئىلمەليەقىن ئىمان ئېيتقاندۇركى، ئۇ ئۆزىچە سۆزلىمەيدۇ، بەلكى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇنى سۆزلەتكۈزىدۇ، دەرس بېرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن دەرس بەرگۈزىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ راستچىللىقى ۋە ھەقلىقى، ناھايىتى قۇۋۋەتلىك بۇ تۆت ئاساسنىڭ يىغىندىسىغا تايىنىدۇ.

**بەشىنچى ئاساس:** ھەم ئۇ ئەزەلي كالامىنىڭ تەرجىمانى روھلارنى كۆرىدۇ، پەرىشتىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ، جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى ئىرشاد قىلىدۇ. ئىنسانلار ۋە جىنلار ئالىملا ئەمەس، بەلكى روھلار ۋە مالائىكىلەر ئالىمىنىڭمۇ ئۇستىدە دەرس ئالىدۇ ۋە تېخىمۇ ئۈستۈن تەرەپلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار ۋە خەۋىرى باردۇر. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مۆجىزىلەر ۋە تەۋاتۇر بىلەن قەتئىي بولغان ھايات ھېكايىلىرى، شۇ ھەقىقەتنى ئىسپات قىلغاندۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، كاھىنلار ۋە باشقا غەيبتىن خەۋەر بەرگەنلەردەك، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىگە جىنلارلا ئەمەس، روھلار، مالائىكىلەر ئەمەس، بەلكى جەبرائىلدىن باشقا يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئارىلىشالمايدۇ. ھەتتا كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ دوستى بولغان ھەزرەتى جەبرائىلنىمۇ بەزىدە كەينىدە تاشلاپ قويىدۇ.

**ئالتىنچى ئاساس:** ھەم پەرىشتە، جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ خوجىسى بولغان **ئۇ زات شۇ كائىنات دەرىخىنىڭ ئەڭ نۇرلۇق ۋە ئەڭ مۇكەممەل مېۋىسى، ئىلاھىي رەھمەتنىڭ نەمۇنىسى، رەببانىي مۇھەببەتنىڭ مىسالى، ھەقنىڭ ئەڭ نۇرانىي دەلىلى، ھەقىقەتنىڭ ئەڭ پارلاق چىراغى، كائىنات تىلسىمىنىڭ ئاچقۇچىسى، يارىتىلىش سىرىنىڭ كەشپىياتچىسى، ئالەم ھېكمىتىنىڭ شەرھىيلىگۈچىسى، ئىلاھىي سەلتەنەتنىڭ ۋاستىچىسى، رەببانىي سەنئەت گۈزەللىكلىرىنىڭ سۈپەتلىگۈچىسى، ھەمدە ئىستىدادلىرىنىڭ مۇجەسسەملىكى جەھەتى بىلەن ئۇ زات، مەۋجۇداتتىكى كامالەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نەمۇنىسىدۇر.** ئۇنداق

بولغانىكەن، ئۇ زاتنىڭ شۇ سۈپەتلىرى ۋە مەنىۋى شەخسىيىتى ئىشارەت قىلىدۇ، بەلكى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ زات كائىناتنىڭ يارىتىلىش سەۋەبىدۇر . يەنى، ئۇ زاتقا شۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى قارىغان، كائىناتنى ياراتقاندۇر. ئەگەر ئۇنى ياراتمىغان بولسا، كائىناتنىمۇ ياراتمايتتى دېگىلى بولىدۇ. شۇنداق، ئىنسانلار ۋە جىنلارغا كەلتۈرگەن قۇرئان ھەقىقەتلىرى ۋە ئىمان نۇرلىرى، ھەمدە زاتىدا كۆرۈنگەن ئالىي ئەخلاقى ۋە يۈكسەك كامالەتلىرى، شۇ ھەقىقەتكە قەتئىي شاھىتتۇر.

**يەتتىنچى ئاساس:** ھەم ئۇ ھەقنىڭ دەلىلى ۋە ھەقىقەتنىڭ چىرىغى بولغان زات، شۇنداق بىر دىن ۋە شەرىئەت كۆرسەتكەنكى، ئىچىدە ئىككى جاھان سائادىتىنى تەمىن قىلىدىغان دەستۇرلار مۇجەسسەمدۇر. ۋە مۇجەسسەم بولۇش بىلەن بىللە، مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى، ھەمدە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى كامالى ھەققانىيەت بىلەن بايان قىلغاندۇر. دېمەك ئۇ ئىسلامىيەت ۋە شەرىئەت شۇنداق بىر تەرزدە ئىھاتەلىك (ھەممىنى قورشىغان) ۋە مۇكەممەلدۇر، ھەمدە شۇنداق بىر سۈرەتتە كائىناتنى ئۆزى بىلەن تەرىپ قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇكى، **ئۇ دىن، بۇ گۈزەل كائىناتنى ياراتقان زاتنىڭ، بۇ كائىناتنى ئۆزى بىلەن بىللە تەرىپ قىلىدىغان بىر بايانىنامىسىدۇر ۋە بىر تەرىپنامىسىدۇر** . خۇددى بىر سارايىنىڭ ئۇستىسى، ئۇ سارايغا مۇناسىپ بىر بايان يېزىپ، ئۆزىنى سۈپەتلىرى بىلەن كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر تەرىپنامىنى (شەرھىنامە) قەلەمگە ئالغىنىدەك، ئىسلام دىنى ۋە شەرىئەتى مۇھەممەدىيەدە (ئە.س.ۋ) شۇنداق بىر ئىھاتە، بىر يۈكسەكلىك، بىر ھەققانىيەت كۆرۈنىدۇكى، كائىناتنى ياراتقان ۋە باشقۇرغان زاتنىڭ قەلىمىدىن چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كائىناتنى گۈزەل شەكىلدە ئىنتىزامغا سالغان كىم بولسا، شۇ دىننى گۈزەل شەكىلدە ئىنتىزامغا سالغانمۇ ئۇدۇر . شۇنداق، ئۇ بەكمۇ كامالەتتىكى ئىنتىزام، ئەلۋەتتە بۇ بەكمۇ گۈزەللىكتىكى نىزامنى خالايدۇ.

**سەككىزىنچى ئاساس:** مەزكۇر سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋە ھەر جەھەت بىلەن تەۋرەنمەس، قۇۋۋەتلىك تايىنىش نۇقتىلىرىغا تايانغان مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام، شاھادەت ئالەمىگە يۈزلىنىپ، غەيب ئالەمى نامىدىن، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئالەمگە ئېلان قىلىپ ؛ ئىستىقبالدا كېلىدىغان ئەسىرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان قەۋملەر ۋە مىللەتلەرگە خىتاب قىلىپ، شۇنداق نىدا قىلىدۇكى، پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىنلارغا، پۈتۈن يەرلەرگە، پۈتۈن ئەسىرلەرگە ئاڭلىتىدۇ . شۇنداق، ئاڭلاۋاتىمىز!...

**توققۇزىنچى ئاساس:** ھەم شۇنداق يۈكسەك، قۇۋۋەتلىك خىتاب قىلىدۇكى، پۈتۈن ئەسىرلەر ئۇنى تىڭشايدۇ. شۇنداق، ئەكس ساداسىنى ھەربىر ئەسىر ئاڭلاۋاتىدۇ...

**ئونىنچى ئاساس:** ھەم ئۇ زاتىنىڭ ئەھۋالىدىن كۆرۈنىۋاتىدۇكى، ئۇ كۆرىدۇ ۋە كۆرگىنى بويىچە خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى ئەڭ خەتەرلىك ۋاقىتلاردا ئىنتايىن مۇستەھكەملىك بىلەن ئىككىلەنمەي، جىددىيلەشمەي سۆزلەيدۇ. ھەتتا بەزىدە تەنھا ئۆزى پۈتۈن دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ...

**ئون بىرىنچى ئاساس:** ھەم پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن شۇنداق قۇۋۋەتلىك دەۋەت قىلىپ چاقىرىدۇكى، يەرنىڭ يېرىمىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئۆز ئاۋازىغا «لەببەيك» ۋە **سَمِعْنَا وَاَطَعْنَا** دېگۈزدى.

**ئون ئىككىنچى ئاساس:** ھەم شۇنداق بىر ئەستايىدىللىق بىلەن دەۋەت ۋە شۇنداق ئۇلۇق بىر شەكىلدە تەربىيە قىلىدۇكى، دەستۇرلىرىنى ئەسىرلەرنىڭ يۈزلىرىدە ۋە ماكانلارنىڭ تاشلىرىدا، ھەمدە زامانلارنىڭ سىمالىرىدا نەقىشلەيدۇ...

**ئون ئۈچىنچى ئاساس:** ھەم تەبلىغ قىلغان ئەھكامىنىڭ ساغلاملىقىغا شۇنداق بىر ئىشىنىش بىلەن سۆزلەيدۇ ۋە دەۋەت قىلىدۇكى، دۇنيا توپلانسا، ئۇنى بۇ ھۆكۈمدىن قايتۇرۇپ، پۇشايمان قىلغۇزالمايدۇ. پۈتۈن ھايات تارىخى ۋە يۈكسەك سىيەرلىرى بۇنىڭغا شاھىتتۇر.

**ئون تۆتىنچى ئاساس:** ھەم شۇنداق بىر ئىشەنچ بىلەن دەۋەت ۋە تەبلىغ قىلىدۇكى، ھېچكىمدىن مىننەت ئالمايدۇ (ھېچكىمنىڭ ئىلتىپاتىغا پەرۋا قىلمايدۇ)، ھەر قانداق مۈشكىلاتقا قارشى جىددىيلەشمەيدۇ، ئىككىلەنمەستىن، ئىنتايىن سەممىي ۋە خالىس ھالدا، ھەمدە ھەركىمدىن ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىش بىلەن قوبۇل قىلىپ، كەلتۈرگەن ئەھكامىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭغا شاھىت، ھەركىمنىڭ، يەنى دوست ۋە دۈشمەن ھەممىنىڭ نەزىرىدە مەلۇم بولغان زاھىتلىقى ۋە ئىستىغناسى (دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىشى ۋە بىر نەرسە تەلەپ قىلماسلىقى)، ھەمدە دۇنيانىڭ فانىي زىننەتلىرىگە ھېچ كۆڭۈل بەرمەسلىكىدۇر.

**ئون بەشىنچى ئاساس:** ھەم كەلتۈرگەن دىنىغا ھەركىمدىن زىيادە ئىتائىتى، ياراتقۇچىسىغا قارىتا ھەركىمدىن بەكرەك قۇللۇق قىلىشى، ھەمدە شەرىئەت مەنئىي قىلغان ئىشلارغا قارىتا ھەركىمدىن بەكرەك تەقۋادارلىقى قەتئىييەن كۆرسىتىدۇكى، ئۇ ئەزەل ۋە ئەبەد سۇلتانىنىڭ تەبلىغچىسىدۇر، ئەلچىسىدۇر ۋە ھەق مەبۇدىنىڭ ئەڭ خالىس قۇلىدۇر ۋە ئەزەلىي كامالىنىڭ تەرجىمانىدۇر.

شۇ ئون بەش دانە ئاساسنىڭ نەتىجىسى شۇدۇركى، مەزكۇر سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەنگەن شۇ زات، پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن، پۈتۈن ھاياتىدا تەكرار- تەكرار ۋە داۋاملىق ﴿**فَاعْلَمْ اَنَّهُ لآاِلَهَ اِلاَّ اللّٰهُ**﴾ دەيدۇ ۋە ۋەھدانىيەتنى (تەۋھىدنى) ئىلان قىلىدۇ.

**اَللّٰهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ عَدَدَ حَسَنَاتِ اُمَّتِهِ**

﴿**سُبْحَانَكَ لاَعِلْمَلَنَا اِلاَّمَاعَلَّمْتَنَا اِنَّكَ اَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ**﴾ (بەقەرە:32)

**ئىلاھي بىر ئىكرام ۋە رەبباني بىر ئىنايەتنىڭ ئىشارىتى**

﴿**وَ اَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ**﴾ (زۇھا:11) نىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق بولۇش ئۈمىدى بىلەن دەيمىزكى: شۇ رىسالىنى ئوقۇغانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بىلەن قارىشى ئۈچۈن، شۇ رىسالىنىڭ يېزىلىشىدا كۆرۈلگەن ئىلاھي بىر ئىنايەتنىڭ ئىشارىتىنى ۋە اللهنىڭ رەھمىتىنى بايان قىلىمەن.

بۇ رىسالىنى يېزىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دائىر ئون توققۇزىنچى ۋە ئوتتۇز بىرىنچى سۆزلەر يېزىلغان ئىدى . بىردىنلا بۇ رىسالىنى يېزىشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر ئوي قەلبىمگە كەلدى . ھەم ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىممۇ بالا- مۇسىبەتلەرنىڭ تەسىرىدە ئۆچكەن ئىدى . ھەم ئادىتىمدە، يازغان ئەسەرلىرىمدە نەقلي شەكلىدە («دېدى، دېيىلدى» شەكلىدە) مېڭىش يوق ئىدى . ھەم يېنىمدا ھەدىس ماتېرىياللىرى ۋە سىيەر كىتابلىرى يوق. بۇنىڭ بىلەن بىللە، «تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ» (اللهقا تەۋەككۇل قىلدىم) دەپ باشلىدىم. شۇنداق بىر مۇۋەپپىقىيەت بولدىكى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم كونا سەئىدنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىدىن بەكرەك ياردەم قىلدى . ھەر ئىككى- ئۈچ سائەتتە، تېز سۈرەتتە ئوتتۇز- قىرىق بەتتىن يېزىلدى. بىر سائەتتە ئون بەش بەتتەك يېزىلاتتى . كۆپىنچىسى بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، تىرمىزى، شىفائى شەرىف، ئەبۇ نۇئەيم، تەبەرىدەك كىتابلاردىن نەقىل قىلىناتتى. ھالبۇكى بۇ نەقىلدە خاتا بولسا (ھەدىس بولغاچقا) گۇناھ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن قەلبىم تىترەيتتى. ئەمما چۈشىنىلدىكى، ئىنايەت بار ۋە بۇ رىسالىگە ئېھتىياج بار. ئىنشاالله سەھىھ سۈرەتتە يېزىلغاندۇر. ناۋادا ھەدىسلەرنىڭ بەزى كەلىمىلىرىدە ياكى راۋىلارنىڭ ئىسمىدا خاتالىق بولۇپ قالسا، قېرىنداشلىرىمنىڭ تۈزىتىپ ئەپۇ نەزىرى بىلەن قارىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سەئىد نۇرسى

شۇنداق، بىز دەسلەپكى نۇسخىسىنى يازاتتۇق، ئۇستازىمىزمۇ ئېيتىپ بېرەتتى. يېنىدا باشقا كىتاب يوق ئىدى ۋە ئەسلىدىنلا باشقا كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلمايتتى. بىردىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلايتتى، بىزمۇ يازاتتۇق. ئىككى- ئۈچ سائەتتە ئوتتۇز- قىرىق بەت، بەزى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يازاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىر كارامىتى ئىكەنلىكىگە بىزنىڭمۇ قانائىتىمىز كەلدى.

دائىمي خىزمەتكارى: ئابدۇللاھ چاۋۇش

خىزمەتكارى ۋە مۇسۋەددە كاتىپى (بىرىنچى قېتىم

خاتىرلەپ يازغۇچى): سۇلايمان سامى

مۇسۋەددە كاتىپى ۋە ئاخىرەت قېرىندىشى:

ھافىز خالىد

مۇسۋەددە كاتىپى ۋە تەھرىرلەپ يازغۇچى:

ھافىز تەۋفىق

* * *

## مۇئجىزاتى ئەھمەدىيەنىڭ بىرىنچى زەيلى (قوشۇمچىسى)

[ئون توققۇزىنچى سۆز، «رىسالەتى ئەھمەدىيە» (ئە.س.ۋ) ۋە زەيلى «شەققى قەمەر» مۆجىزىسىگە دائىر بولغانلىقتىن، ماقام مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەرگە قويۇلدى.]

**بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ**

«ئون تۆت تامچە»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون تۆتىنچى لەمئانىڭ:

**بىرىنچى تامچىسى:** رەببىمىزنى بىزگە تونۇتۇپ بېرىدىغان ئۈچ بۈيۈك كۆللى (ئومۇمي) تەرىپلىگۈچى بار.

**بىرسى:** شۇ كائىنات كىتابىدۇركى، بىر قىسىم شاھادىتىنى ئون ئۈچ لەمئا بىلەن نۇر رىسالىسىدىن ئون ئۈچىنچى دەرستىن ئاڭلىدۇق.

**بىرسى:** شۇ چوڭ كىتابنىڭ ئايەتى كۇبراسى (چوڭ دەلىلى) بولغان خاتەمۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامدۇر.

**يەنە بىرى:** قۇرئانى ئەزىيمۇششاندۇر (شانى ئۇلۇغ).

ئەمدى شۇ ئىككىنچى بۇرھانى ناتىق (سۆزلىگۈچى دەلىل) بولغان خاتەمۇل ئەنبىيا ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى تونۇشىمىز، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشىمىز لازىم.

شۇنداق، ئۇ دەلىلنىڭ مەنىۋى شەخسىيىتىگە قارا: يەر يۈزى بىر مەسجىد، مەككە بىر مىھراب، مەدىنە بىر مۇنبەر، ئۇ ئوچۇق دەلىل بولغان پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام پۈتۈن ئەھلى ئىمانغا ئىمام، پۈتۈن ئىنسانلارغا خاتىپ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە رەئىس، پۈتۈن ئەۋلىيالارغا سەييد (خوجا)، پۈتۈن پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالاردىن تەركىب تاپقان زىكىر ھالقىسىنىڭ باش زىكىرچىسى... پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ھاياتدار يىلتىزلىرى، پۈتۈن ئەۋلىيالار پاك مېۋىلىرى بولغان بىر نۇرانىي دەرەختۇركى، ھەربىر دەۋاسىنى مۆجىزىلىرىگە تايانغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە كارامەتلىرىگە تايانغان پۈتكۈل ئەۋلىيالار تەستىق قىلىپ ئىمزا قويىدۇ. چۈنكى ئۇ ﴿لاَ اِلٰهَ اِلا اللهُ﴾ دەپ دەۋا قىلدۇ . پۈتۈن ئوڭ ۋە سول، يەنى ئۆتمۈش ۋە كېلەچەك تەرەپلىرىدە سەپ بولغان ئۇ نۇرانىي زىكىرچىلەر شۇ كەلىمىنى تەكرارلاپ، بىرلىككە كېلىپ مەنەن «توغرا ئېيتتىڭ، ھەق سۆزلىدىڭ!» دەيدۇ. بۇنداق ھېساپسىز ئىمزالار بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلگەن بىر دەۋاغا قول تىقىشقا قايسى گۇماننىڭ ھەددى بار!؟...

**ئىككىنچى تامچە:** تەۋھىدنىڭ ئۇ نۇرانىي دەلىلى، شۇ ئىككى قاناتنىڭ بىرلىششى ۋە تەۋاتۇرى بىلەن قۇۋۋەتلەنگىنىدەك، تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش ساماۋى كىتابلارنىڭ (ھاشىيە)* يۈزلەرچە ئىشارىتى ۋە ئىرھاساتنىڭ مىڭلارچە رەمىزلىرى (ئاجىزراق ئىشارەت)، ھاتىفلەرنىڭ مەشھۇر بىشارەتلىرى، كاھىنلارنىڭ مۇتەۋاتىر شاھادىتى، ئاينىڭ پارچىلىنىشىدەك مىڭلارچە مۆجىزىسىنىڭ دالالىتى ۋە شەرىئەتنىڭ ھەقىقىتى بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلگەن ۋە تەستىق قىلىنغانلىقىدەك؛ زاتىدا غايەت كامالەتتىكى ماختالغان ئەخلاقى، ۋەزىيپىسىدە نىھايەت ھۆسنىدىكى ئالىي خىسلەتلىرى ۋە يۈكسەك ئىشەنچى، ھەمدە ئىمانىي قۇۋۋىتى، غايەت دۇرۇسلىقىنى ۋە تامامەن شۈبھىسىزلىكىنى كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە تەقۋادارلىقى، پەۋقۇلئاددە ئىبادىتى، پەۋقۇلئاددە ئەستايىدىللىقى، پەۋقۇلئاددە چىدامچانلىقى دەۋاسىدا نىھايەت دەرىجىدە سادىق ئىكەنلىكىنى قۇياشتەك ئاشكارا كۆرسىتىدۇ...

---

*(ھاشىيە): ھۈسەيىن جىسرىي «رىسالەئى ھەمىيدىيە»سىدە، ئۇ كىتابلاردىن يۈز ئون تۆت ئىشارەتنى چىقارغان . بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇنچىلىك چىققان بولسا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپ ئوچۇق خەۋەرلەرنىڭ بارلىقى چۈشىنىلىدۇ.

**ئۈچىنچى تامچە:** ئەگەر خالىساڭ كەل! سائادەت ئەسرىگە، ئەرەب يېرىم ئارىلىغا بارايلى. خىيالەن بولسىمۇ ئۇنى ۋەزىپە بېشىدا كۆرۈپ زىيارەت قىلايلى. مانا قارا، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تەقى- تۇرق ئىگىسى بولغان مىسلىسىز بىر زاتنى كۆرۈۋاتىمىزكى، قولىدا مۆجىزىلىك بىر كىتاب، تىلىدا ھەقىقەتلىك بىر خىتاب؛ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە، بەلكى ئىنسى- جىن ۋە پەرىشتىلەرگە، بەلكى پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا قارىتا بىر ئەزەلىي خۇتبىنى تەبلىغ قىلىۋاتىدۇ. ئالەمنىڭ يارىتىلىش سىرى بولغان ئاجايىب مۇئەممانى يېشىپ ۋە شەرھىلەپ، ھەممە كائىناتنىڭ سىرى بولغان يېشىلمەس تىلسىمنى ئېچىپ ۋە ئىزاھلاپ، پۈتۈن مەۋجۇداتتىن سورالغان، پۈتۈن ئەقىللەرنى ھەيرانلىق ئىچىدە مەشغۇل قىلغان ئۈچ مۈشكۈل ۋە مۇدھىش چوڭ سوئال بولغان «**كىمسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟ قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟**» دېگەن سوئاللارغا قايىل قىلارلىق، مەقبۇل جاۋاب بېرىۋاتىدۇ.

**تۆتىنچى تامچە:** قارا، شۇنداق بىر ھەقىقەت نۇرى تارقىتىدۇكى، ئەگەر ئۇ ئۆگەتكەن ھەقىقەتلەرنىڭ نۇرانىي دائىرىسىنىڭ تېشىدا تۇرۇپ كائىناتقا قارىساڭ، ئەلۋەتتە كائىناتنىڭ شەكلىنى بىر ئومۇمىي ماتەمخانا ھۆكمىدە ۋە مەۋجۇداتنى بىر- بىرىگە يات، بەلكى دۈشمەن؛ ۋە جانسىزلارنى دەھشەتلىك مېيتلار ھۆكمىدە، ھەممە پۈتۈن ھايات ئىگىلىرىنى زاۋال ۋە پىراقنىڭ كاچىتى بىلەن يىغلىغان يېتىملار سۈرىتىدە كۆرىسەن. ئەمدى قارا، ئۇ تارقاتقان نۇر بىلەن، ئۇ ئومۇمىي ماتەمخانا ئىشتىياق ۋە جەزبە ئىچىدىكى بىر زىكىرخانىغا ئۆزگەردى . ئۇ يات ۋە دۈشمەن بولغان مەۋجۇدات، بىردىن دوست ۋە قېرىنداش شەكلىگە كىردى. ئۇ جانسىز، ساداسىز مېيتلار، بىردىن دۇرۇس ۋەزىپىدار، بىردىن ئىتائەتلىك خىزمەتكار ۋەزىيىتىنى ئالدى. يىغلايدىغان، شىكايەتچى ۋە ئىگىسىز يېتىملار بىردىن تەسبىھ بىلەن زىكىر قىلغۇچى ياكى ۋەزىپىدىن بوشىنىش بىلەن شۈكۈر قىلغۇچى سۈرىتىگە كىردى.

**بەشىنچى تامچە:** ھەم ئۇ نۇر بىلەن، كائىناتتىكى ھەرىكەتلەر، تۆرلىنىشلەر، ئالمىشىشلار، ئۆزگىرىشلەر مەنىسىزلىكتىن، يوقلۇقتىن ۋە تاسادىپىلىقتىن چىقىپ، بىردىن رەببانىي مەكتۇب، مەۋجۇدات ئايەتلىرىنىڭ سەھىپىسى، ﷲنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىردىن كۆرسەتكۈچ ئەينىكى، ھەممە ئالەممۇ سەمەدانىي بىر ھىكمەت كىتابى مەرتىۋىسىگە چىقتى. ھەم ئىنساننى پۈتۈن ھايۋاناتنىڭ ئاستىغا چۈشۈرگەن چەكسىز ئاجىزلىقى ۋە زەئىپلىكى، پېقىرلىقى ۋە ئېھتىياجلىرى، ھەممە پۈتۈن ھايۋانلاردىن تېخىمۇ بەختسىز قىلغان ئەلەم، ئازاپ ۋە غەم ۋاستىسى بولغان ئەقلى، ئۇ نۇر بىلەن نۇرلانغان ۋاقىتتا، ئىنسان پۈتۈن ھايۋانات، پۈتۈن

مەخلۇقاتنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ . ئۇ نۇرلانغان ئاجىزلىق، پىقىرلىق ۋە ئەقىل بىلەن، دۇئا ئارقىلىق؛ نازىنىن بىر سۇلتان... ۋە يالۋۇرۇش بىلەن زېمىننىڭ نازدار بىر خەلىپىسى بولىدۇ. دېمەك ئۇ نۇر بولمىسا، كائىناتمۇ، ئىنسانمۇ، ھەتتا ھەممە نەرسە قىممىتىنى تامامەن يوقىتىدۇ. شۇنداق، ئەلۋەتتە بۇنداق ھەيران قالارلىق بىر كائىناتتا، شۇنداق بىر زات لازىمدۇر. بولمىسا، كائىنات ۋە پەلەكلەر بولماسلىقى كېرەك.

**ئالتىنچى تامچە:** مانا ئۇ زات، بىر ئەبەدى سائادەتنىڭ خەۋەرچىسى، خۇشخەۋەر بەرگۈچىسى، چەكسىز رەھمەتنىڭ ئاچقۇچىسى ۋە ئېلانچىسى، ھەمدە رۇبۇبىيەت («رەب»لىك) سەلتەنىتىنىڭ ۋاستىچىسى، تاماشىبىنى، ھەمدە ئىلاھىي ئىسىملار خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىسى، كۆرسەتكۈچىسى بولغانلىقتىن؛ بۇنداق قارىساڭ، يەنى ئۇبۇدىيەت (قۇللۇق) جەھەتى بىلەن؛ ئۇنى بىر مۇھەببەتنىڭ مىسالى، رەھمەتنىڭ نەمۇنىسى، ئىنسانىيەتنىڭ بىر شەرىپى، يارىتىلىش دەرىخىنىڭ ئەڭ نۇراني بىر مېۋىسى كۆرسەن. شۇنداق قارىساڭ، يەنى پەيغەمبەرلىكى جەھەتى بىلەن؛ ھەقنىڭ بىر دەلىلى، ھەقىقەتنىڭ بىر چىرىغى، ھىدايەتنىڭ بىر قۇياشى، سائادەتنىڭ بىر ۋەسىلىسى كۆرسەن. مانا قارا، ئۇنىڭ نۇرى كۆز قاماشتۇرىدىغان چاقماقتەك شەرقتىن غەربكىچە قاپلىدى، يەرنىڭ يېرىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ بەشتىن بىرى ئۇنىڭ ھىدايەت ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، باغرىغا مەھكەم باستى. بۇنداق بىر زاتنىڭ پۈتۈن دەۋالىرىنىڭ ئاساسى بولغان﴿**لاَ اِلٰهَ اِلاّ اللّٰه**﴾ نى پۈتۈن مەرتىۋىلىرى بىلەن قوبۇل قىلمىسا بىزنىڭ نەفسى ۋە شەيتانىمىزغا نېمە دېيىش كېرەك!؟...

**يەتتىنچى تامچە:** مانا قارا، شۇ كەڭرى يېرىم ئارالدا ۋەھشى، ئادەتلىرىگە مۇتەئەسسىپ ۋە جاھىل بولغان ئوخشىمىغان قەۋملەرنىڭ ئۇ ئادەتلىرىنى ۋە ۋەھشى، يامان ئەخلاقلىرىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن يوقىتىپ ۋە تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، پۈتۈنلەي گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن قۇراللاندۇرۇپ، پۈتۈن ئالەمگە مۇئەللىم ۋە مەدەنىي ئۈممەتكە ئۇستاز قىلدى. قارا، زاھىرىي بىر ئىشغال قىلىش ئەمەس... بەلكى ئەقىللەرنى، روھلارنى، قەلبلەرنى ۋە نەفسلەرنى فەتىھ قىلىپ بويسۇندۇردى. مەھبۇبى قۇلۇپ (قەلبلەرنىڭ سۆيگىنى)، مۇئەللىمى ئۇقۇل (ئەقىللەرنىڭ **مۇئەللىمى)، مۇرەببىئى نۇفۇس (نەفسلەرنىڭ تەربىيچىسى)، سۇلتانى ئەرۋاھ (روھلارنىڭ سۇلتانى) بولدى.**

**سەككىزىنچى تامچە:** مەلۇمدۇركى، تاماكىدەك كىچىك بىر ئادەتنى، كىچىك بىر قەۋمدە، چوڭ بىر ھاكىم، چوڭ بىر كۈچ بىلەن، ئاندىن دائىمي ھالدا يوقىتالايدۇ.

هالبۇكى قارىساڭ، بۇ زات، چوڭ ۋە كۆپ ئادەتلەرنى، ھەم جاھىل، مۇتەئەسسىپ بولغان چوڭ قەۋملەردىن زاھىرىي كىچىك بىر قوۋۋەت بىلەن، كىچىك بىر كۈچ بىلەن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىغا ئالىي ئەخلاقلارنى شۇنداق ئورناتتىكى، قان- تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يەرلەشتۈرىۋەتتى. بۇنىڭغا ئوخشىغان يەنە نۇرغۇن ھەيران قالارلىق ئىجرائىيەتلەرنى (ئىشلارنى) قىلغان بۇ زاتنىڭ (ئە.س.ۋ) ئۇ سائادەتلىك ئەسرىنى كۆرمىگەنلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى كۆرسىتىمىز! قېنى، يۈزلەرچە پەيلاسوپلىرىنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىشسۇن، ئۇ يەردە يۈز يىل تىرىشسۇن. ئەجەبا ئۇ زاتنىڭ ئۇ زامانغا نىسبەتەن بىر يىلدا قىلغىنىنىڭ يۈزدە بىرىسىنى قىلالامدىكىن؟...

**توققۇزىنچى تامچە:** ھەم بىلىسىلەركى، كىچىك بىر ئادەم، كىچىك بىر شەرىپى بىلەن، كىچىك بىر جامائەتكە، كىچىك بىر مەسىلىدە، مۇنازىرىلىك بىر دەۋادا، ئوچۇق- ئاشكارا ۋە پەرۋاسىز ھالدا، ئۆزى كىچىك، ئەمما خىجالەتكە سالىدىغان بىر يالغانىنى، دۈشمەنلىرىنىڭ يېنىدا ھىيلىسىنى ھېس قىلدۇرمىغىدەك دەرىجىدە ئۇستىلىق بىلەن، جىددىيلەشمەستىن سۆزلىيەلمەيدۇ . ئەمدى بۇ زاتقا قارا، ناھايىتى چوڭ بىر ۋەزىپىدە، ناھايىتى چوڭ بىر ۋەزىپىدار تۇرۇپ، ناھايىتى چوڭ بىر تۆھپىكارلىق بىلەن، ناھايىتى چوڭ بىر ئىشەنچكە مۇھتاج بىر ھالەتتە، ناھايىتى چوڭ بىر جامائەتكە، ناھايىتى چوڭ بىر دۈشمەنلىك قارشىسىدا، ناھايىتى چوڭ مەسىلىلەردە، ناھايىتى چوڭ دەۋادا، ناھايىتى ئۈستۈن ئەركىنلىك بىلەن، قورقماستىن، ئىككىلەنمەستىن، يوشۇرۇنماستىن، جىددىيلەشمەستىن، خالىس بىر سەمىمىيلىك بىلەن، ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن، دۈشمەنلىرىنىڭ جان تومۇرىغا تېگىدىغان شىددەتلىك ۋە يۈكسەك بىر تەرزدە سۆزلىگەن سۆزلىرىدە، بىر خاتالىق بولامدۇ؟ ھىيلە ئارىلىشىشى مۇمكىنمۇ؟ كەللا(ياق)! ﴿إِنْهُوَإِلَّاوَحْيٌيُوحَى﴾ شۇنداق، ھەق ئالدىمايدۇ، ھەقىقەتنى كۆرىدىغانلار ئالدانمايدۇ. ھەق بولغان مەسلىكى ھىيلىدىن بىھاجەتتۇر. ھەقنى كۆرىدىغان كۆزگە خىيالنىڭ ھەق بولۇپ كۆرۈنۈپ ئالدايدىغانغا نېمە ھەددى بار!...

**ئونىنچى تامچە:** مانا، نەقەدەر قىزىقىش قوزغايدىغان، نەقەدەر جەزىبىدار، نەقەدەر زۆرۈر، نەقەدەر دەھشەتلىك ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا ۋە مەسىلىلىرىنى ئىسپات قىلىۋاتقانلىقىغا قارا.

بىلىسەنكى، ئىنساننىڭ ئەڭ زىيادە ھەرىكىتىنى قوزغايدىغان نەرسە قىزىقىشتۇر. ھەتتا ئەگەر ساڭا: «يېرىم ئۆمرۈڭنى ۋە يېرىم مېلىڭنى بەرسەڭ، ئايدىن ياكى يۇپىتېردىن بىرى كېلىدۇ. ئايدا، يۇپىتېردا نېمىلەرنىڭ بارلىقىدىن ساڭا خەۋەر بېرىدۇ.

ھەم سىنىڭ ئىستىقبالىڭنى ۋە بېشىڭغا نېمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى توغرا شەكىلدە ئېيتىپ بېرىدۇ.» دېيىلسە، قىزىقىشىڭ بولسىلا بېرىسەن . ھالبۇكى شۇ زات، شۇنداق بىر سۇلتاننىڭ خەۋەرلىرىنى سۆزلەۋاتىدۇكى، مەملىكىتىدە ئاي شارى بىر چىۋىندەك بىر پەرۋانە ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ . يەر شارى دېيىلگەن ئۇ پەرۋانە بولسا، بىر لامپا ئەتراپىدا پەرۋاز قىلىدۇ. قۇياش بولغان ئۇ لامپا بولسا، ئۇ سۇلتاننىڭ مىڭلارچە شەھەرلىرىدىن بىرىسىنىڭ بىر مېھمانخانىسىدىكى مىڭلارچە چىراغلار ئىچىدە بىر لامپىسىدۇر. ھەم شۇنداق ئاجايىپ بىر ئالەمدىن ھەقىقىي شەكىلدە سۆزلەيدۇ ۋە شۇنداق بىر ئۆزگىرىشتىن خەۋەر بېرىدۇكى، مىڭلارچە يەر شارى بومبا بولۇپ پارتىلىسا، ئۇ قەدەر ئاجايىپ بولمايدۇ. قارا، ئۇنىڭ تىلىدىكى ﴿إِذَاالشَّمْسُ كُوِّرَتْ ❀ إِذَاالسَّمَا ءُانْفَطَرَتْ ❀اَلْقَارِعَةُ﴾ لارغا ئوخشاش سۈرىلەرنى تىڭشا... ھەم شۇنداق بىر ئىستىقبالدىن توغرا شەكىلدە خەۋەر بېرىدۇكى، بۇ دۇنيالىق ئىستىقبال، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر تامچە ئالۋۇن (سەراب) ھۆكمىدىدۇر. ھەم شۇنداق بىر سائادەتتىن ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن خەۋەر بېرىدۇكى، پۈتۈن دۇنيا سائادىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن، ۋاللىدە قىلىپ ئۆچكەن بىر چاقماقنىڭ بىر ئەبەدىي قۇياشقا بولغان نىسبىتىگە ئوخشايدۇ.

**ئون بىرىنچى تامچە:** شۇنداق ئاجايىپ ۋە سىرلارغا تولغان شۇ كائىناتنىڭ زاھىرىي پەردىسى ئاستىدا ئەلۋەتتە ۋە ئەلۋەتتە شۇنداق ئاجايىباتلار بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. شۇنداق ئاجايىباتلارنى خەۋەر بېرىدىغان، بۇنداق ھەيران قالارلىق ۋە پەۋقۇلئاددە مۆجىزە كۆرسەتكۈچى بىر زات لازىمدۇر. ھەم بۇ زاتنىڭ ئەھۋالىدىن كۆرۈنىدۇكى، ئۇ كۆرگەن، كۆرىدۇ ۋە كۆرگىنىنى سۆزلەيدۇ. ھەم «**بىزنى نېمەتلىرى بىلەن بىزنى باققان شۇ ساماۋات ۋە يەرنىڭ ئىلاھى بىزدىن نېمە كۈتۈۋاتىدۇ؟ قانداق قىلغاندا رازى بولىدۇ؟**» دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىزگە ناھايىتى ساغلام شەكىلدە دەرس بېرىدۇ. ھەم بۇلارغا ئوخشىغان يەنە نۇرغۇن قىزىقىش قوزغايدىغان، لازىملىق ھەقىقەتلەرنى دەرس بەرگەن بۇ زاتقا قارىتا، ھەر ئىشنى تاشلاپ ئۇنىڭغا يۈگۈرۈش، ئۇنى تىڭشاش زۆرۈر تۇرسا، كۆپىنچە ئىنسانلارغا نېمە بولغانكى، گاس، كور بولۇشقان. بەلكى ئەخمەق بولۇشقانكى، بۇ ھەقنى كۆرمەيۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتلەرنى ئاڭلىمايۋاتىدۇ، چۈشەنمەيۋاتىدۇ!...

**ئون ئىككىنچى تامچە:** مانا بۇ زات، شۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ بىرلىكىگە، ئۆزىنىڭ ھەقلىقى دەرىجىسىدە ھەق بىر بۇرھانى ناتىق (سۆزلىگۈچى دەلىل)، سادىق بىر ھۆججەت بولغىنىدەك، ھەشرىنىڭ (قايتا تىرىلىشنىڭ) ۋە ئەبەدىي سائادەتنىڭمۇ بىر قەتئىي ھۆججىتى، پارلاق بىر دەلىلىدۇر. ھەتتا ئۇ زات،

هدايىتى بىلەن ئەبەدىي سائادەتنىڭ قازىنىلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشىنىڭ ۋەسىلىسى بولغىنىدەك، دۇئاسى بىلەن، ئىلتىجاسى بىلەن، ئۇ سائادەتنىڭ بار بولۇشىنىڭ سەۋەبى ۋە يارىتىلىشىنىڭ ۋەسىلىسىدۇر. «ھەشر تېمىسى»دا دېيىلگەن شۇ سىرنى ماقام مۇناسىۋىتى بىلەن تەكرارلايمىز.

مانا قارا، ئۇ زات شۇنداق بىر بۈيۈك نامازدا دۇئا قىلىدۇكى، گويا شۇ يېرىم ئارال، بەلكى يەر شارى ئۇنىڭ بۈيۈك نامىزى بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ، دۇئا قىلىدۇ. قارا، ھەم شۇنداق بىر چوڭ جامائەتنىڭ ئىچىدە دۇئا قىلىدۇكى، گويا ئىنسانىيەت، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن ئەسرىمىزگىچە، قىيامەتكىچە، پۈتۈن نۇرانىي، كامىل ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىلەن ئىقتىدا قىلىپ، دۇئاسىغا «ئامىن!» دەيدۇ . ھەم قارا، شۇنداق بىر ئومۇمىي ھاجەت ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇكى، يەر شارىلا ئەمەس، بەلكى ساماۋات ئەھلى، بەلكى پۈتۈن مەۋجۇدات دۇئاسىغا «شۇنداق، ئى رەببىمىز! بەر، بىزمۇ شۇنى خالايمىز.» دەپ ئىشتىراك قىلىدۇ. ھەم شۇنداق پېقىرلارچە، بىچارىلەرچە، مەھبۇبلارچە، مۇشتاقلارچە ۋە يالۋۇرۇش بىلەن دۇئا قىلىدۇكى، پۈتۈن كائىناتنى يىغلىتىۋېتىدۇ، دۇئاسىغا ئىشتىراك قىلغۇزىدۇ. قارا، ھەم شۇنداق بىر مەقسەت، شۇنداق بىر غايە ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇكى، ئۇ مەقسەت ئىنسانىنى ۋە ئالەمنى... بەلكى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئەسفەلى سافىلىندىن (تۆۋەنلەرنىڭ تۆۋىنىدىن)، چۈكۈشتىن، قىممەتسىزلىكتىن، پايدىسىزلىقتىن، ئالايى ئىللىيىنگە (ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىلەرگە)، يەنى قىممەتكە، بەقاغا (باقىيلىققا)، ئۇلۇغ ۋەزىپىدارلىق دەرىجىسىگە چىقىرىدۇ . قارا، ھەم شۇنداق يۈكسەك بىر نالە قىلىپ ياردەم تىلەيدۇ ۋە شۇنداق تاتلىق ياۋۇرۇش بىلەن مەرھەمەت تەلەپ قىلىدۇ، دۇئا قىلىدۇكى، گويا پۈتۈن مەۋجۇداتقا، ساماۋاتقا ۋە ئەرشكە ئاڭلىتىپ، دۇئاسىغا ھاياجان بىلەن: «ئامىن، ئاللاھۇممە ئامىن!» دېگۈزىدۇ . قارا، شۇنداق سەمىئ (ئاڭلايدىغان)، كەرىم بىر قادىردىن... شۇنداق بەسىير (كۆرىدىغان)، رەھىم بىر ئەلىيمدىن (ھەممىنى بىلگۈچى اللهتىن) ھاجىتىنى تەلەپ قىلىدۇكى، بىلمۇشاھەدە (كۆرىنىدىغىنىدەك) ئەڭ يوشۇرۇن بىر جانلىقنىڭ ئەڭ مەخپىي بىر ھاجىتىنى، بىر دۇئاسىنى كۆرىدۇ، ئاڭلايدۇ، قوبۇل قىلىدۇ، مەرھەمەت قىلىدۇ. چۈنكى تەلەپ قىلغىنىنى (ئەھۋال تىلى بىلەن بولسىمۇ) بېرىدۇ . ۋە شۇنداق ھېكمەتكارانە، مەرھەمەتكارانە بىر سۈرەتتە كۆرۈپ تۇرۇپ بېرىدۇكى، بۇ تەربىيە ۋە تەدبىر، شۇنداق بىر سەمىئ ۋە بەسىر، كەرىم ۋە رەھىمگە خاس ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوقتۇر.

**ئون ئۈچىنچى تامچە:** ئەجەبا، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن پەزىلەتلىك كىشىلىرىنى ئارقىسىغا ئېلىپ، يەر شارى ئۈستىدە تۇرۇپ، ئەرشى ئەئزەمگە يۈزلىنىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغان شۇ ئىنسانىيەتنىڭ شەرىپى، ماكان ۋە زامانلاردا تەڭداشسىز ۋە ھەقىقەتەن كائىناتنىڭ پەخرى بولغان زات نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟ ئاڭلا: ئەبەدىي سائادەت خالاۋاتىدۇ؛ بەقا (باقىيلىق) خالاۋاتىدۇ؛ لىقائ (كۆرۈشۈش) خالاۋاتىدۇ؛ جەننەتنى خالاۋاتىدۇ؛ ھەم مەۋجۇدات ئەينەكلىرىدە ئەھكامىنى ۋە جامالىرىنى كۆرسەتكەن ﷲنىڭ پۈتۈن مۇقەددەس ئىسىملىرى بىلەن بىللە خالاۋاتىدۇ . ھەتتا، ئەگەر رەھمەت، ئىنايەت، ھىكمەت، ئادالەتتەك ھېسابسىز ئۇ مەقسەتلەرنىڭ زۆرۈرى سەۋەبلىرى بولمىغان بولسا، شۇ زاتنىڭ بىرلا دۇئاسى، باھارىمىزنىڭ يارىتىلىشىچىلىكلا قۇدرىتىگە يەڭگىل كەلگەن شۇ جەننەتنىڭ بىنا قىلىنىشىغا سەۋەب بولاتتى. شۇنداق، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى، شۇ ئىمتىھان دىيارىنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەب بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىبادىتىمۇ يەنە بىر دىيارىنىڭ ئېچىلىشىغا سەۋەبتۇر . ئەجەبا، ئەقىل ۋە تەھقىق ئەھلىگە لَيْسَفِىٱلْاِمْكَانِاَبْدَعُمِمَّاكَانَ دېگۈزگەن كائىناتتىكى شۇ كۆرۈنگەن ئالىي ئىنتىزام، شۇ رەھمەت ئىچىدە قۇسۇرسىز گۈزەل سەنئەت ۋە مىسلىسىز جامالى رۇبۇبىيەت؛ ئەڭ جۈزئىي، ئەڭ ئەھمىيەتسىز ئارزۇلارنى، نىدالارنى ئەھمىيەت بىلەن ئاڭلىغان يەردە، ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ لازىملىق ئارزۇلارنى ئەھمىيەتسىز كۆرۈپ ئاڭلىماسلىقى، چۈشەنمەسلىكى، قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق بىر چىركىنلىكنى، بۇنداق بىر مەرھەمەتسىزلىكنى، بۇنداق بىر ئىنتىزامسىزلىقنى ھېچ قوبۇل قىلامدۇ؟... ھاشا ۋە كەللا! يۈزمىڭ قېتىم ھاشا! بۇنداق بىر جامال، بۇنداق بىر چىركىنلىكنى قوبۇل قىلمايدۇ، چىركىن بولمايدۇ!

ئەي خىيالىي دوستۇم! ھازىرچە يېتەرلىك بولدى، قايتىپ كېتىشىمىز لازىم. بولمىسا، يۈز يىل شۇ زاماندا، شۇ يېرىم ئارالدا قالساق، يەنە ئۇ زاتنىڭ ئاجايىب ئىشلىرى ۋە غارايىب ۋەزىپىلىرىنىڭ يۈزدىن بىرسىنى تامامەن ئىھاتە قىلىپ، زوقىقا تويالمايمىز.

ئەمدى كەل، ئۈستىدىن قايتىدىغان ھەربىر ئەسىرگە بىر- بىرلەپ قاراپ ئۆتىمىز. ھەر ئەسىر ئۇ ھىدايەت قۇياشىدىن ئالغان فەيز بىلەن قانداق چېچەك ئاچقانلىقىغا قارا!

ئەبۇ ھەنىفە، شافىئى، بايەزىد بىستامى، شاھى گەيلانى، شاھى نەقشىبەندى، ئىمامى غەزالى، ئىمامى رەببانىدەك مىليونلارچە مۇنەۋۋەر مېۋىلەر بەردى.

كۆرگەنلىرىمىزنىڭ تەپسىلاتىنى باشقا ۋاقىتقا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇ مۆجىزە ۋە ھىدايەت ھەدىيەسى بىلەن كەلگەن زاتقا، بىر قىسىم قەتئىي مۆجىزىلىرىگە ئىشارەت قىلغان بىر سالاۋات (دۇرۇت) كەلتۈرەيلى:

عَلَىمَنْاُنْزِلَعَلَيْهِالْفُرْقَانُالْحَكِيمُمِنَالرَّحْمنِالرَّحِيمِ ❁ مِنَالْعَرْشِالْعَظِيمِسَيِّدِنَامُحَمَّدٍاَلْفُاَلْفِ صَلاَةٍوَاَلْفُاَلْفِسَلاَمٍبِعَدَدِحَسَنَاتِاُمَّتِهِعَلَىمَنْبَشَّرَبِرِسَالَتِهِالتَّوْرَيةُوَالْاِنْجِيلُوَالزَّبُورُ ❁ وَبَشَّرَبِ نُبُوَّتِهِالْاِرْهَاصَاتُوَهَوَاتِفُالْجِنِّوَاَوْلِيَاءُالْاِنْسِوَكَوَاهِنُالْبَشَرِ ❁ وَانْشَقَّبِاِشَارَتِهِالْقَمَرُ ❁ سَيِّدِنَامُ حَمَّدٍاَلْفُاَلْفِصَلاَةٍوَسَلاَمٍبِعَدَدِاَنْفَاسِاُمَّتِهِ ❁ عَلَىمَنْجَائَتْلِدَعْوَتِهِالشَّجَرُوَنَزَلَسُرْعَةًبِدُعَائِهِالْمَ طَرُوَاَظَلَّتْهُالْغَمَامَةُمِنَالْحَرِّ ❁ وَشَبَعَمِنْصَاعٍمِنْطَعَامِهِمِأتُّمِنَالْبَشَرِوَنَبَعَالْمَاءُمِنْبَيْنِاَصَابِعِهِثَ لاَثَمَرَّاتٍكَالْكَوْثَرِوَاَنْطَقَاللّٰهُلَهُالضَّبَّوَالظَّبْىَوَالْجِذْعَوَالذِّرَاعَوَالْجَمَلَوَالْجَبَلَوَالْحَجَرَوَالْمَدَرَصَا حِبِالْمِعْرَاجِوَمَازَاغَالْبَصَرُ ❁ سَيِّدِنَاوَشَفِيعِنَامُحَمَّدٍاَلْفُاَلْفِصَلاَةٍوَسَلاَمٍبِعَدَدِكُلِّالْحُرُوفِالْمُتَ شَكِّلَةِفِىالْكَلِمَاتِالْمُتَمَثِّلَةِبِاِذْنِالرَّحْمنِفِىمَرَايَاتَمَوُّجَاتِالْهَوَاءِعِنْدَقِرَائَةِكُلِّكَلِمَةٍمِنَالْقُرْآنِمِنْكُلِّقَا رِءٍمِنْاَوَّلِالنُّزُولِاِلَىآخِرِالزَّمَانِوَاغْفِرْلَنَاوَارْحَمْنَايَااِلهَنَابِكُلِّصَلاَةٍمِنْهَا ❁ آمِينَ

**[«شۇئائاتى مەرىفەتۇننەبىي» نامىدىكى تۈركچە بىر رىسالىمىزدە، ئون توققۇزىنچى مەكتۇپتا، ھەمدە شۇ سۆزدە قىسقىچە بايان قىلىنغان نۇبۇۋۋەتى ئەھمەدىيەنىڭ (ئە.س.ۋ) دەلىللىرىنى بايان قىلغانىدىم. ھەم ئۇنىڭدا قۇرئانى ھەكىمنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان . ۋە يەنە «لەمەئات» نامىدىكى بىر تۈركچە رىسالىدە ۋە يىگىرمە بەشىنچى سۆزدە قۇرئاننىڭ قىرىق جەھەتتىن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىخچام ھالدا بايان ۋە ئىشارەت قىلغانىدىم. ئۇ قىرىق تەرەپ ئىچىدە پەقەتلا نەزمىسىدىكى بالاغەتنى، «ئىشاراتۇل ئىيجاز» نامىدىكى ئەرەپچە بىر تەپسىردە قىرىق بەت ئىچىدە يازغانىدىم. ئەگەر ئېھتىياجىڭلار بولسا، ئۇ ئۈچ كىتابقا مۇراجىئەت قىلىڭلار...]**

**ئون تۆتىنچى تامچە:مۆجىزىلەر خەزىنىسى ۋە ئەڭ چوڭ مۆجىزە بولغان قۇرئانى ھەكىم** نۇبۇۋۋەتى ئەھمەدىيە بىلەن ﷲنىڭ بىرلىكىنى ئۇ دەرىجىدە قەتئىي ئىسپات قىلدۇكى، باشقا دەلىللەرگە ھاجەت قويمايدۇ. ھازىر ئۇنىڭ تەبىرىگە، شۇنداقلا تەنقىدكە سەۋەب بولغان بىر-ئىككى مۆجىزە لەمئاسىغا ئىشارەت قىلىمىز.

**رەببىمىزنى بىزگە تونۇتقان قۇرئانى ھەكىم، شۇ چوڭ كائىنات كىتابىنىڭ بىر ئەزەلىي تەرجىمىسى... شۇ يەر ۋە ساماۋات سەھىپىلىرىدە تارالغان ئىلاھىي ئىسىملار خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىسى... شۇ ھادىساتلار قۇرلىرىنىڭ ئاستىدىكى مەخپىي سىرلارنىڭ ئاچقۇچى... شۇ (كۆرىنىشاۋاتقان) شاھادەت ئالىمىنىڭ**

**پەردىسى ئارقىسىدىكى غەيب ئالىمى تەرەپتىن كەلگەن ﷲنىڭ رەھمانىي ئىلتىپاتلىرى ۋە ئەزەلىي خىتابلىرىنىڭ خەزىنىسى... شۇ ئىسلامىيەت مەنىۋى ئالىمىنىڭ قۇياشى، ئۇلى، چىرتيوژى، ئاخىرەت ئالەملىرىنىڭ خەرىتىسى... ﷲنىڭ زات، سۈپەت ۋە شۇئۇناتىنىڭ* شەرھىيلەش تىلى، ئوچۇق تەپسىرى، سۆزلىگەن دەلىلى، پارلاق تەرجىمانى... شۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ تەربىيىچىسى، ھەقىقىي ھىكمىتى، رەھبىرى ۋە ھادىيىسى (ھىدايەت بەرگۈچىسى)...ھەم ھىكمەت ۋە شەرىئەت كىتابى، ھەم دۇئا ۋە ئىبادەت كىتابى، ھەم بىر ئەمىر ۋە دەۋەت كىتابى، ھەم بىر زىكىر ۋە مەرىپەت كىتابىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن مەنىۋى ھاجەتلىرىگە قارىتا بىردىن كىتاب ۋە پۈتۈن ئوخشىمىغان مەسلەك ۋە ئىستىدات ئىگىلىرى بولغان ئەۋلىيا ۋە سىددىقىنىنىڭ، ئەسفىيا ۋە مۇھەققىقلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھېسلىرىگە لايىق بىردىن رىسالە كۆرسىتىپ بەرگەن بىر «مۇقەددەس كۈتۈپخانا»دۇر.**

قۇسۇر دەپ قارىلىپ قالغان تەكرارلىنىشلاردىكى مۆجىزىلىك لەمئاغا قارىغىنىكى، قۇرئان ھەم بىر زىكىر كىتابى، ھەم بىر دۇئا كىتابى، ھەم بىر دەۋەت كىتابى بولغانلىقتىن، ئىچىدە تەكرارلىنىشلارنىڭ بولۇشى گۈزەلدۇر . بەلكى زۆرۈر ۋە تېخىمۇ ئۈستۈن بالاغەتتۇر. قۇسۇرچىلارنىڭ پىكرىدىكىدەك ئەمەس. چۈنكى، زىكىرنىڭ شەنى(مۇناسىپ ئىشى) تەكرارلاش ئارقىلىق نۇرلاندۇرۇشتۇر . دۇئانىڭ شەنى تەكرارلاش ئارقىلىق تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەشتۇر . ئەمىر ۋە دەۋەتنىڭ شەنى تەكرارلاش بىلەن تەكىتلەشتۇر . ھەم ھەركىم، ھەر ۋاقىت پۈتۈن قۇرئاننى ئوقۇشقا قادىر بولالمايدۇ . ئەمما بىر سۈرىگە كۆپىنچە قادىر بولالايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، قۇرئاننىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرى كۆپىنچە ئۇزۇن سۈرىلەردە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەربىر سۈرە، كىچىك بىر قۇرئان ھۆكمىگە ئۆتكەن. دېمەك، ھېچكىمنى مەھرۇم قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، تەۋھىد، ھەشر ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسىدەك بەزى مەقسەتلەر تەكرارلانغان... ھەم جىسمانىي ئېھتىياجدەك مەنىۋى ھاجەتمۇ خىلمۇ-خىلدۇر . بەزىسىگە ئىنسان ھەر نەپەستە مۇھتاج بولىدۇ، تەنگە «ھاۋا»، روھقا «ھۇ» دەك. بەزىسىگە ھەر سائەت، «بىسمىللاھ»دەك. ۋەھاكازا... دېمەك ئايەتنىڭ تەكرارلىنىشى ئېھتىياجنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئۇ ئېھتىياجغا ئىشارەت قىلىش ۋە ئويغىتىپ ئىلھاملاندۇرۇش، ھەم ئىشتىياقنى ۋە ئىشتىھانى قوزغاش ئۈچۈن تەكرارلايدۇ.

* شۇئۇنات: ئىش، ئەھۋال، ھاللار.-ت

ھەم قۇرئان تەسىس قىلغۇچىدۇر. توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان دىنىنىڭ ئاساسىدۇر ۋە شۇ ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ ئۇللىرىدۇر. ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ، ئوخشىمىغان تەبىقىلەرنىڭ تەكرارلانغان سوئاللىرىغا جاۋاپتۇر. تەسىس قىلغۇچىغا مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن تەكرارلاش لازىم. قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تەكرارلاش لازىم . ساغلام قىلىش ئۈچۈن قايتىلاش، تەھقىقلەش، تەكرارلاش لازىم . ھەم شۇنداق چوڭ مەسىلىلەر ۋە ئىنچىكە ھەقىقەتلەردىن سۆزلەيدۇكى، ھەممىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىم، ئوخشىمىغان شەكىللەردە تەكرارلاش لازىم.

بۇنىڭ بىلەن بىللە، شەكىل جەھەتتىن تەكراردۇر. ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن ھەربىر ئايەتنىڭ نۇرغۇن مەنىلىرى، نۇرغۇن پايدىلىرى، نۇرغۇن تەرەپ ۋە تەبىقىلىرى بار. ھەربىر ماقامدا ئايرىم بىر مەنە، پايدا ۋە مەقسەتلەر ئۈچۈن زىكىر قىلىنىدۇ.

ھەم كائىنات مەۋجۇداتىغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ بەزىسىدە قۇرئانىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئىخچام بايان قىلىشى بولسا، ئىرشادىي بىر مۆجىزە جىلۋىسىدۇر. دىنسىزلارنىڭ ئويلىغىنىدەك تەنقىد ۋە قۇسۇر ئالامىتى ئەمەس.

**ئەگەر دېسەڭ :** ئەجەبا، نېمىشقا قۇرئانى ھەكىم پەلسەپىنىڭ مەۋجۇداتتىن سۆزلىگىنىدەك سۆزلىمەيدۇ؟ بەزى مەسىلىلەرنى قىسقىچىلا دەپ قويىدۇ. بەزىسىنى ئومۇمنىڭ نەزىرىنى كۆزدە تۇتىدىغان، كۆپچىلىك ئىنسانلارنىڭ ھېسلىرىنى قىينىمايدىغان، ئاۋامنىڭ پىكرىنى راھەتسىز قىلىپ ھارغۇزمايدىغان ئۈچۈن، ئاددى شەكىلدە سۆزلەيدۇ؟

**جاۋاب:** پەلسەپە ھەقىقەتنىڭ يولىدىن ئازغىنىپ قالغاندۇر، شۇ سەۋەبتىن... ھەم ئالدىنقى دەرسلەردىن ۋە سۆزلەردىن ئەلۋەتتە چۈشەندىڭلاركى، قۇرئانى ھەكىم، مەۋجۇداتتىن ﷲ نىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە ئىسىملىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۆزلەيدۇ. يەنى، ياراتقۇچىسىنى تونۇتتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ كائىنات كىتابىنىڭ مەنىلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، مەۋجۇداتقا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىسى ئۈچۈن قارايدۇ . ھەم ئومۇمغا خىتاب قىلىدۇ. پەلسەپە ئىلمى بولسا، مەۋجۇداتقا مەۋجۇدات ئۈچۈن قارايدۇ . ھەم خۇسۇسەن پەن ئەھلىگە خىتاب قىلىدۇ . ئۇنداقتا، مادەمكى قۇرئانى ھەكىم مەۋجۇداتنى باشقا مەقسەتكە دەلىل قىلىدۇ، پاكىت قىلىدۇ . ئۇنداقتا دەلىل ئوچۇق بولىشى، ئومۇمنىڭ نەزىرىدە تېز چۈشىنىلىشى كېرەك. ھەم مادەمكى، قۇرئانى مۇرشىد، پۈتۈن ئىنسان تەبىقىلىرىگە خىتاب قىلىدۇ . كۆپ سانلىق تەبىقە بولسا، ئاۋام تەبىقىسىدۇر. ئەلۋەتتە ئىرشاد

ئشى، كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىنچاقلاپ قىسقارتىشنى، ئىنچىكە نەرسىلەرنى مىسال بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشنى، چۈشىنەلمەيدىغان قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، زاھىرىي نەزەرلىرىدە ئېنىق كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى كېرەكسىز، بەلكى زىيانلىق بىر سۈرەتتە ئۆزگەرتمەسلىكنى خالايدۇ.

**مەسىلەن:** قۇياش ھەققىدە دەيدۇ: « ئايلىنىدىغان بىر چىراغدۇر، بىر لامپىدۇر.» چۈنكى قۇياشتىن، قۇياش ئۈچۈن، ماھىيىتى ئۈچۈن سۆزلىمەيدۇ. بەلكى قۇياشتىن سۆزلىشى ئۇنىڭ بىر تۈرلۈك ئىنتىزامنىڭ چىغىرىقى ۋە نىزامنىڭ مەركىزى بولغانلىقى؛ ئىنتىزام ۋە نىزام بولسا سەنئەتكارنىڭ مەرىپەت ئەينىكى بولغانلىقى ۋەجىدىندۇر. ئۇ ﴿وَالشَّمْسُتَجْرِى﴾ «قۇياش ئايلىنىدۇ» دەيدۇ . بۇ «ئايلىنىش» تەبىرى بىلەن، قىش، ياز، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ **ئالمىشىشىدىكى مۇنتىزىم قۇدرەت تەسەررۇپىنى ئەسلىتىش بىلەن، سەنئەتكارنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئىدراك قىلغۇزىدۇ.**

مانا بۇ «ئايلىنىش» ھەقىقىتى نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، مەقسەت قىلىنغان ۋە ھەمدە نەقىشلەنگەن، كۆرۈنگەن ئىنتىزامغا تەسىر قىلمايدۇ.

ھەم دەيدۇ: ﴿وَجَعَلَالشَّمْسَسِرَاجًا﴾ شۇ «چىراغ» تەبىرى بىلەن، ئالەمنى بىر قەسىر سۈرىتىدە، ئىچىدىكى شەيئىلەر بولسا، ئىنسانغا ۋە جانلىقلارغا تەييارلانغان زىننەت بويۇملىرى، تائاملار ۋە لازىمەتلىكلەر ئىكەنلىكىنى ۋە قۇياشنىڭمۇ چىراغ تۇتۇپ بېرىدىغان ئىتائەتلىك بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش بىلەن، ياراتقۇچىسىنىڭ رەھمەت ۋە ئېھسانىنى ئىدراك قىلغۇزىدۇ.

ئەمدى قارا شۇ ئەخمەق ۋە سەپسەتىچى پەلسەپە نېمە دەيدۇ؟ دەيدۇكى، «قۇياش، بىر ھەرىكەتچان، چوڭ ئوتلۇق بېرىكمىدۇر. ئۇنىڭدىن چاچرىغان سەييارىلارنى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ... چوڭلۇقى مۇنچىلىك، ماھىيىتى ئۇنداقتۇر، بۇنداقتۇر.» دەپ ئاجايىپ بىر دەھشەتتىن، مۇدھىش بىر ھەيرانلىقتىن باشقا، روھقا بىر ئىلمىي كامالەت بەرمەيدۇ. قۇرئان بايانىدەك دېمەيدۇ . بۇنىڭغا قىياسەن، ئىچى بوش، تېشى ھەيران قالارلىق كۆرۈنگەن پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنىڭ قانداق قىممەتتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋال. ئۇنىڭ دەبدەبىلىك كۆرۈنۈشىگە ئالدىنىپ، قۇرئاننىڭ غايەت مۆجىزىلىك بايانىغا قارشى ھۆرمەتسىزلىك قىلما!...

---

ئەسكەرتىش: ئەرەپچە رىسالەئى نۇردا ئون تۆتىنچى تامچىنىڭ ئالتە قەترىسى بار. بولۇپمۇ تۆتىنچى قەترىنىڭ ئالتە نۇكتەسى بار. قۇرئانى ھەكىمنىڭ قىرىقتەك مۆجىزە تۈرىدىن ئون بەشىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭغا كۇپايىلىنىپ، بۇ يەردە قىسقارتتۇق. خالىساڭ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىل، بىر مۆجىزىلەر خەزىنىسىنى تاپىسەن...

اَللّٰهُمَّاجْعَلِالْقُرْآنَشِفَاءًلَنَامِنْكُلِّدَاءٍوَمُونِسًالَنَافِىحَيَاتِنَاوَبَعْدَمَمَاتِنَاوَفِىالدُّنْيَاقَرِينًاوَفِىالْقَبْرِمُونِسًاوَفِىالْقِيَامَةِشَفِيعًاوَعَلَىالصِّرَاطِنُورًاوَمِنَالنَّارِسِتْرًاوَحِجَابًاوَفِىالْجَنَّةِرَفِيقًاوَاِلَىالْخَيْرَاتِكُلِّهَادَلِيلاًوَاِمَامًابِفَضْلِكَوَجُودِكَوَكَرَمِكَوَرَحْمَتِكَيَااَكْرَمَالْاَكْرَمِينَوَيَااَرْحَمَالرَّاحِمِينَآمِينَ

ٱللّٰهُمَّصَلِّوَسَلِّمْعَلَىمَنْاُنْزِلَعَلَيْهِالْفُرْقَانُالْحَكِيمُوَعَلَىآلِهِ وَصَحْبِهِاَجْمَعِينَآمِينَ

اَلْبَاقِىهُوَالْبَاقِى

سەئىد نۇرسى

* * *

شەققى قەمەر (ئاي يېرىلىش) مۆجىزىسىگە دائىردۇر

## (ئون توققۇزىنچى ۋە ئوتتۇز بىرىنچى سۆزلەرنىڭ زەيلى)

## بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

﴿اِقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ وَاِنْ يَرَوْا آيَةً يُعْرِضُوا وَيَقُولُوا سِحْرٌ مُسْتَمِرٌّ﴾ (قەمەر:1)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ ئايدەك پارلاق بىر مۆجىزىسى بولغان ئاينىڭ پارچىلىنىشىنى بۇزۇق ۋەھىملەر بىلەن پەردىلەشنى خالىغان پەيلاسوپلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇھاكىمىسىز تەقلىدچىلىرى دېيىشىۋاتىدۇكى: «ئەگەر ئاي راستىنلا يېرىلغان بولسا، پۈتكۈل ئالەمگە مەلۇم بولاتتى. ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تارىخلىرى نەقىل قىلىشى كېرەك ئىدى؟»

**جاۋاب :** ئاينىڭ پارچىلىنىشى، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىغا دەلىل بولۇش ئۈچۈن، ئۇ دەۋانى ئاڭلىغان ۋە ئىنكار قىلغان، ھەمدە شۇ يەردە ھازىر بولغان بىر جامائەتكە، كېچىدە، غەپلەت ۋاقتىدا، قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدىلا كۆرسىتىلگەنلىكتىن، ھەم ئاينىڭ تۇغۇش ئورنىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، تۇمان، بۇلۇت قاتارلىق كۆرۈشكە توسقۇن بولىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بار بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇ زاماندا مەدەنىيەت ئومۇملاشمىغانلىقتىن ۋە خۇسۇسىي قالغانلىقتىن، شۇنداقلا ئاسماننى كۆزىتىش ئاز بولغانلىقتىن ئالەمنىڭ ھەممە تەرىپىدە كۆرۈلۈشى، تارىخلاردا خاتىرىلىنىشى ئەلۋەتتە لازىم ئەمەس. ئاينىڭ پارچىلىنىشىغا ئائىت بۇ ۋەھىمە بۇلۇتلىرىنى تارقىتىدىغان كۆپلىگەن نۇقتىلاردىن ھازىرچە «بەش نۇقتا»نى ئاڭلا:

**بىرىنچى نۇقتا:** ئۇ زامانلاردا، ئۇ يەرلەردىكى كۇپپارلارنىڭ شىددەتلىك دەرىجىدىكى جاھىللىقلىرى تارىختا مەلۇم ۋە ئېنىقلىقى بويىچە، قۇرئانى ھەكىم ﴿وَ انْشَقَّ الْقَمَرُ﴾دېيىش بىلەن شۇ ۋەقەنى پۈتكۈل ئالەمگە خەۋەر بەرگەن تۇرۇقلۇق، قۇرئاننى ئىنكار قىلغان ئۇ كۇپپارلاردىن ھېچكىم شۇ ئايەتنى يالغانغا چىقىرىشقا، يەنى خەۋەر قىلغان شۇ ۋەقەنى ئىنكار قىلىشقا ئېغىز ئاچالمىغان . ئەگەر ئۇ زاماندا ئۇ ھادىسە ئۇ كۇپپارلار نەزىرىدە قەتئىي بولمىغان ۋە مەيدانغا كەلمىگەن بولسا، شۇ سۆزنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، غايەت دەھشەتلىك تەكزىبكە (يالغانغا چىقىرىشقا) ۋە پەيغەمبەرنىڭ دەۋاسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىغا ھۇجۇم قىلغان بولاتتى .

ھالبۇكى شۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان سىيەر ۋە تارىخ، كۇپپارلارنىڭ ئۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى سۆزلىگىنىگە دائىر ھېچبىر نەرسە نەقىل قىلمىغاندۇر . پەقەتلا ﴿وَ يَقُولُوا سِحْرٌ مُسْتَمِرٌّ﴾ ئايىتىنىڭ بايان قىلغىنىدەك، تارىختا نەقىل قىلىنغىنى شۇدۇركى: ئۇ ھادىسىنى كۆرگەن كۇپپارلار «سېھىردۇر» دېگەن ۋە «بىزگە سېھىر كۆرسەتتى . ئەگەر باشقا تەرەپلەردىكى كارۋانلار ۋە قەبىلىلەرمۇ كۆرگەن بولسا ھەقىقەتتۇر. بولمىسا بىزگە سېھىر قىلغان بولىدۇ» دېيىشتى . شۇ ئەتىگىنى يەمەن ۋە باشقا تەرەپلەردىن كەلگەن كارۋانلار: « مۇشۇنداق بىر ھادىسىنى كۆردۇق» دەپ خەۋەر بېرىشتى. ئاندىن كۇپپارلار فەخرى ئالەم(ئە.س.ۋ) ھەققىدە (ھاشا!): «ئەبۇ تالىبنىڭ يېتىمىنىڭ سېھرى ئاسمانغىمۇ تەسىر قىلدى» دېيىشتى.

**ئىككىنچى نۇقتا:** سەئدى تەفتەزانىدەك مۇھەققىقلەرنىڭ بۈيۈكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېيىشكەنكى: «بۇ شەققى قەمەر مۆجىزىسى، بارماقلىرىدىن سۇ ئېقىشى ۋە بىر قوشۇنغا ئىچۈرىشى، مەسجىدتە خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يۆلەنگەن تۈۋرۈكنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىراقىدىن يىغلىشى ۋە پۈتۈن جامائەتنىڭ ئاڭلىشىغا ئوخشاشلا مۇتەۋاتىردۇر. يەنى، تەبىقىدىن تەبىقىگە شۇنداق كۆپ بىر جامائەت نەقىل قىلىنغاندۇركى، يالغانغا چىقىرىش مۇمكىنسىزدۇر. ‹ھالە›گە ئوخشاش مەشھۇر بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ مىڭ يىل بۇرۇن چىققانلىقىدەكلا مۇتەۋاتىردۇر . بىز كۆرمىگەن سەرەندىپ ئارىلىنىڭ بارلىقىدەكلا تەۋاتۇر بىلەن بارلىقى قەتئىيدۇر.» دېيىشكەندۇر . مانا بۇنداق غايەت قەتئىي ۋە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەسىلىلەردە ۋەھىمە پەيدا قىلماق ئەقىلسىزلىقتۇر. پەقەت مۇمكىنسىز بولمىسا كۇپايىدۇر. ھالبۇكى ئاينىڭ يېرىلغانلىقى، بىر ۋولقان بىلەن يېرىلغان تاغدەك مۇمكىندۇر.

**ئۈچىنچى نۇقتا:** مۆجىزە پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن، ئىنكار قىلغۇچىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈندۇر. مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇنداق بولغانىكەن، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى ئاڭلىغانلار ئۈچۈن قايىل قىلىدىغان بىر دەرىجىدە مۆجىزە كۆرسەتمەك لازىمدۇر. باشقا تەرەپلەرگە كۆرسەتمەك ۋەياكى مەجبۇرلاش دەرىجىسىدە بىر ئوچۇقلۇق بىلەن ئىزھار قىلىش ھەكىمى زۇلجەلالنىڭ (ﷻ) ھىكمىتىگە زىت بولغىنىدەكلا، تەكلىف (ئىمتىھان) سىرىغىمۇ مۇخالىپتۇر. چۈنكى، «ئەقىلگە ئىشىك ئاچماق، ئىختىيارنى قولىدىن ئالماسلىق» نى تەكلىف سىرى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر فاترى ھەكىم ئاينىڭ پارچىلىنىشىنى پەيلاسوپلارنىڭ ھەۋەسلىرى بويىچە پۈتۈن ئالەمگە كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر- ئىككى سائەت شۇنداق قويغان بولسا ئىدى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تارىخىغا يېزىلغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا باشقا ئاسمان ھادىسىلىرىگە ئوخشاشلا يا پەيغەمبەرلىك دەۋاسىغا دەلىل بولالمايتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئالاقىدارلىقى قالمايتتى . ۋەياكى ئوچۇق دەرىجىدە شۇنداق بىر مۆجىزە بولاتتىكى، ئەقىلنى مەجبۇر قىلاتتى، ئەقىلنىڭ ئىختىيارىنى قولىدىن ئالاتتى. خالىسىمۇ- خالىمىسىمۇ پەيغەمبەرلىكنى تەستىق قىلاتتى . ئەبۇ جەھىلدەك كۆمۈر روھلۇق ئادەم ئەبۇ بەكرى سىددىقتەك ئالماس روھلۇق ئادەملەر بىلەن بىر سەۋىيەدە قېلىپ، تەكلىف سىرى زايا بولاتتى . مانا بۇ سىر ئۈچۈندۇركى، ھەم قىسقىلا ۋاقىتتا، ھەم كېچە، ھەم غەپلەت پەيتى، ھەم ئاينىڭ كۆرۈنۈش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى، تۇمان ۋە بۇلۇتتەك باشقا توسالغۇلار پەردە بولۇپ پۈتۈن ئالەمگە كۆرسىتىلمىدى ۋەياكى تارىخلارغا قەيت قىلىنمىدى.

**تۆتىنچى نۇقتا:** شۇ ھادىسە، كېچە ۋاقتىدا، ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەندە، قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە مەيدانغا كەلگەنلىكتىن ئالەمنىڭ ھەممە تەرىپىدە ئەلۋەتتە كۆرۈنمەيدۇ . بەزى تەرەپلەردە كۆرۈنسىمۇ، كۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. كۆزىنى ئىشەندۈرسىمۇ، ئەلۋەتتە بۇنداق مۇھىم بىر ھادىسە بىرەر ئادەمنىڭ خەۋىرى بىلەن تارىخلارغا دائىمى بىر سەرمايە بولمايدۇ...

بەزى كىتابلاردىكى: «ئاي ئىككى پارچە بولغاندىن كېيىن يەرگە چۈشكەن...» ئىلاۋىسىنى بولسا، ئەھلى تەھقىق رەت قىلغاندۇر. شۇ ئوچۇق مۆجىزىنى قىممىتىدىن چۈشۈرۈش نىيىتى بىلەن بەلكىم بىر مۇناپىق قېتىپ قويغان، دېيىشكەندۇر.

يەنە مەسىلەن، ئۇ چاغدا جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغان ئەنگلىيە، ئىسپانىيەلەردە كۈن يېڭى پاتقان، ئامېرىكىدا كۈندۈز، جۇڭگودا، ياپونىيەدە ئەتىگەن

بولغىنىدەك، باشقا يەرلەردە باشقا توسالغۇ بولىدىغان سەۋەبلەرگە بىنائەن ئەلۋەتتە كۆرۈلمەيدۇ. ئەمدى بۇ ئېتىرازچىغا قارا، ئۇ دەۋاتىدۇكى: «ئەنگىلىيە، جۇڭگو، ياپونىيە، ئامېرىكىدەك قەۋملەرنىڭ تارىخلىرى بۇنىڭدىن سۆزلىمەيدۇ، ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ ۋەقە يۈز بەرمىگەن.» **مىڭلارچە لەنەت ئۇنىڭدەك ياۋرۇپا يۈندىخورلىرىنىڭ بېشىغا!...**

**بەشىنچى نۇقتا:** ئاينىڭ پارچىلىنىشى قانداقمۇ ئاددى، تەبىئەت قانۇنلىرىغا تەتبىق قىلىنسۇن؟ چۈنكى بۇ ھادىسە ئۆزلىكىدىن بەزى سەۋەبلەرگە بىنائەن مەيدانغا كەلگەن، تاسادىپى، تەبىئي بىر ھادىسە ئەمەس، بەلكى قۇياش ۋە ئاينىڭ ھىكمەتلىك ياراتقۇچىسى رەسۇلىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىش ۋە دەۋاسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ھەيران قالارلىق شەكىلدە ئۇ ھادىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . ئىرشاد سىرى ۋە تەكلىف سىرىنىڭ، ھەمدە پەيغەمبەرلىك ھىكمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن، رەبباني ھىكمەت خالىغان ئىنسانلارغا قايىل قىلغۇچى ھۆججەت بولۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەندۇر . ئۇ ھىكمەت سىرى تەقەززا قىلمىغان، خالىمىغان ۋە تېخى نۇبۇۋۋەت دەۋاسىنى ئاڭلىمىغان زېمىنىنىڭ باشقا تەرىپىدىكى ئىنسانلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، تۇمان، بۇلۇت ۋە كۆرىنىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن؛ بەزى مەملىكەتتە ئاينىڭ تېخى چىقماسلىقى، بەزىلىرىدە كۈننىڭ چىقىشى، بىر قىسمىدا يېڭى تاڭ ئېتىشى ۋە بىر قىسمىدا قۇياشنىڭ يېڭى پېتىشىغا ئوخشاش، ئۇ ھادىسىنى كۆرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەرگە بىنائەن كۆرسىتىلمىگەن . ئەگەر ئۇلارغىمۇ كۆرسىتىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا يا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارىتىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلەتتى... ئۇ چاغدا پەيغەمبەرلىكى بەداھەت (ئوچۇق) دەرىجىسىگە چىقاتتى. ھەركىم تەستىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالاتتى. ئەقلىنىڭ ئىختىيارى قالمايتتى. **(ئىمان بولسا، ئەقلىنىڭ ئىختىيارى بىلەندۇر.)** تەكلىف سىرى زايا بولاتتى. ئەگەر پەقەتلا بىر ئاسمان ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋىتى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خاسلىقى قالمايتتى.

**خۇلاسە:** ئاينىڭ پارچىلىنىشىنىڭ مۇمكىنلىكىدە شۈبھە قالمىدى، قەتئىي ئىسپات قىلىندى . ئەمدى، مەيدانغا كەلگەنلىكىگە دەلالەت قىلغان كۆپلىگەن دەلىللەردىن ئالتىسىغا (ھاشىيە)* ئىشارەت قىلىمىز. يەنى:

* (ھاشىيە) : يەنى، بۇ مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە دائىر ئالتە تۈرلۈك ئىجما (بىرلىككە

ئەھلى ئادالەت بولغان ساھابىلەرنىڭ ئۇ مۆجىزىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدە بىرلىككە كېلىشى... ۋە پۈتۈن ئەھلى تەھقىق مۇفەسسىرلەرنىڭ ﴿وَ انْشَقَّ الْقَمَرُ﴾ تەپسىرىدە ئۇنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدە بىر پىكىردە بولۇشى... ۋە پۈتۈن توغرا رىۋايەت ئەھلى بولغان مۇھەددىسلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ سەنەدلەر بىلەن ۋە ئوخشىمىغان يوللار بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلىشى... ھەمدە كەشف ۋە ئىلھام ئەھلى بولغان ئەۋلىيا ۋە سىددىقىنلارنىڭ گۇۋاھلىقى... ۋە ئىلمى كالامنىڭ مەسىلەك بويىچە بىر- بىرىدىن ناھايىتى ئۇزاق بولغان ئىماملىرىنىڭ ۋە بۈيۈك ئالىملارنىڭ تەستىقى... ۋە ئېنىق نەس (ھۆكۈم) بىلەن ئازغۇنلۇقتا بىرلىككە كېلىشى مۇمكىن بولمىغان ئۈممەتى مۇھەممەدىيەنىڭ (ئە.س.ۋ) ئۇ ۋەقەنى قوبۇل قىلىشلىرى قۇياشقا ئوخشاش پارلاق دەرىجىدە ئاينىڭ يېرىلغانلىقىنى ئىسپات قىلىدۇ.

**خۇلاسە:** بۇ يەرگىچە تەھقىق نامىدىن ۋە دۈشمەننى يېڭىش ھېسابىغا ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىلەر ھەقىقەت نامىدىن ۋە ئىمان ھېسابىغادۇر. شۇنداق، تەھقىق يۇقىرىقىدەك دېدى. ھەقىقەت بولسا دەيدۇكى:

پەيغەمبەرلىك ساماسىنىڭ نۇرلۇق ئېيى بولغان خاتەمى دىۋانى نۇبۇۋۋەتنىڭ، مەھبۇبىيەت (سۆيۈلۈش) دەرىجىسىگە چىققان ئۇبۇدىيىتىدىكى (قۇللۇقىدىكى) ئەۋلىيالىقىنىڭ يۈكسەك كارامىتى ۋە بۈيۈك مۆجىزىسى بولغان مىئراج بىلەن، يەنى زېمىندىكى بىر تەننى ئاسماندا كەزدۈرۈش ئارقىلىق ساماۋاتنىڭ ئاھالىسىگە ۋە يۈكسەك ئالەمنىڭ ئەھلىگە ئۈستۈنلىكى ۋە مەھبۇبىيىتى كۆرسىتىلگەن ۋە ۋەلايىتىنى (ئەۋلىيالىقىنى) ئىسپات قىلغىنىدەك، يەرگە باغلىق ۋە ئاسمانغا ئېسىغلىق بولغان ئاينى بىر يەر شارىلىقىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ، يەر شارىنىڭ ئاھالىسىگە ئۇ يەر شارىلىقىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن شۇنداق بىر دەلىل كۆرسىتىلدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاينىڭ ئېچىلغان ئىككى نۇرانىي قانىتىدەك، رىسالەت (پەيغەمبەرلىك) ۋە ۋەلايەت كەبى ئىككى نۇرانىي قانىتى بىلەن، ئىككى زىيادار جەناھ (قانات) بىلەن، كامالەت چوققىسىغا ئۇچقان... تا قابى قەۋسەينگە چىققان؛ ھەم ساماۋات ئەھلىگە، ھەم زېمىن ئەھلىگە پەخىرلىنىش سەۋەبى بولغان...

عَلَيْهِ وَعَلَى آلِهِ الصَّلاَةُ وَ التَّسْلِيمَاتُ مْلاَ ٱلاَرْضِ وَالسَّمٰوَاتِ

﴿سُبْحَانَكَ لاَ عِلْمَلَنَا اِلاَّ مَا عَلَّمْتَنَا اِنَّكَ اَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ﴾ والسلام

---

كېلىش) سۈرىتىدە ئالتە ھۆججەت باردۇر. بۇ ماقام كۆپ ئىزاھقا لايىق ئىدى، ئەپسۇسكى قىسقا قالدى .

**«مۇئجىزاتى ئەھمەدىيە» (ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام) رىسالىسىنىڭ زەيلىنىڭ بىر پارچىسىدۇر**

**شۇ بۈيۈك مىئراج نىمە ئۈچۈن مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا مەخسۇستۇر؟**

**جاۋاپ:** شۇ بىرىنچى مەسىلە ئوتتۇز پارچە «سۆزلەر»دە تەپسىلي ئىزاھ قىلىنغاندۇر. بۇ يەردە پەقەتلا زاتى ئەھمەدىيەنىڭ(س.ئە.ۋ) كامالىتىگە، پەيغەمبەرلىك دەلىللىگە ۋە ئۇ بۈيۈك مىراجغا ئەڭ لايىق ئۇ زات ئىكەنلىكىگە قىسقىچە ئىشارەتلەر تۆرىدە بىر يىغىنچاق خۇلاسە كۆرسىتىمىز. يەنى:

**بىرىنچىدىن:** تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇردەك مۇقەددەس كىتابلار كۆپلىگەن ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، مۇشۇ زامانىدىمۇ ھۈسەيىن جىسرىيدەك بىر تەھقىق ئالىمى نۇبۇۋۋەتى ئەھمەدىيەگە (س.ئە.ۋ) دائىر ئۇ كىتابلاردىن بىر يۈز ئونتۆت ئىشارىي بىشارەتلەر چىقىرىپ «رىسالەئى ھەمىدىيە»دە كۆرسەتكەندۇر.

**ئىككىنچىدىن:** تارىختا مەلۇمدۇركى، شىق ۋە سەتىھدەك مەشھۇر ئىككى كاھىننىڭ (غەيبتىن خەۋەر بەرگۈچى) نۇبۇۋۋەتى ئەھمەدىيەدىن (س.ئە.ۋ) بىر ئاز بۇرۇن، ئۇنىڭ نۇبۇۋۋىتىگە(پەيغەمبەرلىكىگە) ۋە ئاخىرزامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۇئىكەنلىكىگە ئائىت بايانلىرىدەك كۆپلىگەن بىشارەتلەر سەھىھ بىر شەكىلدە تارىختا نەقىل قىلىنغاندۇر.

**ئۈچىنچىدىن:** پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان كېچىدە كەبىدىكى بۇتلارنىڭ يىقىلىشى ۋە پارس پادىشاھىنىڭ مەشھۇر سارىيىنىڭ يىمىرىلىشىدەك «ئىرھاسات» دېيىلگەن يۈزلەرچە ھەيران قالارلىق ئەھۋاللار تارىختا مەشھۇر بولغاندۇر.

**تۆتىنچىدىن:** تارىخ ۋە سىيەرنىڭ (ئۇ زاتنىڭ ھاياتىي تارىخىنىڭ) گۇۋاھلىقى بىلەن، بىر قوشۇنغا بارماقلىرىدىن ئاققان سۇنى ئىچكۈزۈشى، مەسجىدتە چوڭ بىر جامائەت ئالدىدا قۇرۇق تىرەكنىڭ مۇنبەرنىڭ يۆتكىلىشى سەۋەبلىك، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىشى بىلەن تۆگىدەك ئىڭراپ يىغلىشى، ﴿وَانْشَقَّ الْقَمَرُ﴾ دېگەن ئېنىق ئايەت بويىچە ئاينىڭ پارچىلىنىشىدەك تەھقىق ئالىملىرىنىڭ پىكرى بىلەن مىڭغا يەتكەن مۆجىزىلىرى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ شەرەپ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**بەشىنچىدىن:** دوست ۋە دۈشمەنلەرنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن ئۇ زاتتا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە؛ پۈتۈن مۇئامىلىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ۋەزىپىسى ۋە تەبلىغىدە گۈزەل خىسلەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىدە؛ ئىسلام دىنىدىكى ئۈستۈن ئەخلاقلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن شەرىئىتىدە ماختىلىشقا لايىق پەزىلەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ئىكەنلىكى بويىچە ئىنساپ ۋە دىققەت ئەھلى ئىككىلەنمەيدۇ.

**ئالتىنچىدىن:** ئونىنچى سۆزنىڭ ئىككىنچى ئىشارىتىدە ئىشارەت قىلىنغاندەك، ئۇلۇھىيەت(ئىلاھلىق)، ھىكمەتنىڭ ئىقتىزاسى بويىچە كۆرۈنۈشنى خالىشىغا جاۋابەن، زاتى ئەھمەدىيە(س.ئە.ۋ) دىنىدىكى يۈكسەك ئىبادىتى ئارقىلىق ئەڭ پارلاق بىر دەرىجىدە كۆرسەتكەندۇر.

ھەم ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ چەكسىز كامالەتتىكى گۈزەللىكىنى بىر ۋاستە ئارقىلىق، ھىكمەت ۋە ھەقىقەتنىڭ ئىقتىزاسى بويىچە كۆرسىتىشنى خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ گۈزەل بىر سۈرەتتە كۆرسەتكۈچى ۋە تەرىپ قىلغۇچى بىلبەداھە (ئېنىقكى) يەنە ئۇ زاتتۇر.

ھەم ئالەمنىڭ سەنئەتكارىنىڭ چەكسىز گۈزەل بولغان سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى كامالەتلىرىگە دىققەت نەزەرلەرنى جەلپ قىلىش، كۆرسىتىشنى خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ يۈكسەك بىر سادا بىلەن ۋاستىچىلىق قىلغان يەنە بىلمۇشاھەدە (كۆرۈنگىنىدەك) ئۇ زاتتۇر.

ھەم پۈتۈن ئالەملەرنىڭ رەببى كۆپلۈك تەبىقىلىرىدە بىرلىكنى ئېلان قىلىشنى خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ ئۈستۈن بىر دەرىجىدە تەۋھىدنىڭ بارلىق مەرتىبىلىرىنى ئېلان قىلغان يەنە بىززارۇرە (قەتئىي) ئۇ زاتتۇر.

ھەم ئالەمنىڭ ئىگىسىنىڭ، ئەسەرلىرىدە نامايەن قىلغان چەكسىز دەرىجىدىكى گۈزەللىكىنىڭ ئىشارىتى بىلەن چەكسىز ھۆسنىنى، جامالىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە لەتاپىتىنى ئەينەكلەردە ھەقىقەت ۋە ھىكمەتنىڭ تەلىپى بويىچە كۆرۈش ۋە كۆرسىتىشنى خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ دەبدەبىلىك بىر سۈرەتتە ئەينەكدارلىق قىلغان ۋە كۆرسەتكەن، ھەمدە سۆيۈپ باشقىلارغا سۆيدۈرگەن يەنە بىلبەداھە ئۇ زاتتۇر.

ھەم شۇ ئالەم سارىيىنىڭ سەنئەتكارى بەكمۇ ھەيران قالارلىق مۆجىزىلەر بىلەن، بەكمۇ قىممەتلىك جەۋھەرلەر بىلەن تولغان غەيبىي خەزىنىلىرىنى ئېچىش ۋە كۆرسىتىشنى ۋە ئۇ ئارقىلىق كامالىتىنى تەرىپ قىلىش ۋە بىلدۈرۈشنى خالىشىغا

جاۋابەن، ئەڭ يۈكسەك بىر سۈرەتتە كۆرسەتكەن، سۈپەتلىگەن ۋە تەرىپ قىلغان يەنە بىلبەداھە ئۇ زاتتۇر.

ھەم شۇ كائىناتنىڭ سەنئەتكارى، شۇ كائىناتنى قۇرۇپ، تۈرلۈك ئاجايىباتلار ۋە زىننەتلەر بىلەن گۈزەللەشتۈرۈپ، مەخلۇقاتىدىن ئىدراك ئىگىلىرىنى سەير-ساياھەت، ھۇزۇرلىنىش ۋە تەپەككۇر ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىگە داخىل قىلىشى، شۇنداقلا ھىكمىتىنىڭ ئىقتىزاسى بويىچە ئۇلارغا بۇ ئەسەر ۋە سەنئەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ۋە قىممەتلىرىنى بىلدۈرۈشنى خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ يۈكسەك بىر سۈرەتتە جىن ۋە ئىنسانىيەتكە، ھەتتا روھانىي ۋە پەرىشتىلەرگىمۇ قۇرئانى ھەكىم ۋاستىسى بىلەن رەھبەرلىك قىلغان يەنە بىلبەداھە ئۇ زاتتۇر.

ھەم شۇ كائىناتنىڭ ھىكمەتلىك ھاكىمى شۇ كائىناتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىكى مەقسەت ۋە غايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يوشۇرۇن تىلسىمنى ۋە مەۋجۇداتنىڭ **«قەيەردىن؟ قەيەرگە؟ ۋە نېمە ئىكەنلىكلىرى»** دىن ئىبارەت شۇ ئۈچ مۈشكۈل سوئالنىڭ سىرىنى بىر ئەلچى ۋاستىسى بىلەن بارلىق ئىدراك ئىگىلىرىگە ئاچقۇزۇشنى خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ ئوچۇق بىر سۈرەتتە ۋە ئەڭ يۈكسەك بىر دەرىجىدە، قۇرئان ھەقىقەتلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇ تىلسىمنى ئاچقان ۋە ئۇ سىرنى ھەل قىلغان يەنە بىلبەداھە ئۇ زاتتۇر.

ھەم شۇ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارى پۈتۈن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق، ئۆزىنى ئىدراك ئىگىلىرىگە تونۇتتۇرۇشى ۋە قىممەتلىك نېئمەتلىرى بىلەن ئۆزىنى ئۇلارغا سۆيدۈرۈشى، ھەمدە ئۇنىڭغا قارىتا ئىدراك ئىگىلىرىگە ئىلاھىي رازىلىقى ۋە ئارزۇسىنى بىر ئەلچى ۋاستىسى ئارقىلىق بىلدۈرۈشنى قەتئىي خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ ئۈستۈن ۋە مۇكەممەل بىر سۈرەتتە قۇرئان ۋاستىسى بىلەن ئۇ رازىلىق ۋە ئارزۇنى بايان قىلغان ۋە كەلتۈرگەن يەنە بىلبەداھە ئۇ زاتتۇر.

ھەم ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ مېۋىسى بولغان ئىنسانغا، ئاللەمنى ئىچىگە ئالغىدەك بىر كەڭرى دائىرىلىك قابىلىيەت بەرگەنلىكتىن ۋە ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئىبادەتكە لايىق قىلغانلىقتىن، شۇنداقلا ئۇ ئىنسانمۇ ھېس- تۇيغۇ بويىچە كۆپلۈككە (سەۋەبلەرگە) ۋە دۇنياغا مۇپتىلا بولغانلىقتىن، بىر رەھبەر ۋاستىسى بىلەن يۈزلىرىنى كۆپلۈكتىن بىرلىككە (تەۋھىدكە)، فانىيدىن باقىيغا بۇراشنى خالىشىغا جاۋابەن، ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە، ئەڭ بالاغەتلىك بىر سۈرەتتە ۋە قۇرئان ۋاستىسى بىلەن ئەڭ گۈزەل بىر دەرىجىدە رەھبەرلىك قىلغان، ھەم ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئورۇنلىغان يەنە بىلبەداھە ئۇ زاتتۇر.

دېمەك مەۋجۇداتنىڭ ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك بولغان زىيھايات (ھايات ئىگىلىرى)، زىيھايات ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك بولغان زىيشۇئۇر (ئىدراك ئىگىلىرى)، زىيشۇئۇر ئىچىدىمۇ ئەڭ شەرەپلىك بولغان ھەقىقىي ئىنسان، ھەمدە ھەقىقىي ئىنسانلار ئىچىدىمۇ ۋەزىپىلىرىنى ئەڭ ئۈستۈن بىر دەرىجىدە، ئەڭ مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئادا قىلغان زات، ئەلۋەتتە ئەڭ بۈيۈك بىر مىراجىبلەن قابى قەۋسەينىگەچىقىدۇ، ئەبەدىي سائادەتنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، رەھمەت خەزىنىسىنى ئاچىدۇ ۋە ئىماننىڭ غەيبىي ھەقىقەتلىرىنى كۆرىدۇ (س.ئە.ۋ).

**يەتتىنچىدىن:** بىلمۇشاھەدە شۇ سەنئەت ئەسەرلىرىدە غايەت گۈزەل دەرىجىدە بىر بېزەش، چەكسىز كۆركەم دەرىجىدە بىر زىننەتلەش باردۇر. شۇنداق گۈزەللەشتۈرۈش ۋە زىننەتلەش، بىلبەداھە ئۇنىڭ سەنئەتكارىدا ناھايىتى كۈچلۈك بىر گۈزەللەشتۈرۈش ۋە زىننەتلەش ئىرادىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. گۈزەللەشتۈرۈش ۋە زىننەتلەش ئىرادىسى بولسا، ئۇ سەنئەتكاردا چوقۇم سەنئەت ئەسىرىگە قارىتا كۈچلۈك بىر مۇھەببەت ۋە مۇقەددەس بىر ياخشى كۆرۈش بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇجەسسەم، سەنئەتلەرنىڭ لەتاپىتىنى(نەپىسلىكىنى) پۈتۈنلەي ئۆزىدە كۆرسەتكەن، بىلگەن ۋە بىلدۈرگەن، ئۆزىنى سۆيدۈرگەن، ھەمدە باشقا سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى گۈزەللىكلەرنى «ماشاالله» دەپ ئالقىشلىغان زات، بىلبەداھە ئۇ سەنئەتپەرۋەر ۋە سەنئىتىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەن ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ زىيادە مەھبۇب (سۆيۈلگۈچى) بولىدۇ.

مانا بۇ سەنئەت ئەسەرلىرىنى زىننەتلىگەن گۈزەللىكلەرگە ۋە مەۋجۇداتنى نۇرلاندۇرغان كامالەتلەرگە قارىتا «سۇبھانالالاھ، ماشاالله، الله ئەكبەر» دەپ ئاسمانلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، قۇرئاننىڭ كۈيلىرى بىلەن كائىناتنى ھاياجانغا كەلتۈرگەن، ئالقىشلاش ۋە تەقدىرلەشلەر بىلەن، تەپەككۇر ۋە نامايەن قىلىش بىلەن، زىكىر ۋە تەۋھىد بىلەن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلارنى لەرزىگە كەلتۈرگەن يەنە بىلمۇشاھەدە ئۇ زاتتۇر.

دېمەك، شۇنداق بىر زاتكى، اَلسَّبَبُ كَالْفَاعِلِ (سەۋەب بولغان قىلغاندەك) سىرى بويىچە پۈتۈن ئۈممىتىنىڭ قىلغان ساۋاب ئەمەللىرى ئەينەن ئۇنىڭ سەھىپىسىگە يېزىلىپ تۇرىدىغان، بارلىق ئۈممىتىنىڭ دۇرۇتلىرى ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى ئۆستۈرۈپ تۇرىدىغان، ھەمدە پەيغەمبەرلىك بىلەن ئادا قىلغان ۋەزىپىلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ۋە مەنىۋى ھەقلىرى بىلەن بىللە، ئىلاھىي رەھمەت ۋە مۇھەببەتنىڭ چەكسىز فەيزىگە ئىگە بولغان بىر زاتنىڭ ئەلۋەتتە مىراج لىفتى ئارقىلىق جەننەتكە،

سدرەتۇل مۇنتەھاغا، ئەرشكە ۋە قابى قەۋسەينگچە بىرشى دەل ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر ۋە ھىكمەتنىڭ تەلپىدۇر... (ھاشىيە)*

اَلْبَاقِى هُوَالْبَاقِى

سەئىد نۇرسى

---

*(ھاشىيە): ئەڭ مۇھىم بىر ئىسلامىي گېزىتتە، پۈتكۈل ئىسلام ئالىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك سىياسەتچىلەردىن، ھەمدە ئىجتىمائىي ھايات بىلەن بەكمۇ ئالاقىدار بولغان پۈتۈن قانۇنشۇناسلاردىن چوڭ ئەجنەبىي پەيلاسوپلار 1927- يىلىدا ياۋرۇپادا چاقىرىلغان خەلقئارالىق بىر يىغىندا، شەرىئەتى مۇھەممەدىيەگە (ئە.س.ۋ) دائىر تۆۋەندە يېزىلغان بۇ ئەرەبچە ماقالىنىڭ ئەينىسىنى ئۆز تىللىرىدا سۆزلىگەنىكەن . ئۇ

ئەرەبچە گېزىت نەقىل ئالغان ئىپادىنى ئەينەن يازدۇق . تەرجىمىسىنى ئەرەبچە ئىپادىنىڭ ئاستىغا ئىلاۋە قىلدۇق. «نۇر چەشمىسى» مەجمۇئەسىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان ئەجنەبىي پەيلاسوپلاردىن قىرىق ئۈچ نەپەرنىڭ بايانلىرى، تۆۋەندىكى ئىككى قەھرىمان پەيلاسوپنىڭ بايانى بىلەن قىرىق بەش دانە توغرا گۇۋاھچى بولىدۇ. اَلْفَضْلُ مَا شَهِدَتْ بِهِ اْلاَعْدَاءُ (دۈشمەنلەرمۇ تەستىق قىلغان پەزىلەت ھەقىقىي پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.)

ئەرەبچە گېزىتنىڭ بايانى:

وَقَدْاِعْتَرَفَحَتَّىعُلَمَاءُالْغَرْبِبِسُمُوِّمَبَادِىاْلاِسْلاَمِوَصَلاَحِهَالِلْعَالَمِ ...
قَالَعَمِيدُكُلِّيَّةِالْحُقُوقِبجَامِعَةِفِيينَااْلاُسْتَاذُشَبُولْفِىمُؤْتَمَرِ: الْحُقُوقِيِّينَاالْمُنْعَقَدِفِسَنَةِ
(١٩٢٧) اِنَّاْلبَشَرِيَّةَلَتَفْتَخِرُبِاِنْتِسَابِرَجُلٍكَمُحَمَّدٍ (عصم) اِلَيْهَا
اِذْاِنَّهُرَغْمَاُمِّيَّتِهِاِسْتَطَاعَقَبْلَبِضْعَةِعَشَرَقَرْنًااَنْيَاْتِىبِتَشْرِيعٍسَنَكُونُنَحْنُاْلاَوْرُوبَائِيِّينَااَسْعَدَمَانَكُ
ونُلَوْوَصَلْنَااِلَىقِيْمَتِهِبَعْدَاَلْفَىْعَامٍوَقَالَبَرْنَارْدشَوْ : لَقَدْكَانَدِينُمُحَمَّدٍ (عصم)
مَوْضِعَالتَّقْدِيرِالسَّامِىدَائِمًالِمَايَنْطَوِىعَلَيْهِمِنْحَيَوِيَّةٍمُدْهِشَةٍ◌ِلاَنَّهُعَلَىمَايَلُوحُلِىهُوَالدِّينُالْوَ
حِيدُالَّذِىلَهُمَلَكَةُالْهَضْمِ◌ِلاَطْوَارِالْحَيَاةِالْمُخْتَلِفَةِوَالَّذِىيَسْتَطِيعُلِذٰلِكَاَنْيَجْذِبَاِلَيْهِكُلَّجَيْلٍمِنَالْ
نَّاسِوَاَرَىوَاجِبًااَنْيُدْعَىمُحَمَّدٌ (عصم)
مُنْقِذَاْلاِنْسَانِيَّةِوَاَعْتَقِدُاَنَّرَجُلاًمِثْلَهُاِذَاتَوَلَّىزَعَامَةَالْعَالَمِالْحَدِيثِنَجَحَفِىحَلِّمُشْكِلاَتِهِوَاَحَلَّفِىاْلْ
عَالَمِ السَّلاَمَةَوَالسَّعَادَةَ (يَعْنِىالْمُسَالَمَةَوَالصُّلْحَالْعُمُومِىَّ) وَمَااَشَدَّحَاجَةَالْعَالَمِاَلْيَوْمِاِلَيْهَا

**تەرجىمىسىنىڭ خۇلاسىسى:**

شۇنداق، غەرب ئالىملىرى ۋە پەيلاسوپلىرى ئېتىراپ ۋە ئىقرار قىلغانىكى:

**«ئىسلامىيەتنىڭ قانۇنلىرى، يۈكسەك بىر شەكىلدە ئالەمنى ئىسلاھ قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.»**

ھەم خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق مەجلىسىدە، پۈتۈن قانۇنشۇناسلار توپلانغان بۇ يىغىندا، 1927- يىلى مەجلىس رەئىسى، داڭلىق پەيلاسوپ شەبۇل شۇنداق دېگەن:

**«مۇھەممەدنىڭ (ئە.س.ۋ) ئىنسانىيەتكە تەۋە بولۇشى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت**

**چوقۇم پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ زات، ساۋاتسىز بولۇش بىلەن بىللە، ئون ئۈچ ئەسىر بۇرۇن شۇنداق بىر شەرىئەت كەلتۈردىكى، بىز ياۋرۇپالىقلار ئىككى مىڭ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ قىممىتىگە ۋە ھەقىقىتىگە يېتىشسەك، ئەڭ بەختىيار، ئەڭ سائادەتلىك ھېسابلىنىمىز.»**

**ئىككىنچىسى** ياكى «نۇر چەشمىسى»نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغانلار بىلەن قىرىق بەشىنچىسى بولغان بېرنارد شاۋ شۇنداق دېگەن:

**«مۇھەممەدي (ئە.س.ۋ) دىنىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئالقىش دەرىجىسىگە چىقىشىنىڭ سەۋەبى: ناھايىتى ئاجايىب ۋە ساغلام بىر ھاياتنى تەمىن قىلغانلىقىدۇر. ماڭا ئېچىلغان نەرسە شۇكى، ئۇ دىن يالغۇز، مىسلىسىز، ئوخشىشى يوق بىر دىن بولۇپ، پۈتكۈل ئوخشىمىغان، ئايرىم-ئايرىم ھاياتنىڭ شەكىللىرى ۋە تۈرلىرى ھەزىم قىلالايدۇ. يەنى، ئۇلارنى ئىسلاھ ۋە ئۆزگەرتىش بىلەن ساپلاشتۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ھەم مۇھەممەدنىڭ (ئە.س.ۋ) دىنى شۇنداق بىر دىندۇركى، ئىنسانىنىڭ ئايرىم- ئايرىم، پۈتكۈل مىللەتلىرىنى ئۆزىگە جەلب قىلالايدۇ . مەن كۆرىۋاتىمەن ۋە ئېتىقاد قىلىمەنكى، ئىنسانىيەتكە شۇنداق دېيىش ۋاجىپتۇر: ‹مۇھەممەد (ئە.س.ۋ) ئىنسانىيەتنىڭ خالاسكارىدۇر ۋە خالاسكارلىق نامى، ئۇنىڭغا بېرىلىشى لازىم.›»**

ھەم شۇنداق دەيدۇ:

**«مەن ئېتىقاد قىلىمەنكى، مۇھەممەدنىڭ ئوخشىشى، يەنى ئۇنىڭ ئەخلاقىدىكى، تەرزىدىكى بىر ئادەم ھازىرقى يېڭى ئالەمگە رەئىس بولسا؛ ھۆكۈم يۈرگۈزسە، بۇ يېڭى ئالەمنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ھەل قىلىپ، بۇ يېڭى، چىگىش ئالەمدە ئومۇمي تىنچلىققا ۋە ھاياتي سائادەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنداق، بۇ يېڭى ئالەمنىڭ تىنچلىققا ۋە ھاياتي سائادەتكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ نەقەدەر شىددەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەركىم چۈشىنىدۇ!»** والسلام

## «ئايەتۇل كۇبرا» رىسالىسىنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەققىدىكى ئون ئالتىنچى مەرتىۋىسى

**(ماقام مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەرگە قوشۇلغاندۇر)**

كېيىن ئۇ دۇنيا ساياھەتچىسى ئۆز ئەقلىگە دېدى: مادەم بۇ كائىناتنىڭ مەۋجۇداتلىرى ئارقىلىق مالىكىمنى ۋە ياراتقۇچۇمنى ئىزدەۋاتىمەن . ئۇنداقتا ھەممە نەرسىدىن بۇرۇن بۇ مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ مەشھۇرى، دۈشمەنلىرىنىڭ تەسدىقى بىلەنمۇ ئەڭ مۇكەممىلى، ئەڭ چوڭ قوماندانى، ئەڭ ئاتاقلىق ھاكىمى، سۆز جەھەتتە ئەڭ يۈكسەك، ئەقىل جەھەتتە ئەڭ پارلاق، ئون تۆت ئەسىرنى پەزىلىتى ۋە قۇرئانى ئارقىلىق نۇرلاندۇرغان **مۇھەممەدى ئەرەبى ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى** زىيارەت قىلىش ۋە ئىزدەۋاتقىنىمنى ئۇنىڭدىن سوراش ئۈچۈن سائادەت ئەسرىگە بېرىش لازىم، دەپ ئەقلى بىلەن بىرگە ئۇ ئەسىرگە كىردى . كۆردىكى : ئۇ ئەسىر ھەقىقەتەن ئۇ زات (ئە.س.ۋ) بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ سائادەت ئەسرى بولغان . چۈنكى ئەڭ بەدەۋى ۋە ئەڭ نادان بىر قەۋمنى ئېلىپ كەلگەن نۇرى ۋاستىسى بىلەن، قىسقا بىر زاماندا دۇنياغا ئۇستاز ۋە ھاكىم قىلغاندۇر.

يەنە ئۆز ئەقلىگە دېدى : بىز ئەڭ ئاۋۋال بۇ پەۋقۇلئاددە زاتنىڭ (ئە.س.ۋ) قەدىر-قىممىتىنى، سۆزلىرىنىڭ ھەققانىيىتىنى ۋە خەۋەرلىرىنىڭ توغرىلىقىنى بىر ئاز بىلىشىمىز، ئاندىن ياراتقۇچىمىزنى ئۇنىڭدىن سورىشىمىز لازىم، دەپ ئىزدىنىشكە باشلىدى . ئۇ تاپقان چەكسىز قەتئىي دەلىللەردىن بۇ يەردە پەقەتلا توققۇز ئومۇمىي دەلىلگە قىسقىچە ئىشارەت قىلىنىدۇ.

**بىرىنچىسى:** بۇ زاتتا (ئە.س.ۋ) ھەتتا دۈشمەنلىرىنىڭ تەستىقى بىلەنمۇ پۈتۈن گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ۋە خىسلەتلەرنىڭ بولغانلىقى، ﴿وَ انْشَقَّ الْقَمَرُ﴾ (قەمەر:1)❀﴿وَمَا رَمَيْتَ اِذْ رَمَيْتَ وَلكِنَّ اللّهَ رَمَى﴾ (ئەنفال:17) ئايەتلىرىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى بىلەن، بىر بارمىقىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاينىڭ ئىككى پارچە بولۇشى ۋە بىر چاڭگىلى بىلەن دۈشمەن قوشۇنىغا ئاتقان ئازغىنا تۇپراقنىڭ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ قاچۇرىشى، ھەمدە سۈيى تۈگەپ كەتكەن ئۆز قوشۇنىغا بەش بارمىقىدىن كەۋسەر كەبى ئاققان سۈنى يېتەرلىك مىقداردا ئىچۈرىشىدەك ئىشەنچلىك نەقىل ۋە بىر قىسمى تەۋاتۇر بىلەن يېتىپ كەلگەن يۈزلەرچە مۆجىزىنىڭ ئۇنىڭ قولىدا زاھىر بولۇشىدۇر . بۇ

« مۆجىزىلەردىن ئۈچيۈزدىن كۆپرەك قىسمى ئون توققۇزىنچى مەكتۇپ بولغان مۆجىزاتى ئەھمەدىيە» نامىدىكى ھەيران قالارلىق ۋە كارامەتلىك بىر رىسالىدە قەتئىي دەلىللىرى بىلەن بىللە بايان قىلىنغانلىقتىن ئۇلارنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپ دېدىكى: بۇ قەدەر گۈزەل ئەخلاق ۋە كامالەت بىلەن بىللە، بۇ قەدەر ئېنىق مۆجىزىسى بولغان بىر زات (ئە.س.ۋ) ئەلۋەتتە ئەڭ دۇرۇست سۆزلۈكتۇر. ئەخلاقسىزلارنىڭ ئىشى بولغان ھىيلىگە، يالغانغا، خاتاغا ئۆزىنى چۈشۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

**ئىككىنچىسى:** قولىدا بۇ كائىنات ئىگىسىنىڭ بىر پەرمانى بارلىقى ۋە ئۇ پەرمانى ھەر ئەسىردە ئۈچيۈز مىليوندىن زىيادە ئىنسانلارنىڭ قوبۇل ۋە تەسدىق قىلىشى، ھەمدە ئۇ پەرمان بولغان قۇرئانى ئەزىيمۇششاننىڭ يەتتە جەھەتتىن ھەيران قالارلىق بولۇشىدۇر. بۇ قۇرئاننىڭ قىرىق جەھەتتە مۆجىزە ئىكەنلىكى ۋە كائىنات ياراتقۇچىسىنىڭ كالامى ئىكەنلىكى قۇۋۋەتلىك دەلىللىرى بىلەن « يىگىرمە بەشىنچى سۆز ۋە مۆجىزاتى قۇرئانىيە » ناملىرىدىكى رىسالەئى نۇرنىڭ بىر قۇياشى بولغان مەشھۇر بىر رىسالىدە تەپسىلى بايان قىلىنغانلىقتىن، ئۇنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپ دېدى : بۇ قەدەر دەرىجىدە ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ ئۆزى بولغان بىر پەرماننىڭ تەرجىمانى ۋە تەبلىغچىسى بولغان بىر زاتتا (ئە.س.ۋ) پەرمانغا جىنايەت ۋە پەرمان ئىگىسىگە خىيانەت ھۆكمىدە بولغان يالغانچىلىق بولمايدۇ ۋە مۇمكىن ئەمەس!

**ئۈچىنچىسى:** ئۇ زات (ئە.س.ۋ) شۇنداق بىر شەرىئەت، بىر ئىسلامىيەت، بىر قۇللۇق، بىر دۇئا، بىر دەۋەت ۋە بىر ئىمان بىلەن مەيدانغا چىققانكى، ئۇلارنىڭ مىسلىمۇ بولغان ئەمەس، ھەم بولمايدۇ . ئۇلاردىن تېخىمۇ مۇكەممىلىمۇ بولمىغان، ھەم بولمايدۇ. چۈنكى ساۋاتسىز بىر زات (ئە.س.ۋ) ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان ئۇ شەرىئەت ئون تۆت ئەسىرنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەشتىن بىرىسىنى ئادالەت، ئىنچىكىلىك ۋە ھەققانىيەت بىلەن چەكسىز قانۇنلىرى ئارقىلىق ئىدارە قىلىشىنىڭ مىسلى يوقتۇر.

ھەمدە ساۋاتسىز بىر زاتنىڭ (ئە.س.ۋ) ھەرىكەتلىرى، سۆزلىرى ۋە ئەھۋالىدىن چىققان ئىسلامىيەت، ھەر ئەسىردە ئۈچيۈز مىليون ئىنساننىڭ رەھبىرى ۋە باشلامچىسى، ئەقىللىرىنىڭ مۇئەللىمى ۋە يېتەكچىسى، قەلبلىرىنىڭ نۇرلاندۇرغۇچىسى ۋە تازىلىغۇچىسى، نەفسلىرىنىڭ تەربىيەچىسى ۋە ئىسلاھ قىلغۇچىسى، روھلىرىنىڭ تاكاممۇللىشىشىنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسى بولۇشى جەھەتى بويىچە مىسلى بولالمايدۇ ۋە بولالمىغان . ھەم دىنىدىكى پۈتۈن ئىبادەتنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە ئەڭ ئالدىدا بولۇشى، ھەركىمدىن كۆپرەك تەقۋادار بولۇشى ۋە ﷲ تىن قورقۇشى، ھەمدە پەۋقۇلئاددە دائىمي جىھادلار ۋە

قالايمقانچىلىقلار ئىچىدە ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئىنچىكە سىرلىرىغا قەدەر رىئايە قىلىشى، ھېچكىمنى تەقلىد قىلماستىن دەل مەنىسى بىلەن، باشلامچى بولۇپ بىراق ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە، شۇنداقلا باش ۋە ئاخىرنى بىرلەشتۈرۈپ بىجىرىشى ئەلۋەتتە مىسلى كۆرۈلمەيدىغان ۋە كۆرۈلمىگەن ئىشتۇر.

ھەم مىڭلارچە دۇئا ۋە مۇناجاتلىرىدىن «جەۋشەنۇل كەبىر» بىلەن، شۇنداق بىر رەببانىي مەرىفەت بىلەن، شۇنداق بىر دەرىجىدە رەببىنى سۈپەتلەيدۇكى، ئۇ زاماندىن بىرى كەلگەن ئەھلى مەرىفەت ۋە ئەۋلىيالارنىڭ بىر- بىرىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ مەرىفەت مەرتىۋىسىگە ۋە ئۇ سۈپەتلەش دەرىجىسىگە يېتىشەلمەسلىكى كۆرسىتىدۇكى، دۇئادىمۇ ئۇنىڭ مىسلى يوقتۇر. «مۇناجات» رىسالىسىنىڭ بېشىدىكى جەۋشەنۇل كەبىرنىڭ توقسان توققۇز بۆلىكىنىڭ بىرلا بۆلىكىنىڭ بىر مەنىسى بايان قىلىنغان يەرگە قارىغان ئادەم جەۋشەننىڭمۇ مىسلى يوق ئىكەن دەيدۇ.

ھەم پەيغەمبەرلىك تەبلىغىدا ۋە خەلقنى ھەققە دەۋەت قىلىشتا شۇ قەدەر دەرىجىدە مۇستەھكەملىك، چىدامچانلىق ۋە جاسارەت كۆرسەتكەنكى، چوڭ دۆلەتلەر ۋە چوڭ دىنلار، ھەتتا قەۋم ۋە قەبىلىسى ھەمدە تاغىسى ئۇنىڭغا قاتتىق ئاداۋەت قىلسىمۇ، زەررە مىقدار بىر ئىككىلىنىش، ئالاقزادىلىك ۋە قورقۇنچ كۆرسەتمەسلىكى، ئۆزى يالغۇز پۈتۈن دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىشى ۋە ئۇتۇپ چىقىشى،شۇنداقلا ئىسلامىيەتنى دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىشى ئىسپات قىلىدۇكى، تەبلىغ ۋە دەۋەتتىمۇ مىسلى بولغان ئەمەس ۋە بولالمايدۇ.

ھەم ئىماندا، پەۋقۇلئاددە بىر قۇۋۋەت، ھەيران قالارلىق بىر ئىشەنچ، مۆجىزىلىك بىر تەرەققى ۋە جاھاننى نۇرلاندۇرغان بىر ئېتىقاد ئېلىپ يۈرگەنكى، ئۇ زاماننىڭ ھۆكۈمرانى بولغان، پۈتكۈل پىكىرلەر ۋە ئەقىدىلەر، پەيلاسوپلارنىڭ ھىكمەتلىرى ۋە باشقا دىن رەئىسلىرىنىڭ ئىلىملىرى ئۇنىڭغا قارشى، زىت ۋە مۇخالىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ نە ئىشەنچىسىگە، نە ئېتىقادىغا، نە قانائىتىگە ۋە نە قارارىغا ھېچبىر شۈبھە، ھېچبىر ئىككىلىنىش، ھېچبىر بوشاش ۋە ھېچبىر ۋەسۋەسە بەرمەسلىكى، ھەمدە مەنىۋىياتتا ۋە ئىمان مەرتىۋىلىرىدە تەرەققى قىلغان باشتا ساھابىلەر بولۇپ بارلىق ئەۋلىيالار ئۇنىڭ ئىمان مەرتىۋىسىدىن ھەر ۋاقىت فەيز ئېلىشلىرى ۋە ئۇنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۆرۈشلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى ئىمانىمۇ مىسلىسىزدۇر.

ئەنە شۇنداق مىسلىسىز بىر شەرىئەت، ئوخشاشسىز بىر ئىسلامىيەت، تەڭداشسىز بىر ئىبادەت، پەۋقۇلئاددە بىر دۇئا، ئالەمشۇمۇل بىر دەۋەت ۋە

مۆجىزىلىك بىر ئىمان ئىگىسىدە، ئەلۋەتتە ھېچبىر جەھەتتە يالغانچىلىق بولمايدۇ، ئالدىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ چۈشەندى ۋە ئەقلىمۇ تەستىق قىلدى.

**تۆتىنچىسى:** پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ (ئەلەيھىمۇسسالام) بىردەك ﷲنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە غايەت قۇۋۋەتلىك بىر دەلىل بولغىنىدەك، ئوخشاشلا، بۇ زاتنىڭ (ئە.س.ۋ) توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەرلىكىگە غايەت ساغلام بىر شاھادەتتۇر. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ (ئەلەيھىمۇسسالام) توغرىلىقىنى ۋە پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسەتكەن نە قەدەر مۇقەددەس سۈپەتلەر، مۆجىزىلەر ۋە ۋەزىپىلەر بار بولسا، بۇ زاتتا (ئە.س.ۋ) ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە تارىخ ئىسپاتتۇر . دېمەك ئۇلار تىلى بىلەن سۆزلەپ تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە باشقا سەھىپىلىرىدە بۇ زاتنىڭ (ئە.س.ۋ) كېلىدىغانلىقىنى ئىنسانلارغا خۇشخەۋەر بېرىشكىنىدەك، (ئۇ مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئۇ خۇشخەۋەرلىك ئىشارەتلىرىدىن يىگىرمىدىن كۆپرەك ۋە ناھايىتى ئوچۇق قىسمى ئون توققۇزىنچى مەكتۇپتا ناھايىتى ياخشى شەكىلدە بايان ۋە ئىسپات قىلىنغان.) ئوخشاشلا ھال تىللىرى ئارقىلىق، يەنى پەيغەمبەرلىكلىرى ۋە مۆجىزىلىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مەسىلەكلىرىدە ۋە ۋەزىپىلىرىدە ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولغان بۇ زاتنى تەستىق قىلىپ دەۋاسىغا ئىمزا بېسىشىدۇ. سۆزلىرى ۋە بىردەكلىكلىرى ئارقىلىق ﷲنىڭ بىرلىكىگە دەلالەت قىلغىنىدەك، ھال تىلى ۋە ئورتاقلىقلىرى ئارقىلىقمۇ بۇ زاتنىڭ سادىقلىقىغا شاھادەت قىلىشىدۇ دەپ چۈشەندى.

**بەشىنچىسى:** بۇ زاتنىڭ دەستۇرلىرى ۋە تەربىيەسى بىلەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئارقىسىدىن مېڭىش ئارقىلىق ھەققە، ھەقىقەتكە، كامالەتكە، كارامەتكە، كەشپىلەرگە ۋە مۇشاھەداتقا* يېتىشكەن مىڭلارچە ئەۋلىيا ﷲ نىڭ بىرلىكىنى دەلىللىگىنىدەك، ھەممىسىنىڭ ئۇستازى بولغان بۇ زاتنىڭ سادىقلىقىغا ۋە پەيغەمبەرلىكىگە بىردەك ۋە ئورتاق ھالدا شاھادەت قىلىشىدۇ . شۇنداقلا غەيب ئالىمىدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئەۋلىيالىق نۇرى بىلەن كۆرۈشلىرى ۋە ھەممىسىنىڭ ئىمان نۇرى بىلەن يا ئىلمەلىيەقىن، يا ئەينەلىيەقىن، ۋەياكى ھەققەلىيەقىن سىرىتىدە ئېتىقاد ۋە تەستىق قىلىشلىرى، ئۇستازى بولغان بۇ زاتنىڭ ھەققانىيەت ۋە سادىقىيەت دەرىجىسىنى قۇياش كەبى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆردى.

*مۇشاھەدات: ئەۋلىيالارنىڭ غەيبىي سىرلارنى ﷲنىڭ ئېھسانى بىلەن كۆرىشى.- ت

**ئالتىنچىسى:** بۇ زاتنىڭ ساۋاتسىزلىقى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن مۇقەددەس ھەقىقتى، ئوتتۇرىغا قويغان ئالى ئىلمى ۋە ئاچقان ئىلاھىي مەرىفەتلىرىنىڭ دەرس ۋە تەلىمى بىلەن، ئىلىم مەرتىۋىسىدە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىگە يېتىشكەن مىليونلارچە ئىنچىكە نەزەرلىك ئەسفىيالار، ھەقىقەتچىل سىددىقىينلار ۋە داھى بولغان ئالىم مۆئمىنلەر، بۇ زاتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەۋاسى بولغان تەۋھىدنى قۇۋۋەتلىك دەلىللەر ئارقىلىق بىردەك ئىسپات ۋە تەستىق قىلىشقانلىقلىرىدەك، بۇ ئۇلۇغ مۇئەللىمنىڭ ۋە بۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ھەققانىيىتىگە ۋە سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئورتاق گۇۋاھ بولۇشلىرى، پەيغەمبەرلىكىنىڭ ۋە سادىقىيىتىنىڭ كۈندۈزدەك بىر پاكىتىدۇر. مەسىلەن، رىسالەئى نۇر يۈزلەرچە پارچىسى بىلەن بۇ زاتنىڭ سادىقىيەتىنىڭ بىرلا دەلىلىدۇر.

**يەتتىنچىسى:** ئال (ئائىلە- تاۋابات) ۋە ساھابە نامىدا، ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن پاراسەت، ئىدراك ۋە كامالەت بويىچە ئەڭ مەشھۇرى، ئەڭ مۆھتەرەمى، ئەڭ نامدارى، ئەڭ دىندارى ۋە ئەڭ ئۆتكۈر نەزەرلىكى بولغان چوڭ تائىپىسى، كامالى ئىشتىياق بىلەن، غايەت دىققەت بىلەن ۋە چەكسىز دەرىجىدىكى ئەستايىدىللىق بىلەن بۇ زاتنىڭ بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ھاللىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى ۋە ۋەزىيەتلىرىنى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ زاتنىڭ دۇنيادا ئەڭ سادىق، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ھەقلىق ۋە ھەقىقەتلىك ئىكەنلىكىگە قارىتا بولغان بىردەك ۋە ئورتاق ھالدىكى تەۋرەنمەس تەستىقلىرى ۋە قۇۋۋەتلىك ئىمانلىرى قۇياشنىڭ زىياسىغا دەلالەت قىلغان كۈندۈز كەبى بىر دەلىلدۇر، دەپ چۈشەندى.

**سەككىزىنچىسى:** بۇ كائىنات، خۇددى بىر سارايدەك، بىر كىتابتەك، بىر كۆرگەزمىدەك ۋە بىر سەيلىگاھتەك ئۆزىنى ئىجاد ۋە ئىدارە قىلغان، تەرتىپكە سالغان ۋە سۈرەتلىگەن، ئورۇنلاشتۇرغان ۋە باشقۇرىۋاتقان سەنئەتكارىنىڭ، يازغۇچىسىنىڭ ۋە نەققاشىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. شۇنىڭدەكلا، كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئىلاھىي مەقسەتلەرنى بىلدىغان ۋە بىلدۈرىدىغان، ئۆزگۈرۈشلىرىدىكى رەبباني ھىكمەتلەرنى تەلىم بېرىدىغان، ۋەزىپە ۋە ھەرىكەتلىرىدىكى نەتىجىلەرنى دەرس بېرىدىغان، ماھىيىتىدىكى قىممىتىنى، ئىچىدىكى مەۋجۇداتنىڭ كامالىتىنى ئېلان قىلىدىغان، ھەمدە ئۇ چوڭ كىتابنىڭ مەنىلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان بىر يۈكسەك ۋاستىچى، بىر دۇرۇست تەھقىقچى، بىر ھەقىقەتچىل ئۇستاز ۋە بىر سادىق مۇئەللىم خالايدىغانلىقى، تەقەززا قىلىدىغانلىقى ۋە چوقۇم بولۇشنى كۆرسىتىدىغانلىقى جەھەتى بىلەن، ئەلۋەتتە بۇ ۋەزىپىلەرنى ھەركىمدىن

مۇكەممەل قىلغان بۇ زاتنىڭ ھەققانىيىتىگە ۋە بۇ كائىنات ياراتقۇچىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋە سادىق بىر خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت قىلغانلىقىنى بىلدى.

**توققۇزىنچىسى:** مادەم بۇ سەنئەتلىك ۋە ھېكمەتلىك سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ھۈنەرلىرىنى ۋە سەنئەتكارلىقىنىڭ كامالىتىنى كۆرسىتىش، بۇ گۈزەل ۋە زىننەتلىك چەكسىزلىگەن مەخلۇقاتى ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇتۇش ۋە سۆيدۈرۈش، بۇ لەززەتلىك ۋە قىممەتلىك چەكسىز نېمەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە مىننەتدارلىق ۋە ھەمدۇ- سانا قىلدۇرۇش، ھەمدە بۇ شەپقەتلىك ۋە ئومۇمىي بولغان تەربىيىلەش ۋە بېقىشلىرى ئارقىلىق، ھەتتا ئېغىزلارنىڭ ئەڭ ئىنچىكە زوقلىرىنى، ئىشتىھالىرىنىڭ ھەر تۈرىنى قاندۇرىدىغان بىر سۈرەتتە تەييارلىغان رەببانىي تائاملار ۋە زىياپەتلەر ئارقىلىق ئۆز رۇبۇبىيىتىگە قارىتا مىننەتدارلىق بىلەن، شۈكۈر بىلەن ۋە مۇھەببەت بىلەن ئىبادەت قىلدۇرۇش، شۇنداقلا پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى، كېچە- كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىدەك ھەشەمەتلىك ۋە يۈكسەك تەسەررۇپلار ۋە ئىجرائىيەتلەر، دەھشەتلىك ۋە ھېكمەتلىك پائالىيەت ۋە خەللاقىيەت (ياراتقۇچىلىق) ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇ ئىلاھلىققا قارىتا ئىمان، تەسلىم ۋە ئىتائەت بىلەن جاۋاپ قايتۇرغۇزۇش، ھەر ۋاقىت ياخشىلىقنى ۋە ياخشىلارنى ھىمايە قىلىش، يامانلىقنى ۋە يامانلارنى گۇمران قىلىش ۋە ساماۋى جازالار ئارقىلىق زالىملارنى ۋە يالغانچىلارنى ھالاك قىلىش بىلەن ھەققانىيەت ۋە ئادالىتىنى كۆرسىتىشنى خالىغان پەردە ئارقىسىدا بىرسى بار. ئۇنداقتا ئەلۋەتتە ئۇ غەيبىي زاتنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك مەخلۇقى، ئەڭ دۇرۇست قۇلى، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى مەقسەتلىرىگە دەل خىزمەت قىلىپ كائىناتنىڭ يارىتىلىشىنىڭ تىلسىمىنى ۋە سىرىنى ئاچقان، دائىما ئۇ ياراتقۇچىنىڭ نامىدىن ھەرىكەت قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت خالىغان، مۇۋەپپىقىيەت تىلىگەن، ھەمدە ئۇنىڭ تەۋپىق ۋە ياردىمىغا ئىگە بولغان مۇھەممەدى قۇرەيشىي دېيىلگەن بۇ زات بولىدۇ. (ئە.س.ۋ)

ھەم ئەقلىگە دېدى: مادەم بۇ مەزكۇر توققۇز ھەقىقەت بۇ زاتنىڭ سادىقلىقىغا شاھادەت قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئەلۋەتتە بۇ ئادەم، بەنى ئادەمنى (ئادەم باللىرىنى) شەرەپكە ۋە بۇ ئالەمنى سۆيۈنچكە ئىگە قىلدۇ. ۋە ئۇنى « فەخرى ئالەم» ۋە «شەرەفى بەنى ئادەم» دېيىش بەكمۇ لايىقتۇر . شۇنداقلا ئۇنىڭ قولىدىكى رەھمانىي پەرمان بولغان قۇرئانى مۆجىزۇلبايانىنىڭ مەنىۋى سەلتەنىتىنىڭ ھەشەمىتى يەرنىڭ يېرىمىنى ئىگەللىشى، ھەمدە شەخسىي كامالىتى ۋە يۈكسەك خىسلەتلىرى كۆرسىتىدۇكى، بۇ ئالەمدە ئەڭ مۇھىم زات ئۇدۇر، ياراتقۇچىمىز ھەققىدە ئەڭ مۇھىم سۆز ئۇنىڭدۇر.

ئەمدى كەل قارا! بۇ ھەيران قالارلىق زاتنىڭ يۈزلەرچە ئوچۇق ۋە قەتئىي مۆجىزىلىرىنىڭ قۇۋۋىتىگە ۋە دىنىدىكى مىڭلارچە ئالى ۋە ئاساسلىق ھەقىقەتلىرىگە تايىنىپ، پۈتۈن دەۋالىرىنىڭ ئاساسى، ھەممە پۈتۈن ھاياتىنىڭ غايىسى ۋاجىبۇل ۋۇجۇدنىڭ (ﷲنىڭ) بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە ئىسىم- سۈپەتلىرىگە دەلالەت ۋە شاھادەتتۇر، ئۇ ۋاجىبۇل ۋۇجۇدنى ئىسپاتلاش، جاكارلاش ۋە بىلدۈرۈشتۇر.

دېمەك بۇ كائىناتنىڭ مەنىۋى قۇياشى ۋە ياراتقۇچىمىزنىڭ ئەڭ پارلاق بىر دەلىلى بۇ ھەبىبۇللاھ* دېيىلگەن زاتتۇركى، ئۇنىڭ شاھادىتىنى كۈچلەندۈرگەن، تەستىق قىلغان ۋە ئىمزالىغان ئالدانماس ۋە ئالدىماس ئۈچ چوڭ جامائەت بار:

بىرىنچىسى: «ئەگەر غەيب پەردىسى ئېچىلسا ئېتىقادىم زىيادىلەشمەيدۇ.» دېگەن ئىمامى ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)، ھەممە يەردە تۇرۇپ ئەرشى ئەزەمنى ۋە ئىسرافىلنىڭ بۈيۈك كۆرىنىشىنى كۆزەتكەن غەۋسۇل ئەزەمدەك (قۇددىسە سىررۇھۇ) كەسكىن نەزەر ۋە غەيىپ كۆرەر كۆزلىرى بولغان مىڭلارچە ئاقتاب ۋە چوڭ ئەۋلىيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالى مۇھەممەد (ئائىلە تاۋاباتى) دېيىلىدىغان ئالەمگە مەشھۇر نۇراني جامائەتنىڭ ئورتاق تەستىقلىرىدۇر.

ئىككىنچىسى: بەدەۋىي بىر قەۋم ۋە ساۋاتسىز بىر مىللەتتە ئىجتىمائىي ھايات ۋە سىياسىي پىكىرلەردىن خالى بولغان، كىتابسىز ۋە فەترەت (پەيغەمبەرسىزلىك) ئەسىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا يۈرگەن، بىراق ناھايىتى قىسقا بىر زاماندا ئەڭ مەدەنىي ۋە مەلۇماتلىق، ھەممە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتتا ئەڭ ئۈستۈن دېيىلگەن مىللەتلەرگە ۋە ھۆكۈمەتلەرگە ئۇستاز، رەھبەر، دىپلۇمات ۋە ئادىل ھاكىم بولۇپ شەرقتىن غەرپكە قەدەر ھەر تەرەپنى ئىدارە قىلغان ۋە «ساھابە» نامى بىلەن دۇنيادا شۆھرەت قازانغان مەشھۇر جامائەتنىڭ بىردەك ھالدا جان ۋە ماللىرىنى، قەۋم ۋە ئاتىلىرىنى پىدا قىلغۇزغان بىر قۇۋۋەتلىك ئىمان بىلەن تەستىق قىلىشلىرىدۇر.

ئۈچىنچىسى: ھەر ئەسىردە مىڭلارچىسى بولغان ۋە ھەر پەندە داھىلارچە ئۈستۈنلۈك قازانغان، تۈرلۈك مەسىلەكلەردە بولغان ۋە ئۈممىتىدە يېتىشكەن چەكسىزلىگەن ھەقشۇناس ۋە كامىل ئۆلىمالار چوڭ جامائىتىنىڭ بىردەكلىك بىلەن ئىلمەليەقىن دەرىجىسىدىكى تەستىقلىرىدۇر.

---

*ھەبىبۇللاھ: ﷲ سۆيگەن زات (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام).- ت

دىمەك بۇ زاتنىڭ تەۋھىدكە شاھادىتى شەخسىي ۋە جۇزئىي ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي، تەۋرەنمەس ۋە پۈتۈن شەيتانلار يىغىلسىمۇ قارشى چىقالمايدىغان بىر شاھادەتتۇر، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

مانا بۇ سائادەت ئەسرىدە ئەقلى بىلەن بىللە ساياھەت قىلغان دۇنيا مېھمىنى ۋە ھايات يولۇچىسىنىڭ، ئۇ نۇرانىي مەدرىسىدىن ئالغان دەرسكە قىسقا بىر ئىشارەت قاتارىدا بىرىنچى مەقامنىڭ ئۇن ئالتىنچى مەرتىۋىسىدە شۇنداق دېيىلگەن:

لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ الْوَاجِبُ الْوُجُودِ اَلْوَاحِدُ اْلاَحَدُ الَّذِى دَلَّ عَلَى وُجُوبِ وُجُودِهِ فِى وَحْدَتِهِ فَخْرُ الْعَالَمِ وَ شَرَفُ نَوْعِ بَنِى آدَمَ بِعَظَمَةِ سَلْطَنَةِ قُرْآنِهِ وَ حَشْمَةِ وُسْعَةِ دِينِهِ وَ كَثْرَةِ كَمَالاَتِهِ وَ عُلْوِيَّةِ اَخْلاَقِهِ حَتَّى بِتَصْدِيقِ اَعْدَائِهِ وَ كَذَا شَهِدَ وَ بَرْهَنَ بِقُوَّةِ مِآتِ مُعْجِزَاتِهِ الظَّاهِرَةِ الْبَاهِرَةِ الْمُصَدِّقَةِ الْمُصَدَّقَةِ وَ بِقُوَّةِ آلاَفِ حَقَائِقِ دِينِهِ السَّاطِعَةِ الْقَاطِعَةِ بِاِجْمَاعِ آلِهِ ذَوِى اْلاَنْوَارِ وَ بِاِتِّفَاقِ اَصْحَابِهِ ذَوِى اْلاَبْصَارِ وَ بِتَوَافُقِ مُحَقِّقِى اُمَّتِهِ ذَوِى الْبَرَاهِينِ وَ الْبَصَائِرِ النَّوَّارَةِ

تامام